
# NEW JADE LITERATURE



# يېڭى قاشتېشى

1999 · 4

ISSN 1002-9206



شائىر تەجەللى ئىسمايىل ھاجىم ھوزۇرىدا

**يېڭى قاشتېشى** 1999 - يىل 4 - سان

قوش ئايلىق ژۇرنال ئومۇمىي 108 - سان

# بۇ ساندا

## پوۋېست

چالا ئويىنالغان شاھمات ...... مەتقۇربان مەتروزى 32

## ھېكايىلار

ئىسمائىل ھاجى ھوزۇرىدا ...... مۇھەممەتئەلى مەمتىمىن 1
كېچىكتۈرۈلگەن مىيت نامىزى ...... تەۋەككۇل تۇردى 11
ئەركىنلىك ۋە مۇھەببەت ...... ئابلەت ئىمىن 20
ئىككى ھېكايە ...... ئەركىن مەتتۇرسۇن 47
سەيدەك (Ⅱ) ...... ھەببە مەمەتئەيسا 49
قوزا ماجىراسى ...... ئابلىكىم ئابلىمىت 60
يواداش ياۋاش ...... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 65
ئۈنىڭ كۆز يېشى ...... دىلنۇر ئابلىز 70

## نەسرلەر

ئىلتىجا ...... ئالىم ھاشىم 68
ئىككى نەسر ...... مۇتەللىپ ماگسۇر (ئۇۋچى) 69

## ئەدەبىي ئاخبارات

ئۇ، 30 يىلنى شۇنداق ئۆتكۈزدى ...... مۇيەسسەرجان قۇربانىنىياز 77

## شېئىرلار

تاغدىن - باغدىن تۈزگەن نەزمىلەر ...... ئابدۇقادىر سادىر 24
شېئىرلار ...... مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي) 29
كۆكۈل سۈرەتلىرى ...... نامانجان تۇرسۇن 28
شېئىرلار ...... ئەنۋەر ھىدايەت 29
شېئىرلار ...... مەتتۇرسۇن ھەسەن 30
شېئىرلار ...... ئابدۇقادىر مەتسىدىق 31
ئىككى شېئىر ...... ئابدۇللا سۇلايمان 51
رۇبائىيلار ...... ئەھەدى 53
ئاچچىق - چۈچۈك دەرمىلەر ...... مۇختار سوپۇرگى 54
غەزەللەر ...... تۇرسۇنىياز ئابدۇللا 55
دەرتلىك كۈيلىتلار ...... ئابلىمىت مىجىت (ۋاپادار) 56
غەزەللەر ...... جوپانى 57

ئىككى شېئىر ........................ ئابدۇللا ئەخمەت 58
سېنى دەپ ........................ مامۇت ئۆمەر 59
بىلىپ قوي ........................ توختىتۆمۈر روزىنىياز 59
ئىككى شېئىر ........................ تۇراپ ھېيت(دەۋرانى) 91
ئىككى شېئىر ........................ ھاۋاخان ئەخمەت 91
رۇبائىلار ........................ پىدائى 92
دوستلارغا سالام ........................ تۇرسۇنگۈل نىياز 93
دېھقان سۈرىتى ........................ ئەنۋەر توختى 93

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ئەپچىل چارە ........................ خېربېرت رانىنىك(گېرمانىيە) 86

## كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن

ئەھمەتشاھ قاراقاشىنىڭ«پۇل» ناملىق ھەجۋى ئەسىرى ........................ مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق 94

مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: نىران قىزى

تەھرىر ھەيئەتلەر: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئېلىندى) ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابدۇللا مەمتىمىن، سىدىق قاۋۇز، مۇھەممەت چاۋار، مەمتىمىن سابىر، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مىجىت باقى، روزى سايىت

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇھەممەت چاۋار
باش مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مەسئۇل كوررېكتورى : تۇرسۇنجان مۇھەممەت
قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان

# يېڭى قاشتېشى 新玉文艺

# NEW JADE LITERATURE

一九九九年　(双月刊)
编辑:《新玉文艺》编辑部
出版:和田行署文化处
和田报社印刷厂印
发行:和田地区邮电局
订阅:全国各地邮电局
印张:787×1092,1/16,6.125张
国内外统一刊号:
ISSN 1002—929XCN 65—1074/1
代号:58—26


1999 ـ يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى 1092 × 787 م م، 16 / 1، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929 X CN 65 — 1074 / 1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58

定价:2.00元,电话: 2023792

باھاسى: 2.00 يۈەن، تېلېفون نومۇرى: 2023792

مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن

# ئىسمائىل ھاجىم ھۇزۇرىدا



(تارىخىي ھېكايە)

ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، ساقال - بۇرۇتلىرى قويۇق، قىرىق بەش ياشلاردىكى بۇ كىشى مۇشۇ ئائىلىنىڭ غوجىدارى ئەمەت ئاخۇن ئىدى. ئۇ توختىنىڭ يىراقتىن - تاغ ئارقىسىدىكى «قارا سۇ» دىن كىرگەنلىكىنى ئويلىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ ماتا كۆڭلەك ئىچىدىكى ئورۇق گەۋدىسى، بالىلىقنىڭ ئىزناسى كەتمىگەن تورگۇن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىدىمۇ «ئەستا، بۇ دېگەن ھېيت تۇرسا، يەنە كېلىپ قوشتاغدىن چىققان ئېزىز مېھمان بار، باشقا چاغدا كەلسەڭلار بولماسمۇ ئۇكىلىرىم» دەپ غوتۇلداپ قويدى - يۇ، بېزىنى باشلاپ باغ تەرەپكە ماڭدى.

شۇ يىلى توختى مەندىن 4 ياش كىچىك، 16 ياشقا كىرگەن. ئانىسى جەمىلەخان ئاچام كېسەلچان، ئىككى ئاچىسى ياتلىق بولۇپ كەتكەن. ئۇكىسى روزى تېخى كىچىك بولغاچقا، پۈتۈن ئائىلىنىڭ يۈكى زىممىسىگە چۈشۈپ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا راسا پىشقان. ئادەتتىكى چاغلاردا قىلىقلىرى سالماق، گەپ - سۆزلىرى ۋەزمىن ئىدى. ئەمما ئۇ ھازىر باشقىچە، ھاۋانىڭ سالقىن بولۇشىغا قارىماي ماڭلىيىدىن تەر تەپچىرەپ چىققان، سېرىق چىرايى جىددىلىكتىن سەل تاتارغان ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ قولۇمنى تۇتۇۋالدى. يىرىك ئالقىنى قىزىق ھەم بوش تىترەۋاتاتتى. مەن «قورقما» دېگەندەك ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ قويدۇم-يۇ، ئۇنىڭ ھاياجىنى ماڭا ئۆتۈپ يۈرىكىم ئىتتىك سوقۇشقا باشلىدى. راست ئەمەسمۇ، دائىم شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان قاش ئېرىق بويىدىكى نەقىشلىك يوغان دەرۋازا، ماھىر ئۇستىلار تەرىپىدىن ئاللاھنىڭ مۇبارەك

ئىسمى ئويۇلۇپ گۈل چىقىرىلغان ئۇزۇن سالاسۇنلۇق پېشايۋان، پېشايۋان ئاستىدىكى غېرىپ - مىسكىنلەر كېكىرىپ، دەۋا - دەستۇر بىلەن كەلگەنلەر كۈلۈشۈپ چىقىپ كېتىدىغان، شائىر - ئۆلىمالار، سودىگەر - سەيياھلار، ھەتتا يايى - دورغىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ياسىداق ئايۋان - سارايلار، بولۇپمۇ بۇ روزىغار ئىگىسىنىڭ جاھانغا پۇر نامى - شۆھرىتى، توختىدەك تۈنجى قەدەم باسقان ئادەم تۇگۈل، ئىلىم خۇمار تۇغقانلىرىمنىڭ مېھماندارچىلىقىغا چاقىرىش ئۈچۈن پات - پات كىرىپ تۇرىدىغان مېنىمۇ سۈر باستۇراتتى.

ئىككىلەن ئەمەت ئاخۇنغا ئەگىشىپ باغ ئىشىكىدىن ئۆتۈپ، قويۇق ھەم ئېگىز ئۆسكەن نەشپۈت دەرەخلىرىنى ئارىلاپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاققا قاراپ ماڭدۇق. باغ ئالاھەزەل ئون موچە بولۇپ، چوڭلۇقى ھەم دەرەخنىڭ كۆپلۈكىدىن چېتى كۆرۈنمەيتتى. دەرەخلەر ئەتيازنىڭ ئىللىق شامىلىنىڭ سىپاشلىرىدىن قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشقا باشلىغان. تېرەكلەر پوتلا چىقىرىپ، ئۆرۈكلەر قوماچ بولغان، ئېرىق بويلىرىدا كوكاتلار يىڭنىدەك باش چىقارغان ئىدى. چوڭلۇقى ئايۋاندەك كېلىدىغان، ئالتە تۈۋرۈكلۈك، پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىپ نەقىش چىقىرىپ سىرلانغان سەككىز گەز ئېگىزلىكتىكى راۋاق ۋە ئۇنىڭ يۇمىلاق قۇببىسى كەچكى قۇياش نۇرىدا دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن چوخچىيىپ كۆرۈنەتتى. قورۇق ئىگىسى ياز كۈنلىرى يېزىقچىلىق قىلىدىغان ھەم خاس مېھمانلىرىنى باشلايدىغان بۇ راۋاققا يېقىنلاۋېتىپ، راۋاق ئىچىدىكى ئايلانما سۇپىدا ئولتۇرغانلارغا سەپسالدىم:

ئەمەت ئاخۇن ئېيتقان «قوشتاغدىن چىققان ئېزىز مېھمان» شۇ بولسا كېرەك. تۆردە ئورۇق، بوغداي ئۆڭ، يۈزى سوقىراق كەلگەن، ساقال - بۇرۇتى قىسقا ياسىتىلغان، سەرپۇش تۇماق كىيگەن قىرىق ياشلاردىكى بىر ئادەم بىلەن ئونبەش ياشلاردا بار سېمىز بىر ئوغۇل بالا، ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە بۇرۇتلۇق، چىرايى سېرىقراق كەلگەن، ئورۇق، 27 — 28 ياشلاردا بار بىر يىگىت چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. يىگىت ئۆي ئىگىسىنىڭ يېقىن دوستى ھەم شاگىرتى، ئۇستازىنىڭ پاناھىغا ئېلىشى بىلەن قوشتاغدىن كۆچۈپ چىققىلى ئۇزۇن بولمىغان، مۇشۇ ھويلا ئىچىدىكى كىچىك مەسچىت مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇم ① ئىدى. ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى، ئەل ئىشىدا راستچىل، سەمىمىيلىكى بىلەن ئاددىي خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، بالا ئوقۇتۇشتىكى چىۋەرلىكى بىلەن بىر قىسىم موللىلارنىڭ ھەسەت ئوقلىرىغا نىشان بولغان، سول پۇتى مېيىپ بولغاچقا، بىر دانە قولتۇق تايىقىنى دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان بۇ كىشىنىمۇ نەزمە يازىدۇ، دېيىشەتتى. مەن «ئۆلباغ» لىق تالىپ باللاردىن بۇ كىشىنىڭ:

گۆش بىلەن پولو يېمەك غېرىسلاتماقتا،
ئارغىماق مىنمەك مەقسەت پىرقىراتماقتا.
بىر خامغا ئېلىپ بەگلەر پۇقرا قىزىنى،
ئاتا - ئانا، سەبىنى قىرقىراتماقتا.

دېگەن نەزمىسىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا يۇمىلاق يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان چىرايى ئاق سېرىق، ساقال - بۇرۇتلىرى قوڭۇر، ۋۇجۇدى نازۇك ھەم ئورۇقراق كەلگەن، گۈللۈك شاپاق دوپپا كىيگەن، 60 ياشلاردىكى بىر بوۋاي ئۇلارغا نېمىدۇر بىر نەرسە توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتاتتى. بۇ كىشى — ئىسمائىل ھاجىم ئىدى.

بىز كىچىككىرەك بىر كۆلچەكتىن ئەگىپ ئۆتۈپ، راۋاقنىڭ جەنۇبقا قارىتىلغان ئىشىكى

① سەيد ئەھمەد ئېبنى تائىپ (1908 — 1950)، تەخەللۇسى ئەھمەدى، «مەشۇقىستان» ناملىق لىرىك غەزەللەر دىۋانىنىڭ مۇئەللىپى.

تۇۋىدە توختىدۇق. ئەمەت ئاخۇن پەلەمپەيدىن ئۆرلەپ راۋاققا كىردى-دە، ھاجىمنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. ھاجىم گەپتىن توختاپ بىزگە قارىدى ۋە قولىنى ئىما قىلىپ ئىنچىكە، ئىللىق ئاۋازدا:

— ھە، مەستىمىنخانىمۇ① سىز، كېلىڭ، كېلىڭ، بۇياققا ئۆتۈڭ، — دېدى.

مەن توختىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئالدىم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم! — ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا سالامىمنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن قوزغالدى. توختى ئىككىمىز راۋاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھاجىمدىن باشلاپ ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ سۇپىغا چىقىپ ئورۇن ئالدۇق. ئەمەت ئاخۇن بىر ياندىكى شىرە ئۈستىدىن پىيالە ئېلىپ كېلىپ بىزگە چاي قۇيدى. ھاجىم ئوڭ قولى بىلەن داستىخاننى شەرەتلەپ:

— قېنى ئېلىڭلار بالىلىرىم، تارتىنماڭلار، -دېدى.

بىز چاينى قولىمىزغا ئېلىشىمىزغا شەيىد ئەھمەد ئاخۇنۇم:

— ھەي، چاينى قويۇپ گۆش يەڭلار، ھېيتتا گۆش يېگۈلۈك، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— راست، — دېدى تۆردە ئولتۇرغان كىشىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى بىلەن جىددىلەشكەن نېرۋىمىز بوشاپ داستىخانغا قول سۇندۇق. داستىخان توقاچ نان، نېپىز نان، ساڭزا ۋە تۈرلۈك قورۇق يېمىشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن، ئوتتۇرىدىكى تاۋاقتا پىششىق گۆش بار ئىدى. ئىككىمىز بىر تالدىن قوۋۇرغا ئېلىپ يېيىشكە باشلىدۇق. ھاجىم ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرغان ئەمەت ئاخۇنغا قاراپ:

— پىشتىمۇ؟ — دېدى.

ئەمەت ئاخۇن ئۈندىمەي ئۆرۈلۈپ راۋاقتىن چۈشۈپ كەتتى. بىز دەماللىققا كېلىش مەقسىتىمىزنى ئېيتالماي، تەرلەپ - تەپچىرەپ ئۇنى - بۇنى يېگەن بولۇپ ئولتۇردۇق. ھاجىم بىزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بايا ئۈزۈلۈپ قالغان پاراڭنى باشلىدى:

— ئەمەت ئاخۇندىن ئۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىم غەزەپ كەلدى. مەن ئىسمائىل ھاجى ئەلنىڭ غېمىنى يەپ، نۇرغۇن ھەرەج تارتىپ كۆۋرۈك سالاي، سەن ئايۇپ ئاخۇن موللا تۇرۇپ، كۆۋرۈك سېلىشنىڭ قانچىلىك ساۋاب ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بىر تال تېرەكنى مەندىن ئايا. بىكارغا بەر، دېمىدىمغۇ، پۇلغا ئالاي، تېرەكنى كەسكەندە يېتىپ كەتكەن قوناقلىرىڭنى تۆلەپ بېرەي، دېدىم. تېرەكنىڭ يوغان ھەم ئېگىزلىكى-نى، سەل پىچىپ كەتكەن «كىيىكچى» ئېقىنىغا خۇپ كېلىدىغانلىقىنى دېمىسەمغۇ بىغىمدا تېرەك دېگەن تولا گەپ. سېلىپ بولغان ئونبىر كۆۋرۈككە خەقنىڭ بىر تال بادرىسىنىمۇ ئىشلەتمىدىم. ئۇ يەنە نېمە دەپتۇ دېمەمسىز، — ھاجىم تۆردە ئولتۇرغان كىشىگە قاراپ قويدى، — «ئىسمائىل ھاجىمغا ئىسكەندەر ھاجىمدىن نۇرغۇن دەپى - دۇنيا مىراس قالغان بىلەن ماڭا دادامدىن مۇشۇ بىر تېرەك مىراس قالغان. تېرەكنى كۆرسەم دادامنى كۆرگەندەك بولىمەن. ھاجىم تېرەكنى مەندىن تالاشمىسىمۇ بولار» دەپتۇ. بەچچىغەر موللا، دادامدىن ماڭا قورۇق تۆت تام بىلەن ئون نەچچە قويدىن باشقا ھېچنېمە مىراس قالمىغانلىقىنى، مېنىڭ بىر ئۆمۈر تۇجۇپىلەپ باشقۇرۇپ بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشكەنلىكىمنى ئۇ نەدىن بىلسۇن! بۇلتۇر ھۆكۈمەت سەل ئېقىتىپ كەتكەن كۆۋرۈكلەرنى ئوڭشايمىز، دەپ خەققە ئالۋاڭ سالغاندا ھەممىنى ئۆزۈم سالاي دەپ ئالدىمغا تارتمىغان بولسام يۈز بېشى، دورغا دېگەنلەر ئايۇپ ئاخۇننىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ كېلىپ، تېرەكنى ئۆزىگە كەستۇرۇپ بىكارغا ئېلىپ كەتكەن بولسا، شۇ چاغدا «دادامدىن قالغان ئىدى» دېيەلەرمىدى؟

① گۇما ناھىيىسى ۋە قاغىلىقنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئەرلەرنىمۇ خان دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە تېرىكى تۇگۇل دادىسىدىن قالغان ئەڭ چوڭ مىراس — ئۆزىمۇ قارا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كېتىدىغۇ ئاخىر. «خەپ توختا موللا» دېدىم ئىچىمدە ۋە ئاتنى توقۇپ ئۇن ئادەمنى ئېلىپ قوشتاغقا ماڭدىم. تېرەك راستلا ئېگىز ئىكەن. «بۇمۇغا» غا بارغىنىمدا يىراقتىن چوخچىيىپ كۆرۈندى. چىغلىققا — ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئۆيىگە بىر دەمدە يەتتۇق. ئۆيىگىمۇ كىرمەي ئۇدۇل ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قوناقلىقتا كۆككە تاقىشىپ تۇرغان قارا تېرەك تۈۋىگە باردىم. پەمىمچە تېرەكنىڭ ئېگىزلىكى يىگىرمە بەش گەز كېلەتتى. چاتالمىغاچقا ئىچى پورمۇ چىقمايتتى. كىيىكچى كۆۋرۈكنىڭ كەملەپ قالغان يان ياغىچىغا تازا باب كېلەتتى. ئاڭغىچە ئايۇپ ئاخۇن خوتۇن - باللىرى ۋە قۇلۇم - قوشنىلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى، چىرايى سالقىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق كۆرۈشتۇم-يۇ گەپ قىلماي تېرەكنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. كاللامدا ئەشئار قۇشى قانات قېقىشقا باشلىدى. تۆتىنچى ئايلىنىشتا ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئالدىدا توختاپ، كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇدۇم:

ئافەرىن، ئەي قوشتاغلىق موللا ئايۇپ،
ئىسمەسەلا جانىبىدىن كىردىم كايىپ.
بەرمەپسەن تېرىكىڭنى ئالاي دېسەم،
بولدىمۇ ئەقلۇ - ھۇشۇڭ سەندىن غايىپ.
دادامدىن قالغان مىراس، دەپسەن تېخى،
كۆۋرۈك سېلىش داداڭغىمۇ ئىدى ۋاجىپ.
بەرمىسەڭ تېرىكىڭنى ياخشىلىقچە،
ئىسمائىل ھاجى كېسىمەن شۇنداق قايرىپ.

— بولدى ھاجىم، بولدى — ئايۇپ ئاخۇن يىغلىغىنىچە كېلىپ ماڭا ئېسىلدى — خوش بوپ كېتەي، ئەمدى ئوقۇمىسىلا، تېرەك تۇگۇل بۇ نادان بېشىم سىلىدىن ئايلانسۇن. مەن ئەقىلسىزلىق قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئاغرىتتىم. ئۆزلىرىنى نەزمە يازىدۇ، ئالىم كىشى دەپ ئاڭلىغان. مانا بۈگۈن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئىشىتتىم، ئۆزلىرىنى يېقىندىن بىر كۆرسەم، دەپ ئارمان قىلاتتىم. بۈگۈن كۆرۈپ قاندىم، راستلا ئەۋلىيا ئىكەنلا ...

— يىغلىمىسىلا، — دېدىم، مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ ياش كېلىپ، — نەزمە يازغان كىشىنى ئەۋلىيا دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما نەزمىنى چۈشەنگەن، نەزمە ئۈچۈن ياش تۆككەن ئادەمنى ئەۋلىيا دېسە بولىدۇ.

ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. تېرەكنى شۇ كۈنىلا كەستۇق. بىرىنچى پالتىنى ئايۇپ ئاخۇن ئۆزى چاپتى. ئۇزۇن ئۆتمەي 12 - كۆۋرۈك — كىيىكچى كۆۋرۈكىمۇ پۈتتى. كۆۋرۈك پۈتكەن كۈنى ئۈچ ئاي چامىسىدا قوشتاغقا ئۆتەلمىگەن كىيىكچى، قارا سۇ، قارامان خەلقى بىرلىشىپ كىيىكچىدە-نەزىر بەردى. نەزىرنىڭ باش مېھمىنى سۈپىتىدە تۆرگە چىقىرىلغان ئايۇپ ئاخۇن ئەلنىڭ ئالقىشىدىن يەنە يىغلاپ كەتتى ...

ھاجىم گەپتىن توختاپ، خۇددى خەلقنىڭ شۇ كۈندىكى ئالقىش سادالىرىنى ئەسلەۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىزمۇ يېيىشتىن توختاپ ھاجىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشقان ئىدۇق. جىمجىتلىقنى سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇم بۇزۇپ سۆز قاتتى:

— مانا بۇ ئەشئارنىڭ قۇدرىتى!

— ئارى، — دېدى تۆردە ئولتۇرغان مېھمان-مەۋلانىمىز تەجەللى ھەزرەت «ئادەملەرنىڭ جىسمىنى تۈزەش ئۈچۈن تېبابەتنى؛ دىلنى تۈزەش ئۈچۈن ئىجادىيەتنى كەسىپ قىلدىم» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە ياخشى نەزمە. قەلب شامى تېخى نادانلىق شامىلى بىلەن ئۆچۈپ كەتمىگەن كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ ياخشىلىققا ئۈندەيدىكەن. بۇ توغرىدا مېنىڭ بېشىمدىنمۇ بىر ۋەقە ئۆتكەن.

— قېنى، ئاڭلاپ باقايلى، - دېدى ئىسمائىل ھاجىم قىزىقىپ.

— بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن، - دېدى مېھمان چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، — قوشتاغلىق ئىككى تالىپ بىلەن يەكەنگە ماڭدۇق. قىش كۈنى بولغاچقا خۇپتەنگە يېقىن قافىلىقنىڭ «ئايكەند» دېگەن يېرىدىكى نىزامىدىن ئىسىملىك بىر كونا تونۇشىمىزنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. نىزامىدىن مەن

دېمەتلىك، ھال كۆنى ئوتتۇراھال، مېھماندوست ئادەم ئىدى. ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇشۇپ قالغان ئىدۇق. ھەر يىلى ئۆيگە قايتسام يوقلاپ ئۆتەتتىم. بۇ قېتىم ئۆيىدە خوتۇن - بالىلىرى يوق ئىكەن. ئۆزى پايپاسلاپ يۈرۈپ قوي سويۇپ قازانغا گۆش سالدى. بىزنىڭ ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنلىكىمىزنى ئويلاپ ئىتتىك ئېلىنۋەتتىمۇ گۆش خامراق پىشقان ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ بىرەر پارچىدىن يەپ، تاغدىن - باغدىن گەپلىشىپ بىر چاغ بولغاندا ئۇخلاشقا ياتتۇق. بىچارىنىڭ ئوتۇنى تۈگەپ قېلىپمىدىكىن، ئۆي ئىسسىماي، يوغان مورىدىن شامال كىرىپ كېچىچە توڭۇپ چىقتۇق. سەھەردە يولغا چىقماق بولۇپ ئېغىلغا كىرسەم، ئاتلارنىڭ قورسىقى ئىچىگە تارتىلىپ كېتىپتۇ. يا مەن دېمەپتىمەن، يا نىزامىدىن ئۆزى بىلىپ ئوت - بوغۇز بەرمەپتۇ. ئۇزۇن سەپەردە ئۇلاغ ئاچ قالسا بولمايتتى. مەن جىلە بولۇپ ئېغىلنىڭ ئىشىكىگە كۆمۈر بىلەن بىر نەزمە يېزىپ قويدۇم-دە، ھەمراھلىرىم بىلەن «ئۇششاقباش» قا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. كېيىنكى يىلى قايتىشىمدا يەنە نىزامىدىننىڭ ئۆيىگە چۈشتۇم. بۇ قېتىم ئۇ ئالدىمغا يىغلاپ چىقتى. مەن ئۇنتۇپ كەتكەن ئۇ نەزمىنى نىزامىدىن قەغەزگە كۆچۈرۈپ ساقلاپتۇ. گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن يولۇمغا بىر يىل قاراپتۇ. مەن چاقچاق قىلغان،، دەپ تۇرۇۋالسامۇ ئۇنىماي مېنى 2 كۈن ئوبدان مېھمان قىلىپ ئاندىن قوشتاغقا يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ نەزمە دائىم ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ.

— ئادەمنى زارىقتۇرماي ئوقۇمامىلا، - دېدى سەيدئەھمەد ئاخۇنۇم.

مېھمان گېلىنى قىرىپ قويۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەي نىزامىدىن، نىزامىدىن چىقتىڭىز،
پىشمىغان گۆشتە گېلىمنى سىقتىڭىز.
ئۆيگە مېھمان كەلسە سوغۇقتا توڭدۇرۇپ،
ئات - ئۇلاغنى يەم - بوغۇزدىن قىستىڭىز.

— جايىدا، جايىدا، - دېدى ھاجىم كۈلۈپ كېتىپ. بىزمۇ كۈلۈشتۇق.

شۇ ئارىدا ئەمەت ئاخۇن بىر لىگەندە توخۇم كۆتۈرۈپ راۋاقا كىرىپ كەلدى ۋە لىگەننى داستىخانغا قويدى. ھاجىم مېھمانغا قاراپ:

— قېنى تۆمۈر ھاجىم،① توخۇمغا باقىلى، - دېدى.

مەن شۇندىلا تۆردە ئولتۇرغان بۇ كىشىنىڭ قوشتاغ جايناغۇتلۇق تۆمۈر ھاجىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇرۇن بۇ كىشىنىڭ نامىنى ئاڭلىغان بولسامۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم.

تۆمۈر ھاجىم توخۇمدىن بىرنى ئالدى-دە، بىزنىمۇ توخۇم يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، توخۇمنى سويۇشقا باشلىدى. بىزمۇ توخۇمدىن بىر تالدىن ئالدۇق. ئىسمائىل ھاجىممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تال توخۇم ئېلىپ جايىغا ئولتۇردى. ئەمما توخۇمنى سويماي ئالقىنىدا چۆرگىلىتىپ، سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

— توخۇمغا ئەجەپ قاراپ كەتتىلىغۇ، نەزمە قاتاي دەۋاتامىلا؟ —دەپ سورىدى تۆمۈر ھاجىم.

— ياق، - دېدى ھاجىم — كاللامغا باشقىچىرەك بىر خىيال كېلىۋاتىدۇ. مۆھتىرەم ئىنىمىزنىڭ كىچىكىدە زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. ھالا بۈگۈن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە بىر قانچە يىل ئوقۇپ قايتىپ كەلدىڭىز. ئىلىمدە كامالەتكە يەتتى، دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ شۇنداق بىر ئەسكى خۇيۇم بار، ئۆيۈمگە بىرەر ئوقۇغان - بىلگەن ئادەم كەلسە، سوئال سوراپ بەھس قىلىشقا ئامراق. شۇڭا ئۆزىڭىزدىن بىر سوئال سورىسام كۆڭلىڭىزگە كەلمەس.

— يوقسۇ، ھەرگىز كۆڭلۈمگە كەلمەيدۇ، —

① تۆمۈر ھاجىم (تەخمىنەن 1892 — 1962) ئاتاغلىق دىنىي مۆتىۋەر، مۇدەررىس بولۇپ، شاگىرتلىرى بۇ كىشىنى شائىر ئىدى دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئىسمائىل ھاجى بىلەن گۇمىدا ئۆتكەن شائىر غېرىبى (1864 — 1936) نىڭ شېئىرلىرىدا بۇ كىشىنىڭ نامى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

دېدى تۆمۈر ھاجىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن يەكەن، قەشقەردە ئۆزۈن ئوقۇدۇم. ھالا ئۆمۈر داۋىنىڭ چوققىسىغا چىقىپتىمەن، ئوقۇپ چارچاپتىمەن. ئۆزلىرى بىلىلا، ئادەم ئىلىمگە قانچە ئىچكىرىلىگەنسېرى بىلگەنلىرىنىڭ شۇنچە ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىكەن. ئۆزۈمنى كامالەتكە يەتتىم، دەپ ئېيتالمىسامىمۇ، مەن ئەمدى قوشتاغدا مۇقىم ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن شۇ ئاز بىلىمىمنى بولسىمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە ئۇرۇق قىلىپ چاچاي دەيمەن. ئۆزلىرى تەرىپ قىلغاندەك ئۇنداق كامالەتكە يەتمىگەن بولسامۇ، مانا ئالدىمدا كامالەت ئىگىسى — ئۆزلىرى ئولتۇرۇپتىلا، خۇدايىم بۇيرۇسا بۈگۈنكىدەك ئۇچرىشىپ، ئۆزلىرىدىن تەلىم ئېلىپ تۇرسام، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كامالەت خانىدانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ئورۇن ئېلىپ قالسام ئەجەپ ئەمەس. قېنى، سوئاللىرىنى ئاڭلاپ باقاي، جاۋاب بېرەلمىسەم مائاپ قىلارلا.

— ئىلمىي ھال ① دىن سورىمىسامىمۇ ھەممىنى بىلىسىز، ئىلمىي مەنتىق ② بارىسىدىن بىر سوئال سوراپ باقاي، — دېدى ھاجىم ھەممىمىزنى تاڭ قالدۇرۇپ ۋە ئالقىنىدىكى توخۇمنى تۆمۈر ھاجىمغا ئۇزاتتى، — قېنى دەپ بېقىڭچۇ، ماۋۇ توخۇمنى قايسى رەڭلىك توخۇ قاچان كاكىلىغان؟ ③

تۆمۈر ھاجىم توخۇمنى ئېلىپ كۆزىگە يېقىن تۇتۇپ ئۆرۈپ - چۆرۈشكە باشلىدى. قالغانلار قانداق جاۋاب بېرەركىن، دەپ تۆمۈر ھاجىمنىڭ ئاغزىغا قاراشتۇق.

تۆمۈر ھاجىم توخۇمغا بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن ئىسمائىل ھاجىمغا قاراپ بېشىنى ئەگدى. چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

— بۇنىڭغا مەن ئاجىز كەلگۈدەكمەن ھەزرىتىم، بەندە پەقەت زاھىر ④ نى بىلگۈچى، باتىنىنى ⑤ بولسا ئاللا ئۆزى بىلىدۇ. ئاللا «قۇرئان» كېرىمدە «ئالىمۇلغەيبى ۋەششەھادەتىل ئەزىزۇل ھەكىم» ⑥ دېگەن. «قۇرئان» دا يەنە: «ئالىمۇلغەيبى فەلا يۇزھىرۇ ئەلا غەيبىھى ئەھەدا» ⑦ دېيىلگەن. شۇڭا بۇ توخۇمنى قانداق توخۇ كاكىلىغانلىقىنى ئاللا بىلىدۇ.

— دۇرۇس، - دېدى ھاجىم — ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ئەمما سىز ئېيتقان كېيىنكى ئايەتتىكى «غەيىب» قانداقتۇر توخۇمغا ئوخشاش كىچىك «غەيىب» بولماستىن، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭ «غەيىب» دۇر. بۇ غەيبنى ئىنسان بالىسى بىلىشكە قادىر ئەمەس. ئۇنتۇماڭكى ئاللا يەنە «ئەللەمەل ئىنسانە مالەم يەئلەم» يەنى «ئاللا ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۇردى» دېگەن. سىزدىن يەنە سوراپ باقاي، ئەئلەم نېمىدۇر؟

— بىلمەك.

— «بەدان» چۇ؟

— ئۇمۇ بىلمەك.

— ھەببەللى، - دېدى ھاجىم — ئىجتىھات قىلسا، بىلگىلى بولمايدىغان ھېچ نەرسە يوق. زاھىرنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ ئىرەن تەپەككۇر قىلسا، شەيئىلەرنى شەيئىلەرگە تەققاس قىلسا، زاھىردىن باتىنغا ئۆتكىلى بولىدۇ. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش سىزدەك كىتاب بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئادەمگە قىيىن بولغىنى بىلەن توخۇ - توخۇم بىلەن ھەپىلەشكەن ئادەمگە ئىنتايىن ئاسان. ھەتتا بۇنى دېھقانىنىڭ كىچىك بالىلىرىمۇ بىلىدۇ. قانداق دېدىم بالام؟- ھاجىم بىردىن توختىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

---

① دىنىي ئىلىم.
② لوگىكا.
③ گويا شۇۋىسىدە تۇغۇش، دېگەن مەنىدە.
④ سىرتقى كۆرۈنۈش.
⑤ ئىچكى ماھىيىتى.
⑥ ئاللا غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ھىكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.
⑦ ئاللا غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ.

هاجىم توختىنىڭ نىمكەش كىيىملىرى، ئەمگەكتە پىشقان دىقماق گەۋدىسى، ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ ھەقىقىي دېھقان بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى.

توختى دەسلەپ قىزاردى، كېيىن جۈرئەت بىلەن تۆمۈر ھاجىمنىڭ ئالدىدىكى توخۇمغا قول ئۇزاتتى. ئاڭغىچە سەيدئەھمەد ئاخۇنۇم توختىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئېگىشىپ توخۇمنى ئالدى-دە، توختىنىڭ ئالقىنىغا سېلىپ قويدى. توختى توخۇمغا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ توخۇمنى قارا توخۇ كاكىلىغان، كاكىلىغىلى بىر ئايدىن ئاشماپتۇ.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ - دەپ سورىدى سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇم تەئەججۇپ بىلەن. ھاجىم بولسا مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بىزنىڭ قاراسۇدا توخۇ، ئۆردەكنى كۆپ باقىمىز، - دېدى توختى، — بىزنىڭمۇ ئون نەچچە توخۇمىز بار. ئۇلار كاكىلىسا ئۇۋىسىغا قارايمەن، قايسى توخۇنىڭ قانداق توخۇم كاكىلىغانلىقىغا دىققەت قىلىمەن. بارا - بارا توخۇغا قارىمىساممۇ توخۇمغا قاراپ قايسى توخۇنىڭ كاكىلىغانلىقىنى، قايسى توخۇنىڭ كاكىلىمىغانلىقىنى بىلىدىغان بولدۇم. قارىسام بۇ توخۇم تۇم ئاق، سوقىراق ھەم سەل كىچىك ئىكەن. قارا توخۇنىڭ توخۇمى مۇشۇنداق ئاپپاق بولىدۇ. بۇلتۇرقى چۈجىلا مۇشۇنداق كىچىك كاكىلايدۇ، مېكيان قىشتا كاكىلىماي ھاۋا ئىسسىغاندا كاكىلايدۇ. شۇڭا كاكىلىغىلى بىر ئايدىن ئاشماپتۇ، دېدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاجىمنىڭ كەلدى - كەتتىسى كۆپ، بۇ ئۆيدە توخۇم ئۇزۇن تۇرۇپ قالمايدۇ - دە.

— باركاللا، - ھاجىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ياندا ئۆرە تۇرغان ئەمەت ئاخۇندىن سورىدى:

— شۇنداقمۇ ئەمەت ئاخۇن؟

— بالىنىڭ دېگىنى توغرا، - دېدى ئەمەت ئاخۇنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق بالام، - دېدى ھاجىم، — توخۇمى دورىلىق دەپ قارا توخۇ باققان ئىدىم، دەل تاپتىڭ. ئاجايىپ زېرەك ئىكەنسەن، كىمنىڭ ئوغلى سەن، سېنى بۇرۇن كۆرمەپتىكەنمەنغۇ؟

ھاجىم تۆمۈر ھاجىم بىلەن بولغان مۇنازىرىسىنى ئۈنتۇپ توختى بىلەن بولۇپ كەتتى. تۆمۈر ھاجىممۇ يېنىك تىن ئېلىپ توختىغا تىكىلدى.

— ئېتى توختى، قارا سۇدىكى ھېلىم ئاكامنىڭ بالىسى، — دېدىم مەن ھېلىقى ئىشنى ئېيتىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ، — ھېيتلاپ كىرىپتىكەن، ئۆزلىرىگە دەيدىغان بىر ئىشى بار ئىكەن. شۇڭا بىللە كىرىشىم.

— ھە، بىر نەۋرە ئىنىڭىز ئىكەندە، نېمىشقا يامانكىن دېسەم، مۇھەممەددۇن موللامنىڭ نەۋرىسىكەن ئەمەسمۇ، ھېلىم ئۇستام ساقمۇ بالام، - دېدى ھاجىم. ھاجىمغا ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم، دوست - يارەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي ئۇ يىراق يەردىكى بىر ئاددىي ئادەمنى، ئۇنىڭ موزدۇز ئىكەنلىكىنى يادىدا تۇتقان ئىدى.

— دادام تۇگەپ كەتكىلى 4 يىل بولدى، -دېدى توختى مەيۈس ھالدا.

— ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، - دېدى ھاجىم، — سۆزلەۋەر. بايا مەيىتىمىنخان بىر ئىشى باركەن دېگەنىدەك قىلىۋىدى.

— ماقۇل، ھەر قايسىلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتسامىمۇ سەل باشتىن دەي، -دېدى توختى، — 4 يىل بۇرۇن دادام رەھمەتلىك تۈگەپ كېتىش ئالدىدا قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەندىن كېيىن قالساڭ ئاناڭنىڭ تويىنى قىلىپ بەر» دېگەن ئىدى. ئائىلىمىز كەمبەغەل بولغاچقا دادامنى مىلىك تەستە يەرلىكتە قويدۇق، نەزىرلىرىنى بولسا ئۆتنە - يېرىم قىلىپ ئاران بەردىم. ئۆي ئىشلىرىنى ئانام بىلەن ئىنىمغا تاشلاپ قويۇپ، قەرزنى ئۈزۈش ئۈچۈن بايلارنىڭ قويىنى باقتىم. قوي بېقىپ يۈرۈپ «مۇجى» دېن قارا سۇغا كېلىپ قالغان مۇسا ئاكام بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ كىشى 50 ياشقىچە ئۆيلەنمىگەن، تەنھا، يۇۋاش ئادەم ئىدى. ئۇ ماڭا

قوي بېقىشنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئۆگەتتى. يازنىڭ ئۆپلىرىدىن، قىشنىڭ سوغۇقلىرىدىن مېنى ئاسراپ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. ئۇنى پات - پات ئۆيگە باشلاپ كىردىم، بارا - بارا ئۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ بىر ئادىمىگە ئايلىنىپ، ھەممىمىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇق. بايقىسام ئانام ئۇنىڭغا باشقىچە كۆيۈنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دادامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداي دەپ ئۇلارغا ئۆزۈم ئەلچى بولدۇم. ئۇلار قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلىشتى. توينى مۇشۇ قۇربان ھېيتنىڭ 5 - كۈنى قىلايلى دېيىشتۇق.

توختى گېپىدىن توختاپ بىر پىيالە چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىممىسالادىكى تۇغقانلارغا خەۋەر قىلغاچ ھېيتلاپ چىقاي، دەپ تۇنۇگۇن كىرگەن ئىدىم. ئەتىگەندە قىشلاغدىكى مۇبارەك ئاكامنى ھېيتلاپ باراي، دەپ مەمتىمىن ئاكام بىلەن كېتىۋېتىپ ئەشرەپ باينىڭ بېغىنىڭ تۈۋىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. باغدا بىر توپ قوي ئوتلاپ يۈرگەن ئىكەن، سىنچىلاپ قارىسام ئارىسىدا بىزنىڭ بوز قوي تۇرىدۇ، ئارقىسىدىن بىر جۈپ قوزا ئەگەشتۈرۈپتۇ. باغقا كىرىپ قوينى ئېلىپ ماڭاي، دەپ ئويلىدىم-يۇ، ئەشرەپ باينىڭ قامچىسىدىن قورقتۇم. شۇڭا سىلىنى كەمبەغەللەرگە ئامراق، دەۋانى ئادىل سورايدۇ، دەپ ئاڭلاپ يانلىرىغا كىرىشىم، بېشىمنى سىلاپ ئەشرەپ بايدىن قويۇمنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا، - توختى سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ سالدى.

— ھەي، ھەي، توختا، يىغلىماي گەپ قىلغىنا، سېنىڭ قويۇڭ قانداق قىلىپ ئەشرەپ باينىڭ بېغىغا كىرىپ قالدۇ؟-دېدى ھاجىم.

— باياتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىپتىمەن، -توختى يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، بۇرنىنى تارتىپ قويدى، —ئەشرەپ باي كۈزدە قارا سوغا چىقىپ بىر ئائىلىگە بىردىن قوي ئالۋاڭ قويدى. مال بېقىپ يۈرۈپ تاپقان بىر قويۇم بار ئىدى، مەندىن شۇنى ئالدى. ھەممە ئائىلىدىن ئالدىمىكىن دېسەم ئەشرەپ باينىڭ ئىممىسالاغا ھەيدەپ ماڭغىنى 20 قوي. مەن ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ: «ئەشرەپ ئاكا، بىز كەمبەغەل بولغاندىكىن ئېتىبار قىلىپ قويۇمنى بېرىۋېتىڭ» دېسەم، ئۇ «كەمبەغەللۇ ھۆكۈمەتنىڭ پۇقراسى، قوينى ئالسا ھۆكۈمەت ئالىدۇ، سېنى مەن كەمبەغەل قىلىپ قويمىدىم» دېدى. مەن: «ھېچبولمىسا تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىڭ» دېسەم، ئۇ: «كىم سېنىڭ تۇغقىنىڭكەن» دەپ قامچا ئوينىتىپ دىۋەيلەپ كەلدى، مەن قېچىپ كەتتىم. ئەتىگەن قارىسام بىزنىڭ قوينى ھۆكۈمەت ئەمەس، ئەشرەپ باي ئاپتۇ. بىرسى ئۆچ بوپتۇ.

توختىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان ھاجىم ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆزىنى توختىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ تۇۋلىدى:

— ئەمەت ئاخۇن!

— لەببەي، -ئەمەت ئاخۇن ھاجىمغا يېقىن كەلدى.

— ئادەم بۇيرۇڭ، ئەشرەپ باي ھازىر كەلسۇن! - ئەمەت ئاخۇن چىقىپ كەتتى.

— ئەشرەپ باي بىلەن سەن قانداق تۇغقان؟ - دەپ سورىدى ھاجىم توختىدىن.

— تاغائاچام① زەيناپخاننىڭ ئېرى.

— ھىم! -ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ راۋاقتىن چىقتى-دە، نەشپۈت دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا خىيال سۈرگىنىچە ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ھاجىمنىڭ كۆزلىرى قىسىلغان، لەۋلىرى ھىمىرىلگەن، كەينىگە قىلىۋالغان قوللىرىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتى.

تۆمۈر ھاجىم سەيدئەھمەت ئاخۇنۇمدىن سورىدى:

① ھاما ئاچام، گۇما شۇسى.

— ئەشرەپ باي دېگەن نېمە ئادەم ئۇ؟

— «ئۇلباغ» بىلەن «جاي» نىڭ يۈز بېشى.

— «ۋەئىننەھۇلىھۇبىىل خەيرى لەشەدىد»①

-دېدى تۆمۈر ھاجىم. تۆمۈر ھاجىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسا كېرەك، ھاجىم:

— ئامراقلىقى قۇرۇسۇن، «ئەۋلالەكە فەئەۋلا»② - دەپ قويدى بىزگە قارىماي تۇرۇپ.

ئەشرەپ باينىڭ ئۆيى «ئۇلباغ» دا، ھاجىمنىڭ ئۆيى جايلاشقان «ئايباغ» قا يېقىن ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يول تەرەپتىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئالدىدا ئەمەت ئاخۇن، كەينىدە تەمبەل، شاخ بۇرۇت ئەشرەپ باي باغقا كىرىپ كەلدى. ئۇ يوغان گەۋدىسى بىلەن ئالچاڭلاپ كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! —دېگىنىچە ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈشكە مېڭىۋىدى، ھاجىم قولىنىمۇ ئۇزاتماي ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— ھە ئەشرەپ باي، نېمىش قىلدۇق؟

— ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇندايمەن، دەپ شاپاشلاپ يۈرۈپتىمەن ھەزرىتىم، —ئەشرەپ باي بىر ئىشنى سەزگەندەك قول باغلاپ تۇردى.

— مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى قانداق ئورۇندىدىڭلار ھە!؟ - ھاجىمنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ھەممىمىزنى چۆچۈتتۈەتتى، —مەن كەمبەغەللىنى بۇلا، تول خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنى تالا دېگەنمۇ؟!

— بۇ ... بۇ ... — ئەشرەپ باي ھودۇققىنىچە تېخىمۇ ئىگىلدى، —ئۇنداق قىلىشقا ھەددىم ئەمەس ھەزرىتىم، مەن ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس.

— ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمىش، ئاۋۇ بالىنى تونۇمسىلە؟ - ھاجىم قولى بىلەن توختىنى چىمىدى.

ئەشرەپ باي بۇرۇلۇپ توختىغا قارىدى-يۇ تاتىرىپ كەتتى. دەقىقە ئىچىدە توختىغا ھومىيىپمۇ ئۇلگۇردى.

— تونۇيمەن، جەمىلەخاننىڭ ئوغلى.

— سىلىنىڭ زەيناپخاننىڭ ئاكىسى ھېلىم موزدۇزنىڭمۇ ئوغلى، كۆزدە ئۇنىڭ بىر قوينى ئالۋاڭغا ئالغان، شۇنداقمۇ؟

ئەشرەپ باي ھەممىنى چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ ئالاڭلاپ بىزگە بىر قاراپ قويۇپ جىم بولۇۋالدى.

— ئۆزۈڭلار دەمسىلە ياكى مەن دىگۈزىمەنمۇ؟

— شۇنداق، ئالغان، - دېدى قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئەشرەپ باي.

— قارا سۇغا نەچچە قوي ئالۋاڭ كەلگەن؟

— يىگىرمە.

— توزۇك گەپ قىلىڭلا.

— ئون بەش.

— نەچچىنى يىغدىڭلا.

ئەشرەپ باي يەنە جىم تۇرۇۋالدى.

— يىگىرمىنى ئالدىڭلا، توغرىمۇ؟

ئەشرەپ باي بېشىنى لىڭشىتتى.

— ناھىيىگە نەچچىنى يولغا سالدىڭلا؟

— ئون بەشنى.

— بەش قوينى نېمە قىلدىڭلا؟

ئەشرەپ باي يىغلامسىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۆزلىرىمۇ بىلىدىلا ھەزرىتىم، بۇ دورغىلارنىڭ قارنى بەك يامان، قويلارنى يىغىپ بولغۇچە ئۈچ دورغا ئۆيۈمدە يېتىۋېلىپ بەش قويۇمنى يەپ بولدى. ئۇلارغا يا بىر نېمە دېگىلى بولمىغان، يا پۇلىنى سورىغىلى بولمىغان. شۇڭا قوينى قارا سۇدىن ئېلىپ ئورنىغا سېلىپ قويدۇم. قانداق قىلىمىز ھاجىم، باي ئاتالغىنىم بىلەن ھالىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، بالىلىرىم كۆپ ...

— بوپتۇ. بۇ قىلغىنىڭلىنى توغرا دەپ تۇرايلى، - دېدى ھاجىم سەل يۇمشاپ، — توختىدىن ئالغان قوي نېمىشقا ناھىيىگە كەتمەي ئېغىلىڭلىدا يۈرۈيدۇ؟

— قارىسام قوي خېلى خىلكەن، ھەم بوغازدەك تۇرىدۇ، كۆزۈم قىيماي ئورنىغا ئېغىلدىن بىر توقلا چىقىرىپ بەرگەن.

---

① ئىنسان پۇل — مالغا ئىنتايىن ئامراق. ② ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا، ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا.

— يا كەمبەغەلنى، يا تۇغقاننى تونۇمايدىغان، بوغاز قوينى ئاسان تونۇيدىغان ئەجەپ كۆزكەن ئۇ، - ھاجىم يەنە قايناپ كەتتى، —دەڭلا قېنى، قارا سۇلۇقلار سىلىنىڭ ئۇن بېشلىق ھەققىڭلىگە قانچىلىك بىر نېمە بېرەتتى؟

— 50 چارەك قوناق.

— ئالدىڭلىمۇ؟

— بۇلتۇرقىنى ئالدىم، بۇ يىلقىنى كۈزدە بېرەر.

— يۈز بېشلىق ھەققىڭلىنى دېمەي، سىلىگە يىلدا تۆپە تاشتىن 50 چارەك قوناق كىرىم بولسا، يېرىڭلا بىر پاتمان تۇرسا، بۇمۇ يەتمەي يەنە ئۇسال ئىش قىلساڭلا، يۇقىرىدا ھۆكۈمەتنى ئالداپ، تۆۋەندە پۇقرانى بوزەك قىلساڭلا، قامچا ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇشتىن باشقىسىنى ئۇقمىساڭلا، يۈز بېشى تۇرۇپ ئالۋاڭ يىغىشنى بىلمىسەڭلا، بۇنى نېمە دېگۈلۈك - ھە! ئالۋاڭ دېگەن خەقنىڭ يېرىگە، چارۋىسىغا قاراپ بىر قاتاردىن يىغىدىغان، ھۆكۈمەت قانچىلىك دېسە شۇنچىلىك ئالىدىغان نېمە ئۇ، - ھاجىم بىزگە قاراپ تۆمۈر ھاجىمنىڭ بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پەسكويغا چۈشتى،— گەپ قىلسام ئادەم بار يەردە ئىزا تارتىسىلە، ھېيتتا خەقنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈممۇ يوق. قالغان گەپنى كېيىن قىلىشايلى، ئۆزۈڭلار دەڭلا. توختىنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟

— ئۆزلىرى دېگەن يۇرت ئاتىسى، نېمە دېسىلە شۇ.

— قوينى قوزىلىرى بىلەن قوشۇپ توختىغا قايتۇرۇپ بېرىسىلە، ئالۋاڭ ئېلىشنى بىلمىگەندىكىن ناھىيىگە كەتكەن قوينىڭ زىيىنى ئۆزەڭلىگە.

— ئوبدان.

— ئەمەت ئاخۇن قېنى سىز؟—دېدى ھاجىم.

— مانا مەن.

— سىز ئۆزىڭىز بېرىپ قوينى قوزىلىرى بىلەن ئېلىپ توختىغا ئۆز قولىڭىز بىلەن تاپشۇرىسىز. يەنە بىر گەپ، توختىغا ئېغىلدىن يارام قويدىن بىرنى باغلاپ بېرىڭ، تول خوتۇن بىلەن مۇساپىرنىڭ تويىغا قىلغان سوۋغىتىم بولسۇن.

ئاندىن ھاجىم توختىنى شەرەت قىلدى. توختى ئىتتىك بېرىپ ھاجىمنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇردى. ھاجىم توختىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى:

— رەھمەت ئوغلۇم، باياتىنقى تاپقۇرلىقىڭغا ئاپىرىن، كىچىك تۇرۇپ داداڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداپ، قولۇڭ قىسقا بولسىمۇ ئىككى بىچارىنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويماقچى بولغىنىڭغا تەشەككۇر. ئاللا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن، رىسقىڭنى كەڭرى قىلسۇن!

ھاجىم يەنە ئەمەت ئاخۇنغا بۇيرۇدى:

— قويى يوق ئادەم قۇربانلىق قىلالمىغاندۇ تايىنلىق. ئاۋۇ تاۋاقتىكى گۆشنى بىر نەرسىگە ئوراپ توختىغا بېرىڭ،—ھاجىم توختىغا قارىدى، - قاراسۇغا ئاچىقىپ ئۆيۈڭدىكىلەر بىلەن يېگىن ھە!

باياتىن بېرى ئاران تۇرغان توختى ھاجىمنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ «پاڭڭىدا» يىغلىۋەتتى.

× × ×

ئاپتور ئىلاۋىسى: بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ھازىر 65 يىل بولدى. قوشتاغ دىيارىدا ئۆتكەن ئۈچ مۆتىۋەر شائىردىن ئىسمائىل ھاجى بىلەن ئەھمەدى 1950 - يىلى ئارقىمۇ ئارقا ۋاپات بولدى. تۆمۈر ھاجىم بولسا 1962 - يىلى خوتەنگە يىغىنغا كىرىپ قايتىشىدا گۇمىنىڭ «ساغان» دېگەن يېرىدە سىرلىق ھالدا يوقاپ كەتتى. ئاشۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدلىرىدىن بىرى بولغان بوۋام مەمتىمىن ئاخۇن تاكى 1984 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ كۈندىكى ھەر بىر پاراڭ، ھەتتا مىسرالارغىچە ماڭا بىر نەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. توختى ھېلىم بىلەن ھېلىقى بالا — تۆمۈر ھاجىمنىڭ شاگىرتى مۇھەممەدخان ھاجىم ھازىرمۇ ھايات. ئۈچەيلەن ئىسمائىل ھاجىمدىن مەمنۇن بولغان ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈن — 1934 - يىلىنىڭ باھارىنى بىر ئۆمۈر ياد ئېتىشتى.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

تەۋەككۈل تۇردى

# كېچىكتۈرۈلگەن مېيىت نامىزى

(ھېكايە)



مېيىت نامىزىمۇ ناماز. تېخى خېلىلا ئالاھىدە ناماز. باشقا نامازلار قازا قالسا تولۇقلاپ ئۆتەشكە بولىدۇ، لېكىن مېيىت نامىزىنى تولۇقلاپ ئۆتەش يوق. مېيىت نامىزىغا كەلمىگەن ۋە ئۇنى ئۆتىمىگەنلەر گۇناھكارمۇ ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلاردا مېيىت چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مېيىت نامىزىغا بارىدىغان ئادەت بار. مىلادى 2011 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كەچكە يېقىن نىياز چىگىتتىنىڭ نەپەس ئۈزگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بىچارە ئۇزۇن كېسەل تارتىپ، ئىت - ئېشەكتەك قىينىلىپ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ ئاخىرى نەپەس ئۈزۈپتۇ. مەرھۇم نەپەس ئۈزۈش ئالدىدا كۆزلىرىنى چوڭ - چوڭ ئېچىپ ئەيۋان - سارايلىرىغا قايتا - قايتا قاراپ تۇرۇۋالغانمىش. يۆتكەش تولىمۇ تەس بولىدىغان چوڭ پولات ساندۇقلىرىنى ئالدىغا ئەكىلىشكە بۇيرۇپ، ئاقتۇرۇپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى نۇرى ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىپ، قايتا - قايتا ساناپ چىققانمىش. نەپەس

ئۆزگەندە كۆزلىرى يۇمۇلماپتۇ. قايتا - قايتا يۇمدۇرۇپ قويسىمۇ يەنىلا جامدەك ئېچىلىپ تۇرۇۋالغانمىش ... ئەتە جۈمەدە يەرلىككە قويۇلماقچى ئىكەن. رەمەتلىكنىڭ پەيشەنبىدە نەپەس ئۈزۈپ جۈمەدە يەرلىككە تېگىدىغانلىقى مېنى خېلىلا ھەۋەسلەندۈردى. گەرچە ئۇبدان تونۇش بولمىساقمۇ، ئۇنىڭ مېيت نامىزىغا داخىل بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم، ئۇنىڭ نامىزىنىڭ قايسى مەسچىتتە چۈشۈرۈلۈپ، قايسى زەرەتگاھقا قويۇلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگىنىمدە مەسىلە تېخىمۇ ئېنىق بولدى، ئۇنىڭ نامىزى بىزنىڭ مەھەللىدىكى، 4 كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەسچىتتە چۈشۈرۈلمەكچى ئىكەن. ئۇنى مەن «بىزنىڭ مەسچىت» دېسەممۇ بولاتتى. چۈنكى مەن ئەشۇ مەسچىتنىڭ «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ بىر ئەزاسى ئىدىم. بىز بەش ئەزا ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەت ئەشۇ مەسچىتكە دائىر ئىشلارنى باشقۇراتتۇق. «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» لەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتۇق. گەرچە ئىمام ئاخۇنۇمدىن باشقىلارغا ھۆكۈمەتتىن مائاش بېرىلمىسىمۇ يەنىلا ۋەزىپىمىزنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇندايتتۇق ... نىياز چىگىتنىڭ مېيت نامىزى بىزنىڭ مەسچىتتە چۈشۈرۈلمەكچى بولغانىكەن، مەن مېيت نامىزىغا تەبئىيلا قاتنىشاتتىم. تېخى جۈمە ئەمەسمۇ. جۈمەگە قاتناشماسلىققا بولمايتتى. جۈمەگە ۋە جۈمەدە ئۆتەلگەن مېيت نامىزىغا بەكمۇ كۆپ ئادەم قاتنىشاتتى.

شۇنداق بولدى، مەن جۈمە ۋاقتىغا بىرەر سائەت قالغاندا مەسچىتكە يېتىپ باردىم. جۈمە ئوقۇمايدىغان، ئەمما «مېيت نامىزى ئوقۇيدىغان نوچىلار» دىن بىرەر مىڭى مەسچىتنىڭ سىرتىغا توپلىشىپ تاماكا چېكىشىپ تۇرۇپتۇ. مەسچىتنىڭ ھويلىسىدا تەتىللا يوپۇق يېپىلغان تاۋۇت قويۇلۇپتۇ. تاۋۇتنىڭ يېنىدا 15 — 20 ئادەم تىزىلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئاق پوتىلىق يىگىتنى نىياز چىگىتنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ۋە قاتار تۇرغانلار بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ قايغۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئىپادىلىدىم. قايغۇرۇش كېرەك ئىدى، ئادەم ئۆلۈۋاتسا قايغۇرماي بولامتى؟

جۈمە نامىزىدىن كېيىن، باشقا خەۋەر بېرىلگەن مەسچىتلەردىكى موللامالارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، مېيت نامىزىنى ئوقۇماي كۈتۈپ تۇردۇق. ئادەم بەكمۇ كۆپ يىغىلغانىدى. ئىمام ئاخۇنۇم ئۆلۈمنىڭ بەرھەقلىقى، تۆۋىنىڭ مۇقەددەسلىكى ھەققىدە دەرس مۇكالىم قىلدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋەز - نەسىھەت «نامازغا ئالدىراڭ چاغ ئۆتۈپ كەتمەستىن بۇرۇن، تۆۋىگە ئالدىراڭ ئۆلۈم كەلمەستىن بۇرۇن» دېگەن قەدىمي چاقىرىق بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ چاغدا باشقا مەسچىتلەردىكى موللامالار كېلىپ بولۇشقان، مەسچىتنىڭ سىرتىدا جۈمەنىڭ تۈگىشىنى، مېيت نامىزىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان نوچىلارمۇ مەسچىتكە كىرىپ بولۇشقانىدى. ئىمام ئاخۇنۇم ۋەز - نەسىھەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ «كېلىدىغانلار كېلىپ بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى ۋە تېگىشلىك جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ «تەشۋىقات ھەيئىتى» غا قاراپ باش ئىغاڭلىتىپ قويدى. «تەشۋىقات ھەيئىتى» جالالىدىن قارىم دەل ئەنە شۇ باش لىڭشىتىشنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ دەرھال جامائەتكە مۇراجىئەت قىلدى.

— ئەھلى جامائەت، بۈگۈن نامىزى چۈشۈرۈلمەكچى بولغان مەرھۇم نىياز چىگىت ئەھلى مۇسۇلماننىڭ پۇشتى ئىدى، ئۇ ئۆز ھاياتىدا ...

«تەشۋىقات ھەيئىتى» جالالىدىن قارىمنىڭ ئاۋازى تولىمۇ جاراڭلىق ئىدى. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى «تەشۋىقات ھەيئىتى» بولغان، ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئاخىرەت سەپىرىگە ئىختىيار قىلغان جاپپار داموللامنىڭ ئاۋازىدەكلا جاراڭلاپ چىقاتتى. ئۇ مەرھۇم نىياز چىگىتنىڭ ھايات يولىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. نىياز چىگىتنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە، قاچاندۇر بىر چاغلاردا قۇربانلىق قىلغان قوچقارنىڭ تېرىسىنى مەسچىتكە ئىئانە قىلغانلىقىغا ۋە يەنە قاچاندۇر بىر چاغ جامائەتنى بىر قېتىم ئىپتارغا چاقىرغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتتى. مۇسۇلماننىڭ مېيت نامىزىنى مۇسۇلمانلىق قائىدىلىرىگە بىنائەن چۈشۈرۈشنىڭ پەرھىز ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەرھۇم نىياز چىگىت ھاياتلىقىدا بىلىپ - بىلمەي، ئاڭلىق - ئاڭسىز، مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز، سەۋەبلىك ياكى بىسەۋەب قولۇم - قوشنىلارنىڭ ياكى ئەل - جامائەتنىڭ كۆڭلىگە

ئازار بىرىپ قويغان بولسا ۋە ياكى ئۆتنە - يىرىم، ئىلىم - بىرىم، سودا - سېتىم جەريانىدا ئۇنتۇلۇپ ياكى ئۇنتۇلماي بىرەرسىلىرىنىڭ ھەققىلىرى مەرھۇمنىڭ گەدىنىدە قالغان بولسا، رازى بولۇشسىلا، ئاندىن مەرھۇمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرسەك؛ ئەگەر راستىنلا مەرھۇمنىڭ گەدىنىدە قالغان ھەققىلىرى بولسا، ئېيتسىلا، ئۇنى مەرھۇمنىڭ ئوغلى ئىگە بولۇپ تۆلەپ بېرىدۇ، ئەگەر ھەققىلىرى بولمىسا رازىلىق بېرىشسىلە ... جالالىدىن قارىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئۆچتى. بۇ چاغدا جامائەت ئىچىدىن «رازى» دېگەن گۈرۈلدىگەن ئاۋاز چىقىشى كېرەك ئىدى. مەن ئەشۇنى كۈتۈپ تۇراتتىم. ئەشۇ ئاۋازنى ئاڭلىسامىلا ئۆزەمنىڭ «تەشكىلات ھەيئىتى» لىق ۋەزىپەمنى بەجا كەلتۈرۈپ «سەپراس» دەپ ۋارقىرايتتىم. لېكىن جامائەت ئىچىدىن نېمىشقىدۇر «رازى» دېگەن گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلانمىدى. پەقەت ئىككى، ئۈچ ئادەمنىڭلا «رازى» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ئۇ ئاۋازمۇ مەسچىت ھويلىسىدا ئېرىپ يوق بولۇپ كەتتى. ئىش نېمىسى بىلەندۇر قولاشمايۋاتقاندەك قىلاتتى. باشقا مېيىت نامازلىرىغا ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. مېيىت نامىزىنى ئۆتەۋېرىش كېرەكمۇ ياكى جامائەتنىڭ رازىلىقى جاكارلانغۇچە كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ ھەي ... ئىمام ئاخۇنۇم دېگەن يەنىلا ئىمام ئاخۇنۇم ئىكەن. ئۇ ئادەتتىكى «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى» دىن پاراسەتلىك ئىكەن. ئۇ قايسىدۇر بىر مەسچىتتىن كەلگەن موللامنى مېيىت نامىزىنى باشلاپ ئۆتەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ موللام بولسا، يەنە بىرىنى تەكلىپ قىلدى. تەكلىپ قىلىشىپ، خوش - خوش ئېيتىشىپ ئاخىرى يەنىلا بىزنىڭ ئىمام ئاخۇنۇم سەپنىڭ ئالدىغا چىقىرىلدى. بۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى مەسچىت باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىدە «مەسچىت ئاتلاپ ناماز ئۆتەش، باشقا مەسچىتكە كىلىپ قۇرئان تەبلىغ قىلىش مەنئى قىلىنغان» ئىدى. شۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن باشقىلار ناماز باشلىسا بولمايتتى. پەقەت ۋە پەقەت بىزنىڭ مائاشلىق ئىمام ئاخۇنىمىزلا مۇشۇ مەسچىتتە ناماز باشلاپ ئۆتەشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. ئۇ ماڭا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ باش لىڭشىتىشى — جامائەتنىڭ رازىلىقى بولمىسىمۇ مېيىت نامىزىنى ئۆتەۋېرىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى، مەسچىتىمىزنىڭ نىياز چىگىتنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشنى رەت قىلىپتۇ، دېگەن نامىدىن قۇتۇلدۇرۇش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم ۋە بار ئاۋازىم بىلەن «سەپراس! » دەپ ۋارقىرىدىم. ۋارقىرىغان ئاۋازىمنىڭ ئاخىرى ئۆچۈۋاتقان چاغدا جامائەتكە قاراپ قويدۇم، كىملەردۇر ئۆز سەپلىرىنى توغرىلاش ئۈچۈن سەپنىڭ باش - ئاخىرىغا قارىشىۋاتاتتى. ئەگەر يەنە بىر قانچە سىكونت ئۆتسىلا ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر! » دېگەن مۇناجاتى ئاڭلانغان، جامائەت بېشىنى كۆككە بۇراپ، ئاللانىڭ غايىپ دىدارلىرىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلگەن، مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش رەسمىي باشلىنىپ، مەرھۇم نىياز چىگىتنى بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلغان بولاتتى. لېكىن دەل مانا شۇ چاغدا چاتاق چىقتى. «سەپراس! » دېگەن ۋارقىرىشىمنىڭ ئاخىرى ئۆچە - ئۆچمەيلا كىمدۇر بىرىنىڭ قوپال ئاۋازى باشلىناي دەپ قالغان مېيىت نامىزىنى بۇزۇپ قويدى. مەسچىت ئىچىدىكى ئۆلۈم خىياللىرى پەيدا قىلغان ئۇلۇغۋار جىمجىتلىقنى بۇزدى. تۆنۈگۈن كەچتىن بېرى ئىشلەنگەن ئۇزىتىش تەييارلىقلىرىنى توختىتىپ قويدى ...

— ئاخۇنۇم! - دەپ ۋارقىرىدى جامائەت ئىچىدىن ھېلىقى قوپال ئاۋازلىق ئادەم، — مېنىڭ تاۋۇت ئىچىدە ياتقان ئاشۇ ئادەمدە ھەققىم بار ئىدى. ئەشۇ ھەققىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاندىن نامىزىنى ئوقۇغان بولسىلا ...

— مېنىڭمۇ ھەققىم بار ئىدى ...

— مېنىڭ پۇلۇم بار ئىدى ...

— مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بەرمىگەنىدى ...

— مېنىڭ ھېساباتىم بار ئىدى ...

مەسچىت ئىچى تۈن كېچىدە ئورماندىن ئۆتكەن بوران ئاۋازىدەك گۈرۈلدەپ كەتتى. ھەممە كىشى ۋارقىرايتتى. ھەممە كىشى ھەق تەلەپ قىلاتتى. ھەممە كىشى نېمىدۇر بىر نېمىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورايتتى ... مېنىڭ يۈرۈكۈم «خارت» تىدە قىلىپ كەتتى. كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىۋاتاتتى. قۇلاق ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆز كۆرمىگەن ئىش بىزنىڭ مەسچىتتە يۈز بېرىۋاتاتتى. تۇۋا خۇدايىم، شۇنچە يىللاردىن بېرى تالاي مېيىت نامازلىرىنى ئۆتىدۇق. تالاي مېيىتلارنى

ئۇزاتتۇق. بۇنداق ئىش قاچان يۈز بېرىپ باققان؟.. ئادەملەردە ئەخلاق - پەزىلەت دېگەن نېمە قالدىمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ گۆرگە كىرىش ئالدىدا بۇنداق خورلۇققا قالغىنىنى كىم كۆرگەن؟ مەن نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ باشلىقى، ھۆرمەتلىك ئىمام ئاخۇنۇممۇ مەڭدەپ قالغانىدى. مېيت نامىزىنى باشلاش توختاپ قالدى. موللا - ئاخۇنۇملارنىڭ ئالدىنقى رەتتىكى سەپلىرىمۇ، جامائەتنىڭ كەينى تەرەپتىكى سەپلىرىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇنداق قالايمىقان سەپلەر بىلەن ناماز ئۆتەش دۇرۇس بولمايتتى. كىشىلەر گودۇڭلىشاتتى. ھەق تەلەپ قىلغان ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىمام ئاخۇنۇممۇ، باشقا مەسچىتلەردىن كەلگەن موللاملارمۇ بۇنداق ئىشقا زادىلا دۇچ كېلىپ باقمىغان بولسا كېرەك. مەن بولسام تېخىمۇ شۇنداق ئىدىم، بىز بىر - بىرىمىزگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتۇق. لېكىن نېمە قىلىشنى بىلمەيتتۇق. ئەمما بۇ ئىشنى دەرھال مۇزاكىرە قىلىپ، قانداق قىلىش ھەققىدە قارار چىقارماي بولمايتتى. بىز «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» دىكى بەش كىشى دەرھال مەسچىت لەمپىسى ئۈستىدىكى سۇپىغا يىغىلدۇق. قىسقا، جىددىي يىغىن بولۇپ ئۆتتى. مەرھۇم نىياز چىگىتنىڭ ئوغلىنىمۇ چاقىردۇق. بىچارە كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ مەسلىھەتكە ئاۋاز قوشتى. بىز مېيت نامىزىنى ئالدى بىلەن ئۆتەش، مەرھۇمنى يەرلىككە قويۇش، ئاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇش دېگەن قارارنى چىقاردۇق. بۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن، ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى ئەڭ مۇۋاپىق قارار ئىدى. «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ «تەشۋىقات ھەيئىتى» جالالىدىن قارىم قارارنى ۋارقىراپ تۇرۇپ جاكارلىدى. بىز ھەق ئىگىلىرى بۇ قارارنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئىشىنەتتۇق. لېكىن قارار ئېلان قىلىنىپ بولۇشىغىلا يەنە ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى.

— بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ھەققىمىزنى قايتۇرۇپ ئاندىن كېيىن نامىزى ئوقۇلسۇن.

— بۇ ئادەم زادىلا ۋەدىسىگە تۇرغان ئەمەس.

— گۆرگە كىرىپ كەتسىلا ھەققىمىزنى ئالالماي قالىمىز.

— گۆرگە بىللە ئېلىپ كېتىدۇ ئۇ.

— ئالدى بىلەن ھەققىمىزنى قايتۇرسۇن.

نىياز چىگىتنىڭ قايسىدۇر بىر پەن تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئوغلى مەسچىت سۇپىسىغا چىقىپ، دادىسىنىڭ بارلىق قەرزلىرىگە ئۆزى ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى، ھەقلەرنى تولۇق قايتۇرۇشقا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە بەردى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى ياش يۇقى، قايغۇ - ھەسرەت چىقىپ تۇرغان چىرايى مەسۇم ۋە بىچارە ئىدى. ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. ھەق ئىگىلىرى ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنسە بولاتتى. چۈنكى ھېچكىممۇ بۇنداق قايغۇلۇق ماتەم كۈنلىرىدە يالغان ئېيتىپ، ئالا يىپ ئېشىپ يۈرمەيتتى. لېكىن ھەق ئىگىلىرى يەنىلا ئۇناشمىدى، ئۇلار ۋارقىرىشاتتى.

— بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز.

— ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق.

— نامازدىن كېيىن ئۇ گېپىدىن يېنىۋالسا كىم كېپىللىك قىلىدۇ؟

— ھەققىمىزنى ھازىر قايتۇرۇپ بەرسۇن …

ئىش يەنىلا ئەپلەشمەي قالغانىدى. مەن مەرھۇمنىڭ ئىزا - ئاھانەتكە قالغان زامانساز ئوغلى جۇمبۇر - جاۋەننى قارىنىغا ئېلىپ «ئۆتەشمىسەڭ ئۆتەشمە، نامىزىنى چۈشۈرمىگەنگە نېمە بولىدۇ؟ بەربىر ئۆلدى، كۆمۈپ قويساقلا ئاخىرەتكە كېتىۋېرىدۇ، نامىزى ئوقۇلماپتۇ دەپ گۆر قوبۇل قىلماي قالامتىيا … دەپ چىچاڭشىپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەيتتىم. مەنمۇ «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» دىكى باشقا تۆت موللامغا ئوخشاشلا ھەق ئىگىلىرى بىلەن ئەشۇ ئاھانەتكە قالغان ئوغۇلنى كېلىشتۈرۈشنىڭ بىرەر ياخشى چارىسىنى تېپىش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئاۋارە ئىدىم. ياخشى چارە نەدە؟ ئادەمنىڭ ئەشۇ بىچارە ئوغۇلغا ئىچى ئاغرىيتتى. نىياز چىگىتقۇ ئۆلدى. ھازىر ھېچنېمىنى سەزمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ. لېكىن ئەشۇ يالغۇز ئوغۇلغا تەس بولغانىدى. ئاتىسىنىڭ نامىزىنى ئۆتەشكىلى ئۇنىمىسا، ئۇنى كۆمگىلىمۇ قويۇشمىسا، ئاتا ۋارىسىغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەلەم بولامدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىزا - ئاھانەت بولامدۇ؟ مەن پات - پات ئەشۇ بىچارە ئوغۇلغا قاراپ قوياتتىم. ياخشى چارە بولسا تېخىچە تېپىلمايۋاتاتتى. ھەق ئىگىلىرى بولسا بارغانچە قىستاپ كېتىۋاتاتتى. مەسچىت ھەيئىتىدىكىلەر-نىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتقانىدى.

پالاننىڭ نامىزىنى چۈشۈرگىلى ئۇنىماپتۇ دېگەن بەتنامغا قېلىشتىنمۇ، تەشكىل ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشتىنمۇ ئەنسىرىشەتتۇق. بىرەر ياخشى ھەل قىلىش چارىسى بولسا يەنىلا يوق ئىدى. خېلى ۋاقىت ئۆتتى، كۈن پېشىندىن نامازدىگەرگە ئېگىلدى. بىر خىل ئوڭايسىزلىنىش يۈرەكلەرنى ئىزەتتى. ئاخىرى ياخشى چارىنى يەنىلا ئاشۇ ئاھانەتكە قالغان ئوغۇلنىڭ ئۆزى تاپتى. ئۇ دادىسىنىڭ تاۋۇتى ئالدىدىن قوزغىلىپ ئاستا يېنىمىزغا كەلدى.

— ئەلنىڭ تەلىپى شۇ بولسا، ئاۋۋال ھەقلەرنى قايتۇرايلى، قىسمەت دېگەن شۇ. مەن شۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا ئويلىغان، قىسمەتنى ئۆزگەرتكىلى بولماس، مېيىت تۇرۇپ تۇرسۇن، ھەق قايتۇرۇش ئىشىغا «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» گۇۋاھ - شاھىت بولۇپ بەرسە ...

ئوغۇلنىڭ ئاۋازى ئەلەملىك، قايغۇلۇق ۋە ھەسرەتلىك ئىدى. كۆرۈنۈشتىن قىسمەت ئالدىدىكى بىچارىلىقى چىقىپ تۇراتتى. مېنىڭ ئوغۇلغا ئىچىم ئاغرىپ يۈرەكلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. لېكىن ئۇنى بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالى يوق ئىدى. بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەسچىتتىن چىقىپ نىياز چېكىتنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. مەسچىتتىكى جامائەت — ھەق ئىگىلىرى ئەگەشتى. جامائەتنىڭ گۇرۇلدەپ مەسچىت دەرۋازىسىدىن چىقىشلىرىغا قارىسا، گويا بۇ مەسچىتتە جۈمەنى ۋە مېيىت نامىزىنى خالىس ئۆتىگىلى كەلگەن بىرەرمۇ ئادەم يوقتەك، پەقەتلا ھەممىسى نىياز چېكىتتىن نېسى قالغان ھەقلىرىنى ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈچۈنلا كېلىشكەندەك كۆرۈنەتتى. مەسچىت سەيناسىدا نىياز چېكىتنىڭ تەتىللا يوپۇق يېپىلغان غېرىبانە تاۋۇتى جىندەك يالغۇز قالدى.

× × ×

ھەق قايتۇرۇش دېگەن ئېلىم - سېتىمدەك ئۇنچىۋىلا ئاددىي ئىش ئەمەس ئىكەن. كىمكى نىياز چېكىتتە ھەققىم باتتى دېسە، دېگىنى بويىچە بېرىۋەرگىلىمۇ بولمايدىكەن. پاكىتلارنى ئۇدۇللاشتۇرۇشقا، ئىسپات تېپىشقا توغرا كېلىدىكەن. «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» دىكى بەش «ھەيئەت» كە خىزمەت تەقسىم قىلىۋېلىشقا توغرا كەلدى. «نىياز چېكىتتە ھەققىم باتتى» دېگۈچىلەرنى تىزىملاشقا ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن «ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى» مەسئۇل بولدى. «تەشۋىقات ھەيئىتى» بىلەن «خوجىلىق ھەيئىتى» نەق مەيداندا ئىسپاتلاشقا بولمىغان ئەرزلەرنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە مەسئۇل بولدى. مەن — «تەشكىلات ھەيئىتى» بولسام، ئەڭ ئاخىرقى ھالقا — ھەق ئىگىلىرىگە بېرىلگەن ھەقنىڭ مىقدارىنى خاتىرىلەشكە مەسئۇل قىلىندىم. نىياز چېكىتنىڭ بىچارە ئوغلى ھەق ئىگىلىرىگە قانچىلىك تىللا ساناپ بەرسە، شۇنى خاتىرىلىۋالساملا بولاتتى. ئوغۇل پولات ئىشكاپلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. باشقا ساندۇقلارنىڭ ئىشىكىنىمۇ ئاچتى. مېنىڭ كۆزلىرىم ئەشۇ ساندۇقلارغا چۈشكەندە، ئاغزىم باققالنىڭ يانچۇقىدەك ئېچىلىپ قالغانىدى. ئەگەر شۇ تاپتا گىژىلدايدىغان ئون نەچچە چىۋىن خالىغانچە ئۇچۇپ كىرىپ، ئۇچۇپ چىقىپ يۈرسىمۇ تۇيمىغان بولاتتىم. پولات ئىشكاپ، پولات ساندۇقلارنىڭ ئىچى لىققىدە پۇل ئىدى! خەلق پۇلى دەمدۇ، ئامېرىكا دوللىرى، ئەنگلىيە فوندستېرلىڭى، فىرانسىيە فرانكى، گېرمانىيە ماركى، روسىيە رۇبلىسى دەمدۇ، ياۋروپا دوللىرى، ئاۋستىرالىيە دوللىرى دەمدۇ ھەممىسى تېپىلاتتى. ياپونىيە يېنى، شياڭگاڭ پۇلى، تايلاند باختىسى، يۇگوسلاۋىيە دىنارى، بىرازىلىيە پېسوسى ھەممىسى تېپىلاتتى. ئىتالىيە لىراسى، پاكىستان روپىيىسى، قازاقىستان تەڭگىسى دەمدۇ، باغلام - باغلام ئىدى. ئالماس، ئالتۇن، ئاق ئالتۇن، كەھرىۋا، ياقۇت، بىرلىيانت، لەئىلە، زۇمرەت، سەدەپ دەمدۇ ھەممىسى تېپىلاتتى. كۆزۈمنىڭ جامدەك، ئاغزىمنىڭ ھاڭۋاقتاندەك ئېچىلىپ قېلىشى بىكاردىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھەيرانلىقنىڭ نېمىسىنى ئېيتاي؟! ئۇ كۆزۈمگە سىغسۇنمۇ؟ ئەقلىم ئۇنى قوبۇل قىلالىسۇنمۇ؟ ئەمما مەن ئەشۇ لىققىدە پۇل بىلەن تولغان ئىشكاپلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ھەق ئىگىلىرىگە ساناپ بېرىۋاتقان پۇللارنى خاتىرىلەشكە مەجبۇر ئىدىم ...

بىرىنچى ھەق ئىگىسىگە بېرىلىدىغان پۇل سانىلىشقا باشلىدى. ھەق ئىگىسى تۆت كوچا يېزىسىدا ئولتۇرىدىغان، مەن تونۇيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ قىزىنى ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نىياز چېكىتكە بەش مىڭ يۈەن پۇل بېرىپتۇ. پۇلنى بىۋاستە بېرەلمەپتۇ. پۇلنى نىياز چېكىتنىڭ كاتىپىنىڭ تونۇشىغا بېرىپتۇ. ئۇ

تونۇشى كاتىپقا بېرىپتۇ. كاتىپ نىياز چىڭىتكە تاپشۇرۇپتۇ. لېكىن قىزى يەنىلا ئوتتۇرا تېخنىكومغا كىرەلمەپتۇ ... ئوتتۇز ئىككى ھالقىدىكى گۇۋاھچى شاھىت بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ ھەق قايتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئالدىمدىكى دەپتەرگە تونجى ھەق ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى ۋە قايتۇرۇلغان پۇلنى خاتىرىلەپ يېزىۋالدىم.

ئىككىنچى ھەق ئىگىسىنىڭ دەۋاسىمۇ، تەلەپ قىلغان ھەققىنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش ئىدى. پەقەت ئۇ ئوغلىنى مەكتەپكە كىرگۈزمەكچى ئىكەن. تاپشۇرىدىغان پۇلنى نىياز چىڭىتنىڭ قولىغا يەتكۈزۈشتە، تونۇشى ئارقىلىق نىياز چىڭىتنىڭ شوپۇرىنى ۋاستە قىپتۇ. شوپۇرمۇ، تونۇشىمۇ شاھىتلىقتىن ئۆتتى. لېكىن ئۇلار «ئۇنىڭ ئوغلى مەكتەپكە قوبۇل قىلدۇرۇلغان» دەپ تۇرۇۋالدى. ھەق ئىگىسى بولسا «ئوغلۇم مەكتەپكە كىرىشنى كىردى، لېكىن ئەشۇ ئىشى ئۈچۈن پارە ئېلىشى توغرىمۇ؟ ... دەپ مۇنازىرە قىلاتتى. ھەق بېرىلىشى كېرەك ئىدى. مەن 2 - ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن قايتۇرۇلغان ھەققىنى خاتىرىگە ئالدىم ... ئەشۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا دائىر ھەق قايتۇرۇشتىن يەنە 47 ئادەمنى تىزىمغا ئالدىم. قارىغاندا «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ ئىمام ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى ھەق - تەلەپ قىلغۇچىلارنى تىزىملاش گۇرۇپپىسى خىزمەتنى تولىمۇ رەتلىك ئىشلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار تۈر - تۈر بويىچە تەرتىپ بىلەن تىزىمغا ئالغان بولسا كېرەك. ئۇلار ھەق قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ ئەشۇ تەرتىپ بويىچە كېلىشىۋاتاتتى. كېيىن ئىشچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش دېگەن تەرتىپ بىلەن كەلدى. قارىغاندا نىياز چىڭىت بىرەر يېقىن تۇغقىنىنىڭ ياكى يېقىن تونۇشىنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ بەرمىگەندەك كۆرۈنەتتى. ھەق تەلەپ قىلغۇچىلار ئوخشاشلا تونۇشىنى ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇشىنىڭ تونۇشىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا كاتىپ، شوپۇر، تۇغقىنى ۋە يەنە ئاللىكىملەرنى ئاخىرقى ھالقا قىلىپ نىياز چىڭىتكە يېقىنلاشقان ۋە پارە بەرگەنىدى. ۋاستىلەر ئوخشاش ئىدى. تۈرلەرنىڭ پارە مىقدارى ئوخشىمايتتى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ بەش مىڭ يۈەن بولسا، كادىر قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ ئالتە مىڭ يۈەن ئىدى. ئىشچى قوبۇل قىلىشنىڭ بولسا خېلىلا ئاز، ئاران ئىككى مىڭ يۈەن ئىدى. ھەل بولغان ئىشلارمۇ، ھەل بولمىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى. ئىشى ھەل بولمىغانلارغۇ ھەق تەلەپ قىلسۇن، ھەل بولغانلارنىڭ مۇتتەھەملىك قىلغىنى نېمىسى؟ مېنىڭ ئەشۇ ھەق تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ بىنومۇسلىقىغا قاراپ ھۇ قىلغۇم كېلەتتى. نېمە دېگەن نومۇسسىز ئادەملەر - ھە! ئۆز ۋاقتىدا پارە سۇڭگۈتۇشنىڭ يوللىرىنى تاپالماي «شورپىسىنىڭ شورپىسىنى، شورپىسىنىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسىنى، شورپىسىنىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسىنى» ئىزدىگەن ئادەملەرنىڭ مانا ئەمدى نىياز چىڭىت بىچارە ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلانغان چاغدا قىلغان ئەسكىلىكىنى كۆرۈڭ. بىچارە ئوغۇل پۇل سانايتتى. «بۇ پۇللارنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، بىر كۈنى كېلىپ مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم» دەپ غودۇڭشىغىنى غودۇڭشىغاندى. مەرھۇمنىڭ قىزلىرى بولسا ھۆكۈرەپ يىغلىشاتتى. بىنومۇس ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلارنى ئاغزىنى بوزۇپ تىللايتتى. نىياز چىڭىتنىڭ ياسىداق ئۆيىدە قىيامەت قايىم بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى ...

مەن 90 - ئادەمنى تىزىمغا ئالدىم. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش ۋە يەنە ئەسكەر قوبۇل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەق قايتۇرۇشلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدىم. 90 - ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىمغا ئالاي دەپ، ئەشۇ «90» دېگەن رەقەمنى يېزىۋاتقان چېغىمدا كاللامدا «بىچارىنىڭ 90 نى تولۇپتىكەنمۇ — نېمە؟» دېگەن پىكىر پەيدا بولدى. لېكىن بۇ ھەقتە ئويلاپ يۈرۈشكە ۋاقىت يېتىشمەيتتى. 90 - ھەق قايتۇرغۇچىنى تىزىمغا ئالدىم. ئۇنىڭ قايتۇرۇۋالماقچى بولغىنى پۇل ئەمەس ئىكەن. ئۇ خىزمىتىنى يېزىدىن شەھەرگە يۆتكىمەكچى بولغاندا، تونۇشىنىڭ تونۇشى؛ تونۇشىنىڭ تونۇشىنىڭ تونۇشى ئارقىلىق يەنىلا كاتىپنى تېپىپ، كاتىپ ئارقىلىق نىياز چىڭىتنىڭ بىردىنبىر بوش قالغان چوڭ بارمىقى ئۈچۈن ئالماس كۆزلۈك ئاق ئالتۇن ئۈزۈك يەتكۈزۈپ بەرگەنىكەن. شاھىدلار شاھىدلىقتىن ئۆتتى. لېكىن بىز ئۇ كىشىنى ئۈنچىۋالا ئوڭاي يولغا سالالمىدۇق. بىچارە ئوغۇل پولات ساندۇقلاردىكى پۇل ۋە زىبۇ - زىننەتلەرنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ، ئالماس كۆزلۈك ئاق ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۈزۈندىن - ئۈزۈن ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. شۇ

جەرياندا پۇللارنىڭ ئارىسىدىن ئىلتىماسلار، تەلەپنامىلارمۇ تېپىلدى. ئالماس كۆزلۈك ئاق ئالتۇن ئۈزۈكمۇ تېپىلدى. ئۇ بىر چىرايلىق قەغەز كورۇپكىدا ماگىزىندىن سېتىۋالغان پېتى تۇرۇپتۇ. بىچارە نىياز چىگىت چوڭ بارمىقىغا ئۈزۈك سېلىشتىن نومۇس قىلغانمۇ ياكى بۇنداق ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ، ئۇنى ئىشلىتىپ باقماپتۇ. كورۇپكىدا تېخى ئۈزۈك سوۋغا قىلغۇچىنىڭ شەھەرگە يۆتكەپ قويۇش توغرىسىدىكى تەلەپنامىسىمۇ بار ئىكەن. بىز ئۈزۈكنى تەلەپنامە بىلەنلا قولىغا تۇتقۇزۇپ بۇ نومۇسسىزنىمۇ يولغا سالدۇق ...

بىز ۋاقىت ناماز شامدىن ئۆتۈپ خۇپتەنگە يېقىنلاشقۇچە ئىشلىدۇق. نامازدىگەر ۋە ناماز شام قازا بولۇپ كەتكەندى. لېكىن ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلار تېخىچە تۈگىمەيۋاتاتتى. تۈنۈگۈن ئاخشام تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئېلان قىلغان نىياز چىگىتنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئېلانىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھەق قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يىراق - يىراقلاردىن، ناھىيە ئاتلاپ، ۋىلايەت ئاتلاپ ھەتتا ئۆلكە ئاتلاپ كېلىشىۋاتاتتى. تېلېگرامما - تېلېفونلارمۇ بار ئىدى. قارىغاندا بۈگۈن ھەر قانچە ئىشلىسەكمۇ ئىش ئاياغلاشمايدىغاندەك قىلاتتى. ئاخىرى ئەتە داۋاملاشتۇرۇشقا قارار قىلدۇق. خۇپتەننى، نامازدىگەر بىلەن ناماز شامنىڭ قازاسىنىمۇ ئۆتەش كېرەك ئىدى. بىز قارارىمىزنى ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلارغا ئۇقتۇرۇپ مەسچىتكە قايتتۇق. بىچارە، خورلۇققا قالغان نىياز چىگىتنىڭ تاۋۇتى مەسچىت سەيناسىدا جىنىدەك يالغۇز تۇرۇپتۇ. ھېچكىممۇ ھەمراھ بولماپتۇ. ئادەمنىڭ ئىچ ئاغرىتقۇسى كېلەتتى. بىز نامازلىرىمىزنى ئۆتەپ ئۆيلىرىمىزگە يانغاندا ئۇ يەنە جىنىدەك يالغۇز قالدى ...

2 - كۈندىكى ھەق قايتۇرۇش خېلىلا راۋانلىشىپ كەتتى. ئاخشام - كېچە مەرھۇمنىڭ ئوغلى پولات ساندۇقلارنى ئۇڭتەي - توڭتەي قىلىپ، زادىلا رەتلىنىپ باقمىغان پۇل ۋە زىبۇ - زىننەتلەر ئىچىدىن ئەسلى ئىگىلىرىنىڭ ئىلتىماسى ۋە تەلەپنامىلىرى بولغانلىرىنى بىر تەرەپكە ئايرىپ قويغانىكەن. بىز ئەشۇ ئىلتىماس ۋە تەلەپنامىلەردىكى ئىسىملارنى ۋارقىراپلا ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا كىرىشتۇق. ھەق قايتۇرۇشىمىز ئاسانلىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇلارنى ئىسپاتلاپ يۈرۈشنىڭ، قايتۇرۇلىدىغان پۇلنى ساناپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. پەقەت مەن ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمىنى ۋە ھەق قايتۇرۇۋالغانلىقىنى يېزىۋالساملا بولاتتى. قانچە پۇل ۋە قانداق زىبۇ - زىننەت قايتۇرۇۋالغانلىقىنى خاتىرىلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

مەن 313 - ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىمغا ئالدىم. بۇ ھەق قايتۇرۇۋالغۇچى ھەققىدە نىياز چىگىتنىڭ پولات ساندۇقلىرىدىن بىرەر ئىسپات تېپىلمىغاچقا، ئالدىنقى كۈندىكىدەك شاھىدلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا توغرا كەلدى. ئۇ چىگىت توغرىسىدا ھەق قايتۇرۇۋالماقچى ئىكەن. ئۇ چاغلاردا نىياز چىگىت بەكلا قاپيۈرەكلىشىپ كەتكەنمۇ ياكى ئەشۇنداق ئىشلار خېلىلا ئاشكارە تۈس ئالغانمۇ، 100 توننا ئەرزان باھالىق چىگىتنىڭ ئەركىن باھادا سېتىلىشىدىن بولىدىغان پايدىنى بۆلۈشۈش توغرىسىدا ئىككىسى ئارىسىدا ئاشكارە سودا بوپتۇ. پەقەت كاتىپلا شاھىد بوپتۇ. ئاخىرىدا نىياز چىگىت پايدىنىڭ %60 نى، ھەق قايتۇرۇۋالغۇچى مەتتۇرسۇن ھاجىم %40نى ئالىدىغان بولۇپ كېلىشىپتۇ. نەق سورۇندا ھېساب - كىتابمۇ بوپتۇ. نىياز چىگىتنىڭ نېسىگە كۆڭلى تارتمىغانمۇ، ئىشقىلىپ تېخى تەستىقلانمىغان، پاختا شىركىتىنىڭ ئامبىرىدىن ئېلىپ چىقىلمىغان، ئەركىن بازاردىمۇ سېتىلمىغان چىگىتنىڭ %60 پايدىسىنى مەتتۇرسۇن ھاجىمدىن نەق مەيداندا ئاپتۇ. پۇلنى ئېلىپ بولۇپ تەستىق يېزىپ بېرىپتۇ. ئەمما مەتتۇرسۇن ھاجىم چىگىتنى يۆتكەيدىغان چاغدا چاتاق چىقىپتۇ. نىياز چىگىتنىڭ پېيىدا يۈرگەن يەنە بىرسى كېچىدە چىگىت يۆتكەپ ماڭغان ماشىنىلارنى تۇتۇۋاپتۇ. چىگىتنى يۆتكەشكە رۇخسەت قىلماپتۇ. بۇ ئىش ئاشكارە بولۇپ قالغاندىن كېيىن، نىياز چىگىت ئالدىن ئالغان %60 پايدىنى قايتۇرسا بولاتتى. لېكىن ئۇ قايتۇرغىلى ئۇنىماپتۇ. ئەشۇ ئىشتىن كېيىن خەلق لەتىپە توقۇپ نىياز شېرىپنى «نىياز چىگىت» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. مەتتۇرسۇن ھاجىم ئەشۇ تەستىقتا بار، ئەمەلدە يوق چىگىت سودىسىنىڭ ئاتالمىش %60 نى قايتۇرۇۋالماقچى ئىكەن. كاتىپ شاھىد بولۇپ بەرگەچكە بۇ %60 مۇ قايتۇرۇلدى ...

مەتتۇرسۇن ھاجىمغا ھەق قايتۇرۇلغاندىن

كېيىن مەن يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە پەقەت چىگىت سودىسى، چىگىت تەستىقىغا دائىر ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلارنى تىزىمغا ئالدىم. ھېلىقى كېچىدە چىگىت يۆتكىگەن ماشىنىلارنى تۇتۇۋالغۇچىنىڭ تەلىيى دائىم ئوڭدىن كەلمىگەندەك قىلاتتى. چىگىت تەستىقى، پاختا تەستىقى، يۆتكەش تەستىقى ئوڭۇشلۇق ئورۇندالغان چاغلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئەمما ئەشۇ چاغدا كۈچۈكتەك غىڭشىپ، ئاسلاندەك سوۋۇنۇپ تەستىق ئالغان ۋە پايدا كۆرگەن نومۇسسىزلار ئەمدى نىياز چىگىتكە تەئەللۇق %60 نى ياكى %50 نى قايتۇرۇۋېلىشقا كېلىشكەنىدى. نومۇسسىز داۋلىيلارنى سۆزلەپ داۋا قىلاتتى. شاھىدلىرى بولغاچقا قايتۇرماي بولمايتتى. ئاتىسىنىڭ گەندىسىدە تېپىلىپ كەتكەن ئوغۇل پۇل سانايتتى. «شۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم» دەپ غودۇڭشىيتتى. مەن بولسام ئۇلارنى تىزىمغا ئالاتتىم. نەپرىتىمنى يۇتۇپ ئولتۇرۇپ تىزىمغا ئالاتتىم ...

مەن 555 - ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىمغا ئالدىم. ئەمما ئەمدى بىز ئۆزىمىزنى خېلىلا تۇتۇۋالغاندۇق. ئالەمنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، ئىشنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغان ئىدۇق. ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلارنى ساقلىتىپ قويۇپ چۈشلۈك تاماقىمىزنى ئالدىرىماي يەيدۇق. ئالدىرىماي تاھارەت يېڭىلاپ، بىسمىللا بىلەن مەسچىتكە بېرىپ ناماز پېشىن ۋە نامازدىگەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتۈدۇق. مەسچىت سەيناسىدا نىياز چىگىتنىڭ جىنەدەك يېگانە تاۋۇتى نامىزى چۈشۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. «ئالداش بايرىمى» ئۆتۈپ يېڭى ئايغا ئىككىمۇ بولۇپ قالغان، ئەتىيازنىڭ ئىسسىق ئاپتىپىدا بالدۇر تىرىلگەن چىۋىنلار تاۋۇت ئەتراپىدا گىژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى ...

555 - ھەق قايتۇرۇۋالغۇچى تۇرسۇنمەھەممەت ھاجىم ئىدى.. ئۇ قورۇلۇش ھۆددىگىرى بولۇپ، قورۇلۇشقا دائىر ھەقنى قايتۇرۇۋالغىلى كەپتۇ. يۈزى قېلىنلىقىنى كۆرۈڭ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ چاغلاردا قورۇلۇش ئومۇمىي سەرپىياتىنىڭ %5 نى قورۇلۇشنى تەستىقلىغۇچىغا تەستىق ھەققى سۈپىتىدە قايتۇرۇپ بېرىش، قورۇلۇش ئومۇمىي سەرپىياتىنىڭ %2 نى قورۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننىڭ رەھبىرىگە ۋە قورۇلۇش نازارەت قىلغۇچىغا بېرىش ھەممە كىشى بىلىدىغان، لېكىن ئېغىزدىن چىقىرالمايدىغان «مەخپىيەتلىك» كە ئايلانغانمىش. بۇ «مەخپىيەتلىك» نى ھېچكىممۇ تەكشۈرۈپ تاپالماسمىش، تەكشۈرۈپمۇ باقمىغانمىش ... ئۇ نىياز چىگىتتىن بىر نەچچە قېتىملىق %5 نى قايتۇرۇۋالغىلى كەپتۇ. بۇنىڭ بەزىسىگە كاتىپ، بەزىسىگە شوپۇر، بەزىسىگە يەنە ئاللىكىملەر شاھىد ئىكەن. شاھىدلار گۇۋاھچى بولۇپ تۇرغاچقا %5 لەر قايتۇرۇلدى. %5 لەرنى ساناپ بولۇشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى. بىچارە ئوغۇلنىڭ چېكىسىدىن تەرمۇ چىقىپ كەتتى ...

مەن شۇ كۈنى تاكى خۇپتەنگىچە قورۇلۇش ھۆددىگەرلىرىنى، ھاجىملارنى تىزىملاپ ئولتۇردۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە %5 نى ئالدىن بېرىپ قورۇلۇش ئالالىغانلارمۇ، قورۇلۇش ئالالمىغانلارمۇ بار ئىدى. ھەممىسى %5 نى قايتۇرۇۋالغىلى كەلگەنىدى. ھەتتا گۇۋاھچىسى يوقلارمۇ ئۆزىنىڭ قايسىبىر قورۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغاندا نىياز چىگىتنىڭ تەستىقلاپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىكارغا تەستىقلاپ بەرمەيدىغانلىقىنى شىپىي كەلتۈرۈپ جېدەل قىلاتتى. ئۇنداقلارغا ھەق قايتۇرۇشقا بولمايتتى. لېكىن بىچارە ئوغۇل بىزار بولغانلىقىدىن ئەشۇلارنى تېزراق يولغا سېلىشقا ئالدىرايتتى. شۇ سەۋەبلىك تېخى ئاشۇنداق گۇۋاھ - ئىسپاتى يوقلارمۇ بەش تۈمەن، ئون تۈمەندىن ئېلىۋالىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلدى ...

نىياز چىگىت نەپەس ئۈزگەنلىكىنىڭ 4 - كۈنى يەرلىككە تەگمەكچى بولغان كۈنىنىڭ 3 - كۈنى ھەق قايتۇرۇش يەنىلا داۋاملاشتى. ئەسلى تۈنۈگۈن، ھېچ بولمىغاندىمۇ بۈگۈن مەرھۇمنىڭ «3 نەزىرىسى» بېرىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن مەرھۇم تېخىچە مەسچىت سەيناسىغا قويۇلغان تاۋۇت ئىچىدە پىخسىپ ياتاتتى. مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن 998 - ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمىنى تىزىملاپ بولۇپ، 999 - ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىملاشقا ئۆتتۈم. 999 - ھەق قايتۇرۇۋالغۇچى ئىسمىنى «شياۋكۇڭ» دەپ مەلۇم قىلدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم. ئۇ «شياۋڭ كۇڭ» ئەمەس «لاۋ كۇڭ» ئىكەن. بىر قاراپلا 60 لارغا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىمنى چۈشەندى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بۇرۇندىن تارتىپ

شياۋ كۆڭ دەپ ئاتاپ كۆنۈپ قالغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى. ئۇ بىزچە گەپنى بەك راۋان سۆزلەيدىكەن. قايسىدۇر بىر شىركەتتە دەرۋازا خەۋەر ئالغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئۆلىما كۆڭزىنىڭ 100 - نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، ھەيران قالدىم. كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپمۇ كەتتى. ئۇمۇ ھەق قايتۇرۇۋالغىلى كەپتۇ. شياۋ كۆڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ غايىپنى بىلىش، ئالدىن كۆرۈش ئىقتىدارى بار ئىكەن. تېخى نوستىر داموسنىڭ بۇگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ ئىقتىدارلىق ۋارىسلىرىدىن بىرى ئىكەن. ئادەتتە مەخپىي يوسۇندا پال ئېچىپ، كىشىلەرگە كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىپمۇ قويىدىكەن. بۇنىڭدىن يەتتە - سەككىز يىلچە ئىلگىرى مەرھۇم نىياز چىگىت «شياۋ كۆڭ» نى ئىزدەپ بىر قېتىم پال ئاچتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا شياۋكۆڭ ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆزىتىپ، 30 ئەۋلاد يېتىپ يېسىمۇ يەتكۈدەك بايلىق توپلاۋالغانلىقىنى بىلىپتۇ، ئۇنىڭغا ئەندى توختاپ قىلىشنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئىت - ئېشەكتەك ئازابلىنىپ ئۆلىدىغانلىقىنى، ئۆلگەندىمۇ نومۇس ۋە خارلىقتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. لېكىن ... «شياۋ كۆڭ» ئەشۇ قېتىمقى پالنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇۋالغىلى كەپتۇ. ئۇنىڭ ئادەتتە بىر قېتىم پال سېلىشى ئۈچ مىڭ سوم ئىكەن. مەرتىۋىسى يۇقىرىلارغا پال سالغاندا بولسا بەش مىڭ سوم ئالىدىكەن. ئۇنىڭ نىياز ھېجىمگە پال ئېچىپ بەرگەنلىكىگە شوپۇر گۇۋاھلىق بەردى. شاھىد بولغانىكەن، ھەق قايتۇرۇلمىسا بولمايتتى. ئوغۇل 5 مىڭ سومنى سانىدى، مەن دەپتەرگە تىزىملىدىم ...

بەلكىم مەن يەنە 1000 - ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىملاشقىمۇ ئۈلگۈرگەن بولاتتىم. لېكىن دەل شۇ چاغدا «نىياز چىگىتنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى» «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» نى سۆيلەپ كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قاش - قاپاقلىرىدىن نىياز چىگىتنى تا ھازىرغىچە دەپنە قىلمىغانلىقىمىزغا، نامىزىنى تا ھازىرغىچە چۈشۈرمىگەنلىكىمىزگە نارازىلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلار دەۋا قىلغان ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن، بۇ بىر توپ كاززاپلارنىڭ ئادەم ئۆلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىشى، لاي سۇدىن بېلىق تۇتۇشى ئىكەن. قاراپ تۇرۇپ بولاڭ - تالاڭ قىلىش ئىكەن ... مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ سۆزلەردىمۇ داۋلى بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بىز ئالدام خالتىغا چۈشكەندەك قىلاتتۇق. ئويلىغانسېرى ئىش ئاشۇنداقتەك تۇيۇلاتتى ... ئەمما ئويلاپ يۈرۈشكە، «ھەققىمنى ئالدىم» دەپ نىياز چىگىتنىڭ بايلىقىنى ئېلىپ كەتكەنلەرنى قوغلاپ يۈرۈشكە پۇرسەت يار بەرمەيتتى. نىياز چىگىتنىڭ تاۋۇتى مەسچىت سەيناسىدا نامىزى چۈشۈرۈلۈشنى كۈتۈپ تۇراتتى.

بىز «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» دىكى بەش كىشى مەرھۇمنىڭ ئوغلىنى باشلاپ ئالدىراش مەسچىتكە قايتتۇق. «ئالداش بايرىمى» كۈنى نامازغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە ھەق قايتۇرۇۋېلىشقا كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللىقاچان تارقاپ كېتىشكەنىدى. مەسچىتكە يېقىنلاشقانسېرى بۇرنىمىزغا چىدىغۇسىز بىر خىل سېسىق پۇراقنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى سېزەتتۇق. ئەتراپتا قاچاندۇر بىر چاغدا ئۆلگەن بىرەر غالجىر ئىتنىڭ تاپىي تاشلاپ قويۇلغاندەك تۇيۇلاتتى. بىز مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، ھېلىقى سېسىق پۇراق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. نىياز چىگىتنىڭ تاۋۇتىدىن يېڭى تىرىلگەن مىڭلىغان كۆك چىۋىن گىژىلداپ ئۇچۇپ، قارا قويۇندەك كۆتۈرۈلدى. بىز شۇ چاغدىلا نىياز چىگىتنىڭ مۇبارەك جەسىتىنىڭ ئاپرېلنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىدا پۇراپ - بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلدۇق. ئىمام ئاخۇنۇم ئالدىراش مېيىت نامىزىنى باشلىدى. «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ «تەشۋىقات ھەيئىتى» جالالىدىن قارىم مەرھۇمنى تونۇشتۇرۇپ، رازىلىق سوراپمۇ يۈرمىدى. «تەشكىلات ھەيئىتى» مەن «سەپراس!» دەپ ۋارقىراپمۇ يۈرمىدىم. ناماز تولىمۇ ئالدىراش ئۆتەلدى. ئىمام ئاخۇنۇم مېيىت نامىزىدا 4 قېتىم دەيدىغان «ئاللاھۇ ئەكبەر» نى 3 قېتىم دەپلا بولدى قىلدى. ئالدىراش ھالدا ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپلا نامازنى تۈگەتكەن بولدۇق. چۈنكى مەسچىتتىن دەرھال كېتىش كېرەك ئىدى. نىياز چىگىتنىڭ جەسىتىدىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراققا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئابلەت ئىمىن

# ئەركىنلىك ۋە مۇھەببەت

(ھېكايە)

مەن پۈتۈننىڭ سەل تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەسلى بۈگۈن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىم ئالدىدا بولسىمۇ دادىل - تەمكىنرەك بولۇشۇم، يىگىتلەرگە خاس جاسارەت بىلەن قانچىلىك روھىي ئازاب چېكىۋاتقانلىقىمنى بىلىندۈرمەسلىكىم كېرەك ئىدى. لېكىن تۆۋەن تەرەپتىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھەممەيلەن گويا ئىلگىرى مېنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ئورۇق، ۋىجىككىنە بەستىمدىن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە تۈرتكە بولغان يوشۇرۇن ئامىلنى ئىزدىمەكچى بولغاندەك بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى.

بىر خىل ئىزتىراپ، ئوڭايسىزلىق ئىچىدە لەۋلىرىمنى چىڭ چىشلەپ مەخسۇس «جاۋابكار» ئۈچۈن تەييارلانغان يومىلاق شىرە ئالدىغا ئاستاغىنە قاراپ ماڭدىم. زال ئىچى جىمجىتلىققا چۆمگەن. ئۇدۇلدىكى قاتلىما ئورۇندۇقتا باش سوتچى، ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ئوڭ تەرەپتىكى ئۈستەل يېنىدا، كۈلرەڭ كىيىم كىيىۋالغان تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى ئولتۇرغانىدى. قاماقتىكى مەزگىلدە ئائىلىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە يول قويمىغاچقا ئانامنى تازىمۇ كۆرگۈم كەلدى. ئېھتىمال پولات كويزا سېلىنغان بۇ تۇرقۇمنى كۆرسە ئانامنىڭ كۆز ياشلىرى سەل بولۇپ ئاقار، بىراق ئامال قانچە، مەنمۇ كىچىك بالا ئەمەس، بۇ يىل توپتوغرا يىگىرمە ئىككىگە كىرگەنىدىم. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن بولسامۇ، گۈزەل - سەنئەت بويىچە لاياقەتلىك دىپلوم ئالغان، روھىي كەيپىياتىم جايىدا، ئەقلىم نورمال كىشىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بىر كۈنلەر كېلىپ جىنايى نام بىلەن قارا تاختاي ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ قېلىشىمنى بولسا تېخى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن.

— جاۋابكار! - سوتچىنىڭ جاراڭلىق، سۇرلۇك ئاۋازى دىققىتىمنى تارتتى.

— ئەيىبلىگۈچىنىڭ ئۈستىڭىزدىن بەرگەن شىكايەتنامىسىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى ئۇ.

— ئاڭلىدىم، - مەن خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك قەددىمنى رۇسلاپ جاۋاب بەردىم. ئەمەلىيەتتە باياتىن بېرى قولىقىمغا ھېچنېمە كىرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېنى مۇشۇ يىل نويابىردا قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن دەپ ئەيىبلەۋاتقىنى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— ئۇنداقتا شىكايەتنامىگە قارىتا پىكرىڭىز بارمۇ؟ - سوراقنى داۋاملاشتۇردى ئۇ.

— يوق، - مەن مۇۋاپىق يوسۇندا ئۆزەمنى ئاقلىماقچى، كۆڭلۈمدىكىنى ئوچۇق ئېيتماقچى ئىدىمىيۇ تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بۇ سۆزنى يۇتۇۋېتىشكە بولمىدى. ئاخىرى پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدۇم.

— ئۇنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈرۈش نىيىتىم يوق ئىدى، راستىنلا.

— سىز!، - مىكروفون ئالدىدىكى سوتچىنىڭ ئاۋازىدا پەۋقۇلئاددە سەممىمىي، قەتئىيەت تۇيغۇسى ئەكس ئەتتى. — پىچاق تىققاندا ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىش مۇمكىنلىكىنى ئويلىمىغانمىدىڭىز؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. كىشىلەر ئارىسىدا يېنىككىنە تەۋرىنىش، غۇلغۇلا پەيدا بولدى.

— مەن شۇ كۈنى ناسوس ئەكىرىش ئۈچۈن قوشنىمىزنىڭكىگە چىققان، - ئىتتىكلا شۇنداق دېدىم، - بۇ چاغدا ئەمدىلا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان بولۇپ يېقىن ئەتراپتا ھېچكىممۇ يوق ئىدى. ھېلىقى ... ھېلىقى ۋالىم بىر قولىغا پىچاق ئېلىپ، بىر قولىدا قوشنىمىزنىڭ قىزى ساجىدەمنى ساھىل تەرەپكە سۆرەۋېتىپتۇ، مەن ئۇنى قىزغا پوخورلۇق قىلمۇۋېتىپتۇ دەپ ئويلىدىم. پىچاقنى تارتىۋېلىپ ئۇنى چۆچۈتۈپ قويماقچى، ئېسىمدىن چىقمىغۇدەك ئەدەپلەپ قويماقچى بولدۇم. كۈتۈلمىگەندە بويۇن تومۇرىنىڭ كېسىلىپ

كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىكەنمەن.

— ساجىدەم بىلەن ئوتتۇرىڭىزدا قانداق مۇناسىۋەت بار ئىدى؟

— بىز يېقىن، يەنە كېلىپ قوشنا.

— سىلەر مۇھەببەتلەشكەنمۇ؟

ياق دېيىشكە تىلىم بارمىدى. مۇھەببەتلەشكەن دېسەم قانداق بولار. ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي بەدىنىمدىن چىپپىدە تەر قۇيۇلدى.

...

ئۇ مېنىڭ ئۇنچىقمايۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ياردەمچىسىگە بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن «گوۋاھچى» مەيدانىغا كىرسۇن دەپ ئۇنلۇك توۋلىدى.

بۇ ئەسنادا رەتلىك يۈلتۇرۇشقان ئەر - ئاياللار گەۋدىسىنى بوراپ ئىشىك تەرەپكە قارىۋىدى مەنمۇ بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئۇزۇن ئۆتمەي تور رومال بىلەن يۈزىنىڭ يېرىمىنى يۆگىۋالغان ئانام، ئۇچىسىغا قارا رەختتىن پىلاتى كىيىپ، پەقەت گۈللۈك ياغلىقنى چۆكۈرۈپ ئارتىۋالغان ساجىدەم ئۇششاق قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى. مەن بىردەملىككە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. خۇددى ئۇلارنى يىراقتىن، ناھايىتىمۇ يىراقتىن كۆرۈۋاتقاندەك، ئوتتۇرىدا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭ ھاڭ، قېلىن تۇساق باردەك ئۆزەمنى بەكمۇ يىگانە، غېرىپ ھېس قىلدىم.

سوتچى ھالقىلىق بولغان بىر قانچە مەسىلىنى تەپسىلىي سوراشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ بىز بۇرۇن دائىم دېگۇدەك ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق.

مەن بىر قاپ سەرەڭگە، سوپۇن سېتىۋېلىشنى باھانە قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ قېشىغا، مەھەللىمىزدىكى سېمونت كۆۋرۈك يېنىغا سېلىنغان بوتكا دۇكانغا باراتتىم. ئانام نەگە بارسەن ھىدايەت دېسە، كەچلىكى توك ئۆچىدىكەن ئانا، ئۇيدە شامىمۇ توگەپ قاپتۇ دەپ جاۋاب بېرەتتىم. چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆچمەيدىغان ئۇ قىزمۇ مېنىڭ دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا كېلىشىمنى، دۇكان يېنىدىكى ئارچا تۈۋىدە تېخىمۇ ئۇزاقراق پاراڭلىشىپ تۇرۇشنى خالايتتى.

شۇنداق گۈزەل چاغلار ئىدى - ھە.

تولۇق ھەربىي فورمىسىدا كىيىنگەن ئىككى ساقچى مۇرەمدىن چىڭ تۇتۇپ يانغا تارتقاندا، ئېغىر ئويقۇدىن ئويغانغاندەك ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

ساجىدەم كۆپ بولسا 17 لەرگە كىرگەن، بويلىرى زىلۋا، قاشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك چىرايلىق قىز ئىدى. بىز باشلانغۇچتىن تارتىپلا بىرگە ئوقۇغان. مەن تولۇق ئوتتۇرىغا ئوقۇشقا كىرگەندە، ئۇ يېزا كوپېراتىپى نامىدىكى دادىسى ئاچقان خۇسۇسىي دۇكاندا مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇمە چاچلىرىنى پۈتۈن يۆگەپ مەھەللىدىكى موللامدا دىنىي دەرس ئوقۇپ يۈرگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىم. ساجىدەم ياشتا كىچىك بولغىنى بىلەن ئەقلى ئۆتكۈر، زېھنى ئۇچۇق ئىدى. قاراشلىرى ئۆزگىچە، گەپنى ئەگىتمەي تۈزلا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىم، دىنىي دەرس ئېلىشىغا بىرلا نەرسە تۈرتكە بولغان، مەن يەنە بىر ئىشتىن قاتتىق زەربە يېگەن دەيتتى. لېكىن بۇنىڭ قايسى ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قاچانلاردا باشلانغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ بىز تولاراق كىشىلىك تۇرمۇش، جەمئىيەت ھەققىدە پاراڭلىشاتتۇق. مەن ئۇنىڭدىن تۆت - بەش ياش چوڭ بولغىنىم ئۈچۈنمۇ قىز مېنى ئاكىسى، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن كىشىسى سۈپىتىدە كۆرەتتى. كوچا - كويلاردا كىمنىڭ ئۆزىگە ھەزىل چاقچاق قىلغانلىقى، ئۇلارغا قانداق رەددىيە بەرگەنلىكىنى كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. بەزى ئوغۇللارنىڭ تەبىئىي ئارىلىشىپ ئۆتكەندىن كېيىن «مۇھەببەت» ھەققىدە ئېغىز ئاچىدىغانلىقىنى ئويلىسام، قورققۇم كېلىدۇ، ئىلاھىم بىراۋنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش تۇيغۇسىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلا دەيتتى. مەن ئۇنىڭ ساددا، كىچىكلىكىدىن، چۈچۈك لىۋەنلىكىدىن سۆيۈنەتتىم. ھاۋا رەڭ ياغلىقنى ئالدىدىن چىگىپ نېپىز كىيىملەرنىمۇ كىيمەيدىغان قىلىقلىرىنى كۆرسەم، شەرمى ھايانىڭ نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان روھىي قىياپىتىدىن مەستلىكىم كېلەتتى. خۇددى سىڭلىم ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن كىشىنى ياخشى كۆرگەندەك بىر كۈن كۆرمىسەم چىدىمايدىغان، پاراڭلاشقانسېرى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ھەر ئىككىمىزگە مەلۇم بولغان بۇ ھېسسىيات، تۇيغۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى، باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرگىلى بولمايتتى.

بەلكىم نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسا

كېرەك. تورمىگە قامىلىشتىن نەچچە سائەت بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشتۇق. مەن تېرىلغۇ يەردىكى كۈزلۈك سەي، ئوت - چۆپلەرنى باغقا توشۇۋاتقان، يالىڭاچلانغان دەرەخلىق يولىدا ساجىدەم نېمىگىدۇر بىر ئىشقا خاپا بولغاندەك قەدەملىرىنى ۋەزمىن يۆتكەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا سۇس يېشىل رەڭلىك پوپايكا، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق مېغىزرەڭ توپلى كىيگەن، بېشىدىكى زەر پۆپۈكلۈك ياغلىقى ئۆزىنىڭ ئىسمىگە تولىمۇ ياراشقانىدى.

— سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم ھىدايەت، - دېدى ئۇ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى كۆزلىرىنى ماڭا ئاغدۇرۇپ بىر مىنۇتچە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن. ياردەم قىلامسىز؟

— نېمە ئىش ئىدى ساجىدەم، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ - ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مەيۈس، سۇلغۇن كۆرۈنۈۋاتقان تۇرقىدىن ئەنسىرەپ ئېھتىيات بىلەن سورىدىم.

— ياق، - قىز دۈلمىسىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ خۇرسىندى، - قاراڭ، مەن كىچىككىمدىنلا ئاتامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت تېپىپ بولغىچىلىك دۇكان ئېچىپ ئولتۇرۇپتىمەن، ئەمما ... ئەمما دېمەكچى بولغىنىم بۇ ئەمەس، - ئۇ خاراكتېرىگە ماس كەلمىگەن ھودۇقۇش ئىلكىدە قىزىرىپ، نېرىقى ئېتىز بېشىدا قۇرۇپ قالغان يانتاق گۈلىنى شىرتتىدە ئۈزۈۋالدى - دە مىقتەك تىكىلدى.

— سىزنىڭچە بىر ئۆمۈر توي قىلماي تەنھا ئۆتسە گۇناھ بولارمۇ؟

پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىپ، يۈرۈكۈم سىماپتەك ئېرىپ كەتتى. ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ قاچقۇم، بىپايان ئىدىرلىق - ئورمانلىقلارغا كىرىپ كەتكۈم كەلدى. ئىنسانىيەت ئالىمى ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە تورمۇش قۇرماي بەختىنىڭ مۇكەممەل پەيزىنى سۈرگەن كىممۇ بار؟

قىزنىڭ يۇمىلاق مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سۇرۇلگەن ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ تاقەتسىزلىك بىلەن قوللىرىنى تۇتۇۋالدىم.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز ساجىدەم، زادى نېمىشقا ئەندى؟

— مېنى ئىزدىمەيلا قويۇڭ ھىدايەت، - ئۇ قولىنى تېزلا تارتىۋېلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى، — دادام كۆرسە خاپا بولىدىكەن شۇ. قاش قارايغاندا ساسلىقتا چىقىدىغان تار يولدا سىزنى ساقلايمەن، خوش.

قىز ئىنچىكە بارمىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. مەن بەئەينى سېھىرلەنگەندەك، تومۇرلىرىمدىكى قان قېتىشىۋالغاندەك ھارۋا شوتىسىغا مەھكەم يۆلىنىپ قاراپ قالدىم.

بۇ مەزگىلدە كەچكۈزنىڭ سوغۇق شامالىرى باشلانغان، مەن كۈندۈزى شەھەردىكى گۈزەل - سەنئەت كۇرسىغا قاتناشسام، بىر تەرەپتىن ئائىلە ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەتتىم.

ساجىدەم بىلەن بىزنىڭ ھويلا ئوتتۇرىسىغا پاكار ئۆسكەن جىگدە، شاخ - شۇمبىلاردىن پاسىل ياسالغان، ئىشىك تۈۋىدە قىشمۇ - ياز ئۈزۈلمەيدىغان ئېقىن بار ئىدى. ئۇلار تەرەپتىكى تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بەش مىنۇت ماڭسا ئاۋۋال قۇچاق يەتمەيدىغان چوڭ بىر تۈپ ياڭاق دەرىخىنى ئۇچراتقىلى، كېيىن بىپايان كەتكەن ئېتىزلىق، قومۇساڭغۇ يەرگە چىققىلى بولاتتى. ئىلگىرى بىز ئۇزۇنىسىغا كەتكەن ئەگرى - بۈگرى سەھرا يولىدا، نۇرغۇنلىغان قىز - يىگىتلەرنىڭ خۇپىيانە سىردىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بولساقمۇ دىققەت قىلمىغان، پەرۋا قىلىشمىغانىدۇق. ئەجەبا ساجىدەمنىڭ قانداق زورۇر گېپى بولۇشى مۇمكىن؟ مەن ئانامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، قورسىقى ئېسىلىپ قالغان نەسىللىك قوينى چارۋا دوختۇرىغا كۆرسىتىش مەقسىتىدە كېلىۋاتقان ئىدىم. ۋاقىتتىن ئون نەچچە مىنۇت كېچىكىپ قالدىم. بۇ چاغدا تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەن، ساجىدەم ھېلىقى ياڭاق دەرىخى تۈۋىدە نەدىن پەيدا بولغانلىقى نامەلۇم يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى ۋالىم بىلەن تۇراتتى. ۋالىم 18 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، دوغلاققىنە كەلگەن بالا بولۇپ، قىز بىلەن بىر ئىشتا تالىشىپ قالغان بولسا كېرەك، ساجىدەمنىڭ يۈزى تاتارغان، ئۇ بىر قولىدا قىزنىڭ بىلىكىنى، يەنە بىر قولىدا ياقۇتتىن كۆز ئويۇلغان قىسقا ساپلىق خەنجىرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. بىز دەريا بويىدا مال باقىقاندا، ھەمىشە «ر» تاۋۇشىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي كۈلكىگە قالىدىغان بۇ ئەخمەق پىچىقىنىڭ بەكمۇ ئۆتكۈر، ئىتتىكلىكىدىن ماختىنىپ داۋراڭ قىلاتتى.

— سەن نېمىشقا كەلدىڭ ھىدايەت! - ئۇ ماڭا

قەھرلىك ۋارقىرىدى، - مەن توي قىلىدىغان قىزىم بىلەنمۇ پاراڭلىشىپ تۇرمايمۇ، ياخشىسى ئارقاڭغا قايت!

— ئاغزىڭنى يۇم! - قىز ئۇنىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ بىر تەستەك سالدى. نۇيۇقسىز زەربىدىن ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن ۋالىم بولسا ئۆزىنى ئوڭشاپ، خۇددى يېڭى تۇغۇلغان چۈجىنى قاماللىغاندەك قىزنى كۈچ بىلەن ئىرغىتىپ تاشلىدى.

— ھىدايەت! - قىزنىڭ مېنى چاقىرغان قورقۇنچلۇق، ئىنچىكە ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم، دەسلەپىدە ئۇنىڭ قىزنى ئىتتىرگەن قول بېغىشلىرىنى قايتۇرۇۋېتىشنى، ئېسىمدىن چىقمىغۇدەك ئەدەبلەپ قويۇشنى ئويلىغان بولساممۇ، بىسلىرى پارقىراپ تۇرغان پىچاق ئالقىنىمغا چىققاندا ھەممە، ھەممە ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئاچچىق ئەسەبىيلىكتىن نېرۋىلىرىم بوشاشقان، غۇرۇر ئىپتىخارلىرىم شۇنچىلىك دەپسەندە بولغان ئىدىكى، كۆزلىرىمدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلغانىدى.

ئەتراپنى قويۇق تۇمان، قاراڭغۇلۇق باسقان تىنچسىز ئاخشامدا قىيا - چىيانى ئاڭلاپ كەلگەن قولۇم - قوشنىلارنىڭ «چاپسان، هارۋا تەييارلاپ ۋالىمنى دوختۇرغا ئاپىرايلى» دېيىشكىنى، قالايمىقان ئاياغ تىۋىشلىرى، مايسىرىغان چاقنىڭ غىچىرلاپ ماڭغىنى ئۇزاققىچە بېسىلمىدى. مەن بۇ يەردە ئۆتكەن ئىشلار، ساجىدەمگە بولغان مۇھەببىتىمنى ئۇچۇق بايان قىلالمايتتىم. سوتقا سىرتتىن قاتناشقان بارلىق كىشىلەر، جۈملىدىن تەپتىش ئەمەلدارى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ قالسا مېنى كۈندەشلىك ھېسسىياتىغا بېرىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن دەپ قارايتتى. ئەكسىچە مەن باشتىن-ئاخىر ئۇنداق نىيەتتە بولمىغان دېيمەن ئىچىمدە، راست ئەمەسمۇ؟

مەن بەلگىلەنگەن خاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ يۇقىرىقىلارنى ئويلىدىم. سوتچىنىڭ گۇۋاھچىدىن سورايدىغانلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئادۋوكات مېنى ئاقلاشقا باشلىدى. ئەدلىيە ئىدارىسىدىن كەلگەن 40 ياشلاردىكى ئۇ ئادەم ھېچبولمىغاندا مەندە شۇ كۈنى قاتىللىق قىلىش خىيالىنىڭ بولمىغانلىقىنى شەرھىلەپ، ئۆلگۈچى بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتىمنىڭ يوق، يەنە كېلىپ پىچاقنىڭمۇ مېنىڭ ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئەيىبلىگۈچىنىڭ «قارشى تەرەپ» ئىككى كۈندىن كېيىن قىزغا چاي ئىچكۈزمەكچى بولغان دېگەن سۆزىگە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھېچكىمنىڭ قىزغا زورلۇق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تولىمۇ رازى بولدۇم. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئىكەنمەن جازاغا تارتىلىشىم كېرەك. شۇنداقتىمۇ نېمە ئۈچۈن جىنايەت سادىر قىلغانلىقىمنى باشقىلارنىڭمۇ بىلىپ قېلىشى زۆرۈرغۇ.

ئۇچۇقنى ئېيتسام قاماقتا ئۆتكەن بەش ئايلىق ھايات ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. مەن ئۈستى پولات چىۋىق بىلەن تورلانغان كامېردا، ئەتىگەنلىكى بېرىلىدىغان ئىككى بولكا بىلەن بىر ئىستاكان قايناقسۇنى كۈتۈۋېتىپ ھېلىغىچە بېسىپ ئۆتكەن يوللۇرۇم، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان، ئەجرىنى قايتۇرالمىغان ئانامنى ئويلىدىم. ئىنسان ئۆمرىنىڭ چەكلىك، ۋاقتىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك بولىدىغانلىقىنى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشىنىپ يەتتىم. مانا ئەندى سوت كەڭچىلىك بىلەن ھۆكۈم چىقارغان تەقدىردىمۇ ئون يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ئائىلىگە قايتالماسلىقىم مۇمكىن. گەرچە بۇنىڭ بىلەن ئۆز قىلمىشىمدىن پۇشايمان قىلساممۇ، كۆزىگە ياش ئېلىۋاتقان بىچارە ئانام، قايغۇرۇشۇۋاتقان دوستلىرىمنى كۆرۈپ ئەينى ۋاقىتتا ماڭا قولۇمنى كىر قىلمايدىغان باشقىچە ئۇسۇل - چارە تېپىلماسمىدى - دېگەن سوئالنى قويىمەن. دۇنيادا سۆيگۈ - مۇھەببەت ھەممىدىن ئۇلۇغ، لېكىن كىشىلىك قەدىر - قىممەتمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر ئىكەن. مەن ساقچى ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئىككىنچى قېتىم تۈرمىگە ماڭغاندا بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدىم. مۇبادا بىراۋ مەندىن سىز ئەركىنلىك ھەم مۇھەببەتكە قانداق قارايسىز دېسە، ئەلۋەتتە مەن ھەر ئىككىسى مۇھىم، بىر - بىرىدىن قىممەتلىك دەپ جاۋاب بېرەتتىم. چۈنكى ئۆزۈم مۇقەددەس بىلگەن بۇ نەرسىلەرنى ھەر قانچە يۇقىرى بەدەل تۆلەپمۇ قايتۇرۇۋالالمايتتىم.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئابدۇقادىر سادىر

# ئاغىدىن - باغىدىن تۈزگەن نەزمىلەر

## رىقابەتتە ئايلىنار پەلەك

يارالغاندىن بىرى بۇ دۇنيا،
بىر نۇقتىدا ئايلىنار پەلەك.
سىرى ئەجەب تەڭسىز مۇئەمما،
باراڭ ھەيۋەت، ماجالسىز پىلەك.
تەيسى ئۈچۈن ئىنتىلەر ھەر جان،
تىرمىشىدۇ تۇرۇپ يانمۇ يان.
بىرى ئىچەر ئاقسا بىرىدىن قان،
جانلىرىغا سېلىشىپ ئىگەك.

رىقابەتتە ئايلىنار پەلەك،
گەردىشىدە تالىشىش - ھەسەت.
ئىت ئۇستىخان ئىشقىدا ھەلەك،
ئايلىنار زاغ دىلدا كۈرمىڭ دەرد:
«ئالسام چوقۇپ ئىتنىڭ كۆزىنى،
(ئەتسەم تامام تۈن، كۈندۈزىنى).
تاپ بىلەن «ھاپ» ئەتسەم ئۆزىنى،
قالسا ئامەت ماڭىلا پەقەت».

رىقابەتتە ئايلىنار پەلەك،
سۇ ئاقىدۇ قەستىدە ئوتنىڭ.
كۈلسە باھار بەھرىدىن چېچەك،
ئىچى ئادار كۆكتە بۇلۇتنىڭ.
نۇر - قۇياشنى قاغار شەپىرەڭ،
چوغلۇقىنى ئۆزدىمەس ھەپىرەڭ.
تۈگمەيدۇ شۇنداق نىزا - جەڭ،
ھۇزۇرىدا ھەم تەگرىقۇتنىڭ.

رىقابەتتە ئايلىنار پەلەك،
ئىزدەر يۇمران چۆپلەكنى توشقان.
ئارقىسىدا تۇرۇپ يەڭ - بىلەك،
ئۇۋچى كېلەر كۆتۈرۈپ قاپقان.
ھەر ئىككىسى قورساق كويىدىن،
كېچەلمەيدۇ ۋەسۋەس ئويىدىن.
ئۇۋچى غولاپ يارنىڭ بويىدىن،
كېتەر بەزەن كۆڭلىدە ئارمان.

رىقابەتتە ئايلىنار پەلەك،
بۆرە يۈرەر قەستىدە قوينىڭ.
چوپان ئۇندىن ئۆتەر بىر كەمەك،
تېرىسىنى كۆزلەر بۆرىنىڭ:
«ئېتىۋالسام كۆكسىگە دەللەپ»،
ئەتسەم جۇگا تېرىسىنى ئەنلەپ.
شۇ دەم بۆرى سەييادنى پەنلەپ،
نېسىپ ئەتتى ئەكسىن شۇ ئوينىڭ.

رىقابەتتە ئايلىنار پەلەك،
ئويىنتىدۇ دېڭىزنى بوران.
ئۆتەر لەھەڭ ئۈزۈپ ئۇندا يەك،
بېلىقلارغا بولۇپ ھۆكۈمران.
يۈرسە ئۆچكە جان قايغۇسىدا،
كۆيەر قاساپ ماي قايغۇسىدا.
(ئۆتەر ھەر كىم ئۆز ئارزۇسىدا)،
پەريادلاردىن پەرۋايى پەلەك.

رىقابەتتە ئايلىنار پەلەك،
كۆيەر دېھقان ئوتىدا داننىڭ.
باققال سىلار خىيالىدا ئىگەك:
«تېپىۋالسام پۇلىنى نانىنىڭ …»

توسۇپ تۇرۇپ بازار يولىنى،
ئالار تۇتۇپ دېھقان قولىنى.
ھېرىپ كەم - كەم نەرقى - پۇلىنى،
قالار شۇلۇپ گۆشىنى دېھقاننىڭ.

رىقابەتتە ئايلىنار پەلەك،
تۈگەر سامسا ئالدىراپ ناۋاي.
ئىچ - باغرىنى يەيدۇ بىر تىلەك،
«بولۇپ كەتسەم بىر كۈندىلا باي».
تۇۋلايدۇ خېرىدارنى ساز،
ئەمما زۇۋۇل كىچىك، قىيما ئاز.

نەق قىيمائۇ، كۆك بىلەن پىياز،
ساتتى، كەتتى، مۇددىئا بۆلەك.

رىقابەتتە تۆرەلگەن دۇنيا،
رىقابەتكە تارتىدۇ سىزىك.
تەكتى شۇنداق سىرلىق مۇئەمما،
يۈرىكىدە تۈنەيدۇ «كىزىك».
قالغاچ ئۇشبۇ ئۇدۇم ئەسلىدىن،
ئەلمىساقنىڭ پۇشتى - نەسلىدىن.
بۇ «مەن» يەنە بىر «مەن» قەستىدىن،
قالغىنى ئاز قۇتۇلۇپ تىرىك ...

## خانىش ياتار زۇلمەت قەسرىدە

ياپتى قانات ئاسمان بېتىگە،
قارا قۇشتەك قارا بىر دىۋە.
سوقۇپ سېپىل چۆرە - چېتىگە،
ئەتتى يىنا سۈرلۈك بىر قەلئە.

ھەرىكىتىدىن قالدى كائىنات،
ئەيلەپ سۈكۈت تۈنگە - زۇلمەتكە.
ئىسكەنجىگە ئالغاندەك ھامان،
تويۇلىدۇ ھەر بىر يۈرەككە.

خانىش ياتار زۇلمەت قەسرىدە،
ياقا يىرتىپ ئاچچىق تولغاقتىن.
ياتار سىكونت ساناپ ئەسرىدە،
قۇشلار بىزار بولۇپ قونداقتىن.

يۇرقۇيدۇ تۈن يىراق - يېقىنغا،
گاھى مۇزدەك، گاھ ئىللىق نەپەس.
پىستان باسار گاھى چېقىنغا،
بىر چۈشەكەپ، ئويغىنىپ بىر پەس.

بىراق، يىمەي ۋايىم زۇلمەتتىن،
بىر مەلىكە ئوينار مۈكۈشمەك.
ئەتراپىدا ئاتا ھۆرمەتتىن،
كۆز چاقنىتار تومەن كېنىزەك.

ئۆتۈپ كەتتى ئاداققى تولغاق،
نۇر تەۋەللۇت ئەيلىدى خانىش.
كۆك سەتھىدە كۈلۈپ بىر بوۋاق،
كائىناتقا باقار زەپ رايىش.

نۇر ئىنگەللەپ تەختى زۇلمەتنى،
باشلىنىۋەتتى يېڭى بىر ھايات.
ئىزھار ئېتىپ ئاتا ھۆرمەتنى،
قاقتى زېمىن خۇشلۇقتىن قانات.

قىسمىتى كۆپ ئىكەن ھاياتنىڭ،
بىر - بىرىگە باقماسكەن ئىشلار.
گاھ جىدىلى ھايات - ماماتنىڭ،
گاھى تاڭ - تۈن ئارا چېلىشلار.

## ئەھ، يامغۇر ...

نەرە تارتىپ قوترىغان بوران،
ياپتى قانات كۆككە زۇلمەتتىن.
كەتتى يۇتۇپ دىۋىدەك گويا،
گۈزەللىكنى ئۇ تەبىئەتتىن.

شۇ يوسۇندا ئۆتتى نەچچە كۈن،
روي زېمىنغا ئۇرنىدى كىر قات.
باغلار مۇڭلۇق، بۇلبۇللار داغدا،
باستى جىمى دىلنى سۈكۈنات.

گۈزەللىككە ئاشىق دىللارنىڭ،
قەھرى كەبى چېقىلدى چېقىن.
تۆكتى ئاسمان شادلىقتىن كۆز ياش،
جىرالاردا ياسالدى ئېقىن.

سۇرۇپ كەتتى بىر پەستە يامغۇر،
كۆك سەتھىدىن چاڭنى - تۇماننى.
كۆلدى پارلاپ تەبىئەت گۈزەل،
نۇرغا بۆلەپ جىمى جاھاننى.

چالدى چاۋاك سۇمبۇللار - تاللار،
چۈشتى ساما ئەۋجىگە تاغلار.
گۈزەللىكنىڭ پەرىشتىسىگە،
گۈل پاياندار يايدى گۈل باغلار.

ياقتى ئىللىق لىۋىنى سابا،
ھەر مەۋجۇدات رۇقسار يۈزىگە.
ئەتتىم قىياس غۇبارسىز كۆكنى،
دىلبىرىمنىڭ شەھلا كۆزىگە.

ئىھ، شۇ يامغۇر بەخت ئۇچۇرى،
ھامىي ئىكەن گۈزەللىككە چىن.
يۇيۇپ كەتتى كۆڭلۈم كىرىنى،
نۇر تەۋەللۇت ئېتىپ سىھرىدىن.

## بەدەل ۋە نېسىۋە

سەپىرىدە قايناق ھاياتنىڭ،
ئۆتتى نىگاھ تاشلاپ بىر گۈزەل.
شېرىنسىدەك قەنتنىڭ - ناۋاتنىڭ،
تۇتۇپ ئالدى مېھرىمنى تۈگەل.

شۇ ئىلتىپات - ئاشۇ نىگاھتىن،
ۋۇجۇدۇمغا چاقماق ئۇرۇلدى.
تىلىگەنتىم مەلھەم ساباھتىن،
ئۇستىلەپ ئوت - ئاتەش قويۇلدى.

شۇندىن بىرى كەلدىم گۈزەلنىڭ،
پىراقىدا بولۇپ سەمەندەر.
مەن تۆلىگەن سانسىز بەدەلنىڭ،
ۋۇجۇدىدىن تۇغۇلدى زەپەر.

يىگىتلىكتە پىراق سالغان يار،
قىرانلىقتا ياقتى لىۋىنى.
چەككەندە گۈل چىكىلەرگە قات،
ئالدىم قۇچۇپ ۋىسال تېگىنى.

ئارمانلاردىن تۇغۇلغان سۆيۈش،
ئەتتى بۈگۈن بەختىگە قولداش.
شۇ ساداقەت - ئاشۇ چىن كۆيۈش،
ئاستى ئىقبال كۆكىگە قۇياش.

ئۆتتۇق كۆيۈپ دىلدىن تالاي يىل،
مەن نىگارغا، نىگارىم ماڭا.
چىقىپ قالدى ئەمدى «ئۇششاق تىل»،
ئايرىلالماس بوپ قالدۇق مانا.

ئىشقىمىزدىن ئۇخچىغان بۇلاق،
ئاقتى جۇشقۇن ھەر دىل قېتىغا.
كۆلدى گۈللەر تەكتىدىن سانجاق،
مىندۇق دېمەك زەپەر ئېتىغا.

يىگىتلىكتە بىخ يارغان تىلەك،
ئېلىپ كەلدى قىرانلىقتا قۇت.
ئىجادىمدىن ياشنىغان چېچەك،
تۇرار يېقىپ دىلغا يەنە ئوت.

## يەكۈن

مەن ئىجادتا ياقىلاپ سۇپا،
شىئېر بىلەن تىكلىدىم ئاياق.
ئارمانلىرىم كېلەر جىدەللەپ،
گاھ ئاتتا مەن، گاھىدا ياياق.

نەزمىلىرىم بەزىدە تاتلىق،
كەلدى چىقىپ بىرىدە قوناق.
ئېسۇەم شۇ ئوخشايدۇ ۋە كېيىن،
پىروزىغا كۆتەردىم بايراق.

گاھ تەمتىرەپ، گاھىدا مەغرۇر،
كېلىمەنۇ مەنزىلىم يىراق.

كېرىلىشكە ھەققىم يوق شۇڭا،
ئۇرغاندىمۇ ئالتۇن قوڭغىراق.

مەقسىتىم شۇ يىللار بىلەن تەڭ،
ئۆتسە ياشاپ ئەمگىكىم ئۇزاق.
مەن بېھىشكە دەيمەن مۇيەسسەر،
باسقاندىمۇ قەۋرەمنى شىۋاق.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)

# شېئىرلار

## تاشلىنىش

تاشلىنىپ ئۇيۇقنىڭ كۆزىگە،
يۇيۇلدى نۇر بىلەن ئەقىدە.
يەر چىشلەپ يىقىلدى دۇئىلدا،
سارغايغان كۆرۈمسىز ئىرادە.

ئەسىرگە ئىلىندى ئارازلىق،
كۆل بولۇپ سورۇلدى خىيانەت.

ئەرشكە يېيىلدى نامىمىز،
دىللاردا چېچەكلەپ دىيانەت.

قايىندى يۈرەكتە ئىزتىراپ،
دەۋرىگەچ مېھىرلەر سەل بولۇپ.
چېقىلدى پىتنىلەر چىنىسى،
ئېچىلدى چىن دوستلۇق گۈل بولۇپ.

## قۇياش لېرىكىسى

قۇياش ھەر كۈنى سەھەردە «مەن گۇناھقا تولغان بۇ زېمىنغا يۈز ئاچمايمەن» دەپ زار - زار يىغلاپ، ئۇيۇق يۈزىنى قانغا بوياپتۇ. پەرىشتىلەر ئۇنى ئوت زەنجىر بىلەن باغلاپ سۆرەپ، ئىتتىرىپ مەجبۇرەن كۆككە چىقىرارمىش. — «قۇرئاندىكى قىسسەلەر» دىن.

پاكلىق بىلەن تولدى لىق ئالەم،
قەلبلەرگە يول ئالغىن - ئاققىن.
بوغۇزلانماي بىھۇدە ئەي قۇش،
چىق ھوجرائىدىن ھەسرەتنى چاققىن.

سېلىنماستا بويىنۇڭغا زەنجىر،
قېنى خالىس بىر كۈلۈپ باققىن.
ئېچىرقاشتا قالدى كائىنات،
سەن ئىشقىڭنى كۆكسىگە تاققىن.

گۇناھلارنى تالاتتۇق ئىتقا،
سۆيمەلەرگە قان تۆكۈپ يۈرمە.
جۇل كېپەنگە ئوراپ زېمىننى،
ئاچچىق كۈلۈپ قاپاقنى تۈرمە.

ھەممە قالسۇن ھەيران - ھەس بولۇپ،
ھەيۋەڭ بىلەن پارلىغىنە بىر.
پاچاقلانسۇن زۇلمەت تەپتىڭدىن،
كۆڭۈللەردىن يۇيۇلسۇن غەم - كىر.

## بىر جۈپ قوشقاچ سايرىغان شاختا

ئىمانىنى دو تىككەن جۇدۇن،
كومپاس چۈشەپ يۈرىدۇ ئېقىپ.

ۋەدە نامە يىرتىلغان بىلەن،
تاشلانمىدى ئەقىدەم چېقىپ.

بىر جۈپ قۇشقاچ سايرىغان شاختا،
مىغىلدايدۇ بەتتام كۆلكىلەر.
ۋاقىت يېشى كىرمەستىن ئۇنىغا،
ھەر دوقمۇشتىن ئۇنەر تۈلكىلەر.

يايمىسا گەر بوقچا تەزكىرەڭ،
قارار گاھىڭ بوغۇزلايدۇ جان.
ئەخمەق بولۇپ سايلانغىچە ئۇ،
قىل سەدىقە ئاڭا لازىم قان.
بىر جۈپ قۇشقاچ سايرىغان شاختا.

## ھەر ئىككىسى ...

بەڭۋاش ئوغۇل بۇيرۇققا خىلاپ،
بەرمىگەچكە سۆڭەكنى زاۋال.
ئىت يۇندىغا بېشىنى چىلاپ،
چۈشەكەيدۇ شىرىن، بىمالال.

چۈشەكەيدۇ شىرىن، بىمالال،
خوجايىنى ئىشىنىپ ئىتقا.
ئۇيغىنىشتىن ئىككى جان ئاۋۋال،
شورا پەيدا بولدى تام - چىتقا.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

نامانجان تۇرسۇن

# كۆڭۈل سۈرەتلىرى

1

تارىدەك تىترەيدۇ تەن، باقساڭ كۆزۈمگە «لاپ» قىلىپ،
چالىدۇ يۈرەكمۇ ھەم كۆكرەك تېمىنى داپ قىلىپ.
مەن قاچان كۆيدۈم ساڭا؟ (بەلكىم تۇغۇلغاندىن بىرى)،
ئەيلىدى تۇتقۇن مېنى، ئىشىق لەشكىرىڭ دەسلەپ قىلىپ.
ئوتقا چۈشكەن قىلغا ئوخشاش تولغىنادۇرمەن ئەجەب،
كىرپىكىڭنى سانچىما، كۆكرەككە تىغ - ئەسۋاب قىلىپ.
سېنى دەپ، بىرسىنى دەپ، يادنامە پۈتتۈم قانچىلاپ،
دېمىگەيسەن: يۈرمىگىن، ۋاقتىڭنى كۆپ ئىسراپ قىلىپ.
دەيدۇ نامان: رازىمەن، قىلسام ئىبادەت بىر ئۆمۈر،
شۇ قەلەمقاشلىق نىگارنى قىبلىگاھ - مېھراپ قىلىپ.

2

قاچان ئازدىمكى، بىلمەيمەن، سېنى دىلدار قىلىپ ھەي، ھەي،
ئۆزۈڭ سۆيدۈرگىنىڭ راستقۇ؟ كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ ھەي، ھەي.
ئاياغىڭغا قىلىپ سەجدە، قەسەم يازغانغۇ ئاق گەجدە،
كۆڭۈلنىڭ ئىشىمۇ توۋا! سۆيۈش ئېتىبار قىلىپ ھەي، ھەي.
«ئۆمۈرلۈك بىللىدۇر جايىم، قىيامەت بولسىمۇ قايىم»،
دېگەنلەر ئۆچتىمۇ يەلگە، ئۆزۈڭ ئىنكار قىلىپ ھەي، ھەي.
ئۇزاق ئۆتمەي ئايلاندىڭ ھازا زۇلغا، پېقىر قۇلغا،
قويۇپ پۇشماندا، كۆڭلۈمنى تېگى يوق غار قىلىپ ھەي، ھەي ...
سېنىڭ ئىلكىڭدە ئەرك - رايىم، مېنى ھەممە دېدى «سايىم»،
يۈرۈيمەن ئاشۇ سۆيگۈڭنى ئۆزۈمگە دار قىلىپ ھەي، ھەي. !

3

دېدىڭ: ماكچايمىسا بۇرنۇڭ، قېنى! تارچۇققا بارغاندا،
تىلىم قەھرى ئۇرۇپ قامچا، سۆزۈم «قانجۇق!» قا بارغاندا.
چىرايىڭ خۇددى مۇز ئىرۇر، دېدىڭ: بۇ، مەندىكى غورۇر،
ئېچىلدىڭ مىسلى ئاپتاپتەك، قولۇم يانچۇققا بارغاندا.
ئىكەنسەن يېپى يوق لەگلەك، مىسالدا تۇۋى يوق ئەگلەك،
تونارسەن شۇندا ئەسلىگنى، دىلىڭ «بۇق - بۇق» قا بارغاندا.

4

مەيلى بار بولسا كەپەڭ، ئايۋان سارايىڭ بولمىسا،
مەيلىلا يەر بولسىمۇ، پەشتاقتا جايىڭ بولمىسا.
ئادىمىلىك قىممىتىنى ساقلىماق خىسلەت ئىرۇر،
كاتتىلارنىڭ سېپىدە، مەيلى قاتارىڭ بولمىسا.
باشقىلارنىڭ بېغىغا قول سۇنمىغىن (مېھنەت ئۇنىڭ)،
يە قېقىپ جىگدەڭنىسەن، شاپتول، ئانارىڭ بولمىسا.
قىلما كۆڭلۈڭنى مالال، باي قىلمىدى دەپ، سەن - ھالال،
چال دېپىڭنى ياڭرىتىپ، دۇتارغا تارىڭ بولمىسا.
ئۆز تەرىڭدىن، ئايىنىغان ئۇنچە سېنى ئاچ قويمىغاي،
ئەۋزىلى شۇدۇر - ھارام نەپتىن تامايىڭ بولمىسا.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئەنۋەر ھىدايەت

## شېئىرلار

### شائىر

ئاۋازىڭدىن ئويغاندى قۇياش،
تىنىقىڭدىن تۇغۇلدى باھار.
نىگاھىڭدا جۇغلاندى ئۇيۇق،
لېرىكاڭدا يۇيۇندى ئىپار.

قۇزغۇنلاردىن ھۆركىگەن تورغاي،
يۈرىكىڭدە ياسىدى ئۇۋا.
مۇگدەپ قالسا كېچە ھىلال ئاي،
سەن تاراتتىڭ زېمىنگە جۇلا.

### دېھقانغا

كەتمىنىڭنى تۇتقانمۇ خىزىر،
ئالقىنىڭغا سۆيگەنمۇ پەرى.
ئېتىزىڭغا چاچقۇلار چېچىپ،
ئاي - يۇلتۇزلار كېتەلمەس نېرى.

ساڭا شۇنداق ئامراقمۇ خۇدا،
ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە دادا!

يۈرىكىنى تەقدىم قىلىشنى،
ئۆگەنگەنمۇ قۇياش سېنىڭدىن.

ئاتىسىمۇ ھەتتا قۇشلارنىڭ،
كېتەلمەيدۇ ئەگىپ يېنىڭدىن.
ساڭا شۇنداق ئامراقمۇ خۇدا،
ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە دادا!

## يۇرتۇمدا سەھەر

ئۇيۇقىنىڭ گىرۋىكى رەڭلەنسە قېنىق،
يۇرەككە ئوخشايدۇ ئۇقچۇغان بۇلاق.
شەبنەمدە يۇيۇنۇپ دېھقان قىزىدەك،
ئاھ، كۈلۈپ تۇرىدۇ سانسىز تۈت قولاق.

خۇشپۇراق تارتىپ يولدا جىگدىلەر،
دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ تاتلىق.
باغلاردا توختىماي سايرىشار قۇشلار،
يار بىزگە ئەشۇنداق مەڭگۈلۈك شادلىق.

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

**مەتتۇرسۇن ھەسەن**

## شېئىرلار

## ۋىسال ئارزۇسى

خىلۋەتلەردە كۈتتۈم ئەزىزىم،
تومۇز ئىسسىق، ئاياز تۈنلەردە.
كۆرۈۋالدىم چېھرىڭنى پىنھان،
دوقمۇشلاردىن ئەگىپ ئۆتكەندە.

كۆز ئالدىمدىن ئۆتسەڭ پات - پات،
يېتىمسىرىغان ئارمان ئىچىدە.
خىياللارنى ماڭسەن سۆرەپ،
ئىز قالدۇرۇپ ھىجران كۆكسىدە.

شامالLARغا ئېيتتىم سىرىمنى،
سۈكۈتلەرگە بىرەلمەي بەرداش.
ھەسرەتلەردىن قاتتى لىۋىكام،
كۆزلىرىمدە بولدۇقلايدۇ ياش.

چۈشلىرىڭگە كىردىم ئېھتىمال،
روھ قوينىدا قالدۇق ئۇچرىشىپ.
بەختىڭ ئۇچۇن بولدۇم بەختسىز،
تەقدىرىمگە يۇرمە قايغۇرۇپ.

ئېرىپ كېتەر چۈشلىرىم گاھى،
يۈرىكىمنىڭ داۋالغۇشىدىن.
تەشنالىقتا باقمەن كۆككە،
ئۇزاپ كەتكەن ئۈمىد ئىچىدىن.

سۆيۈملۈكسەن ئەبەدى ماڭا،
ئىزگۈلۈكتە ۋەسلىڭگە كۆيگەن.
لىۋىكامنى كۆرگىن ئەزىزىم،
شائىرىڭمەن ئازابنى سۆيگەن.

## سۆيگۈ ھەيكىلى

مېنى دىلدار سۆيەلمىگەندەك،
سۆيەلمىدىم مەنمۇ ئۆزەمنى.
ئاشۇ مەۋھۇم شەكىلسىز سۆيگۈ،
پاناھىغا ئالدى روھىمنى.

جىمجىتلىقتا ئولتۇرتىنەر قەلبىم،
ئۇزاپ كەتكەن چۈشلەردە بەخت.
تۆكۈلمەكتە نەمسىز لەۋلەردىن،
سۆيگۈسىراپ ئۆمچەيگەن ئۈمىد.

مەن ئۆزەمدىن ياتلاشقىنىم راست،
رېئاللىقتا ئالدىنىپ ھەر دەم.
شەبنەملەردە يۇيۇنغان قۇياش،
سۇرىتىڭدەك كۆرۈنەر ئەركەم.

تەسەللىسىز سۇترەڭ شۇ كېچە،
ۋىسال خازان بولغان جۇت پەسلى.
قەد كۆتەردى مەسچىت قۇببىسىدەك،
يۈرىكىمدە بىر قىز ھەيكىلى.

## يانۋار تۈنى

تۈن كۆكسىدە سوغۇق تەبەسسۇم،
ئاي نۇرىغا تويۇنغان كېچە.

يارنى كۈيلەپ يازماقتىمەن شېئىر،
بىر ئىلاھى سۆيگۈ ئىچىدە.

قەدەھتىكى ئاچچىق مەي كەبى،
ياش تولدى كۆز چاناقلىرىمغا.
ئۇۋا ساپتۇ ئازاب قۇشلىرى،
يۈرىكىمنىڭ كاۋاكلىرىغا.

بۈگۈن يارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى،
بىراق ئەركەم بەكمۇ يىراقتا.

كىم كەسكەندۇ سوۋغاتلىق تورتنى،
مەن يۈرۈيمەن خىلۋەت سەھرادا.

يانۋارنىڭ شۇ سوغۇق تۈنىدە،
لەيلەپ بارار ئۆكسىگەن ناخشام.
ئاي قوينىدا يالىڭاچ خىيال.
شېئىرلىرىمنى سۆيەر بۇ ئاخشام

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

**ئابدۇقادىر مەتسىدىق**

# شېئىرلار

## خاماندىكى تېز سىزما

تومۇزدىكى تاتلىق سايىنى،
شۈمۈپ ياتار يۇمران كۆكاتلار.
چۈشلىرىنى بۇزۇپ خاماننىڭ،
غىچىرلايدۇ موما ياغاچلار.

چەش سالىدۇ تېنىمسىز بىر چال،
ئۈمىدلەرنىڭ قوغلاپ كەينىدىن.
ئېغىزىدا «خامان ناخشىسى»،
ياشارغاندەك كۆڭلى سەيلىدىن.

سۆيۈپ قويار گاھىدا سەلكىن،
چېكىسىگە هارغىن بوۋاينىڭ.
ۋۇجۇدىغا بېغىشلار قۇۋۋەت،
ھەر كۈلكىسى سىرداش مومايىنىڭ.

ئۆكۈزلەرنىڭ تۇياقلىرىدا،
كاچ قىسمەتلەر بارار ئۇۋۇلۇپ.
ئالتۇن دانلار قىلغاندا جىلۋە،
كېلەر بەخت نازلاپ سوۋۇنۇپ.

## ئاخىرقى تىلەك

لەۋلىرىمنى چىشلىمە جېنىم،
ئۇنتۇپ قالاي سۆيۈشلىرىڭنى.
خوشلاشقاندا قايرىلما ئارتقا،
كۆرمەي غەمكىن كۈلۈشلىرىڭنى.

قايسىمىزدىن ئۆتتىكىن گۇناھ،
خىلۋەتلەردە قالدۇق سىردىشىپ.
«خوش!» دېيىشتۇق تەكرار ھەر قېتىم،
گال پىچاقتا جاننى غىردىشىپ.

ئاخىرقى رەت خوش دېگىن جېنىم،
مەن دېيىشكە قالدىم ئامالسىز.
يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتەرمەن،
بولسامۇ گەر تەنها، قاناتسىز.

## يالغۇز يۈرەك

يالغۇز ئايدىڭ، يالغۇز بىر دەرەخ،
يالغۇز گەۋدە، يالغۇز ئورۇندۇق.
شولىلاردىن ئۆركۈيدۇ سايە،
گىرۋەكلىرى تىتىلغان پۈچۈق.

قەيەردىكىن ھەسرەتنىڭ چېكى،
سۈمۈرمەكتە ئازابنى كۆز ياش.
لىغىرلايدۇ كىرپىكتە دۇنيا،
تۇمانلارغا پۈركىنىپ تۇتاش.

ھىجاياقتا باسقان قەدەملەر،
كۈلۈپ قويار سالقىن كېلىچەك.
جىملىقىنى بۇزۇپ كېچىنىڭ،
سوقار يەنە يالغۇز بىر يۈرەك.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

مەتقۇربان مەتروزى

# چالا ئوينالغان شاھمات

(پوۋېست)



(بېشى ئالدىنقىساندا)

90 - يىللار كىرىپ جاھاننىڭ تەرەققىياتى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، چەت، يىراق بولغانلىقى ھەم ئۇچۇر - ئالاقە تورلىرىنىڭ تېخى مۇكەممەل بولماسلىقى سەۋەبىدىن مەدەنىيەت جەھەتتە تېخى تۈزۈك ئۆزگىرىش ياسىيالمىغان بۇ زېمىندا، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان ناچار ئەخلاقىي قاراشلار خۇددى ۋابادەك يامراپ، مەرىپەت ئۇچقى بولغان مەكتەپلەرگىمۇ ئېقىپ كىرىپ، بىر نەچچە يىل مەدەنىيەت تەربىيىسىدە بولغان زىيالىيلارنىمۇ ئازدۇرۇۋاتاتتى.

مائارىپ سېپىدىكى ئاياللار، ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۇنتۇپ بارغانسېرى ئۆتمۈشكە يۈزلىنىۋاتاتتى. باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان بىرەرسى ئىككى - ئۈچ خانىم ياكى مۇئەللىملەر پاراڭلىشىپ تۇرغان جايغا بېرىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپلىك نامنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىناتتى.

مۇراتنىڭ بۈگۈن دەرسى بولمىغاچقا، دەرس تەييارلاشقا تۇتۇندى. ئىشخانا ئىچى بەكمۇ دىمىق ھەم زەي ئىدى. ئۇ، ئولتۇرغان جايىدىن قوزغىلىپ تازىلانمىغىلى خېلى كۈنلەر بولغان، ئۆمۈچۈك تورى قاپلاپ كەتكەن دېرىزىنى ئېچىۋەتتى.

سىرتتىن كىرگەن سالقىن تاغ شامىلى دىمىققا ئۇرۇلۇش بىلەن تېتىكلىشىپ، كۆزىنى ئاپئاق قارغا ئۇرۇلۇپ زېمىننى تىڭشاۋاتقان كونىلۇن تېغىغا تىكتى. دەرسنى تاشلاپ قويۇپ ئىشخانىنىڭ ئارقا تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان

ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تور توقۇشقا چۈشۈپ كەتكەن ئىككى خانىمنىڭ پارىڭى ئۇنى ئۆزىگە تارتتى.

— ۋېيىيەي، نەزىرە، پىگورا چىقىرىش ئىشتىنىڭگە قاراپ باقە، تارىلىپ كېتىپتۇغۇ ... ئەتىگەندە بىرەرسى بىلەن پومىداقلىشىپ قالدىڭمۇ نىمە؟ ...

— ۋاي نىمىسىنى دەيسەن ئاداش، بۇ ھېلىقىنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ ئاخشام سورۇندىن تارقىغاندا كانىدەك چاپلىشۋالدى ئۇ نىمە، ئۇنىمسام ئۇنىماي مۇشۇنداق قىلىۋەتتى. بولمىسا ھالى تايىنلىقكەن ئۇنىڭ.

— سۇ تاپانچىسى دېگىنە، ئادەمگە شىددەت بىلەن تاشلانغىنىغا قاراپ ئۆلدۇم دېسە، بىر دەمدىلا لالىيىپ قالدۇ. يېزا باشلىقى بولغان بىلەن بۇنداق ئىشتا ھېلىقى بىر نىمىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيدۇ-دە.

ئۇلار كوچىغا چىقىپ قالغانلارمۇ دېيىشكە نومۇس قىلىدىغان ئاشۇنداق پاراڭلىرىدىن سۆيۈندىمۇ، ئەيتاۋۇر پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ قويغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ، يىرگىنىش بىلەن دېرىزىدىن يىراق كەتتى.

مۇرات قولىدىكى كىتابنى جوزا ئۈستىگە زەرىپ بىلەن ئاتتى-دە، قولاق مىڭىسىنى قوچۇۋەتكەن ئىپلاس سۆزلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇ مەكتەپكە خىزمەتكە كىرگىلى بىر يىل بولاي دېگەن بولسىمۇ، كەسىپداشلىرىدىن كۆڭلى پەقەت سۇ ئىچمىدى. ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشلىرىنىڭ ئورنىغا بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ ئاخشامقى ئولتۇرۇشتا، كىمنىڭ كىم بىلەن تانسىنى قانداق ئوينىغانلىقى، كىمنىڭ قورسىقى كىمنىڭ قورسىقىغا تولا سۈركىلىپ ئۇنى قانداق ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويغانلىقىغا قەدەر ئىشلار تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ. لېكىن ئۇ كەسىپداشلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ ماۋۇ مەسىلىنى قانداق ئىشلەيمىز، ماۋۇ دەرسنى قانداق ئۆتسەك ئوقۇغۇچىلار ياخشى چۈشىنەر دېگەننى ئېغىزىغا ئېلىشىپمۇ قويمايدۇ. مۇرات نىمە قىلارىنى بىلمەي مەيداندا ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان سانسىزلىغان كۆزدەك يېزا باللىرى كەلدى. ئۇلار بىزلەردىن نىمىلەرنى كۈتىدۇ-ھە! مۇشۇنداق ئۆتتۈۋەرسەك بولارغا يۈز كېلەلەرمىزمۇ؟ كېيىنكى ئەۋلادلار بىزدىن نەپرەتلەنمەسمۇ؟ ...

ئۇنىڭ بۆرىنىنىڭ ئۇچى ئېچىشقاندەك بولۇپ كۆزىگە ياش تىقىلدى. ئاخىرەتتىمۇ سوئال - سوراقتا نىمە دەپ جاۋاب بېرەلەرمىز ... شۇ يەردىمۇ ھازىرقىدەك يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنى ئالدىغانغا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈپ قىلغان ئىشىمىز مۇشۇ دەرمىزمۇ؟ بىزدىكى بۇ خىل سۆرەلمىلىك، ئالدامچىلىقنىڭ مەنبەسى نىمە؟ ھالال جۆيتىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان بايامقىدەك خېنىملار بار يەردە بۇ ئىشلارنىڭ مۇشۇنداق يامراپ كېتىشى نورمال ئىشمۇ-يا، ئۇلارنىڭ خىيالىغا مۇشۇ سەۋەبى باللار كىرىپ چىقمىسا ... مۇرات تالايلىغان سوئاللاردىن بوغۇلۇپ، ئالدىغىلا كېلىپ قالغان مەكتەپ مۇدىرىغا سوقىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— ھە ئۇكا، ئەجەب مىسكىن كۆرۈنىمەنغۇ... يىغلىغان ئوخشىمامسەن چوپچوڭ تۇرۇپ، ماڭە بىزنىڭكىگە كىرىپ بىردەم گەپ يورغىلىتىمىز، -دېدى. مەكتەپ مۇدىرى بولغان ئادەم خىزمەت ۋاقتىدا سىرتتا لاغايلاپ يۈرگەن ئوقۇتقۇچىغا بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىسەن؟ دەرسىڭ يوقمۇ ؟ - دېيىشى كېرەكتى، بىراق مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى يوق، ئۇنىڭچە بولغاندا ھەممە ئىشقا قابىل يېزا باشلىقى، ئاشۇ تۈگمەس ئولتۇرۇشلار بولسىلا كۇپايە.

— تېز بولمامسەن، نىماندىق ئۇجۇقۇپ كەتتىڭ ... يا ھېلىقى ئىشلىرىڭغا پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟ خاتىرجەم بول، ئۇ ئىشلىرىڭنى جۆندەپ بولدۇق بىز، - ئامەتلىككەنسەن يىگىت، يېزا باشلىقىغا كۈيئوغۇل بولىدىغان بولدۇڭ، - دېدى. ئۇ مۇدىرنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەم ئەندىكتى ھەم ھەيران بولدى.

مۇدىر ئۇنىڭغا سۆز قىلىش پۇرسىتى بەرمەي،

ھە دەپ مۆھتىرەم يېزا باشلىقىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان تۈگمەس ياخشىلىقلىرىنى ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىقۇچە سۆزلىدى، يېزا باشلىقىنىڭ تۆت ياشلىق ئوغلى بىلەن تول قالغان ئارزۇلۇق قىزىغا ئەر بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

بۇنىڭ يېزا باشلىقىنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقى ۋە ئۇنىڭغا چېھرى توپا - تەرەت، قائىدە ئۇقمايدىغان يېزىلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى، شۇڭا يېزا باشلىقىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىشى كېرەكلىكىنى پۈرۈتۈپ ئۆتتى. يەنە تېخى گېپىگە كىرىدىغانلا بولسا مەكتەپ ئىگىدارچىلىقىدىكى يايلاقتا بېقىلىۋاتقان قويدىن ئون - يىگىرمىنى ئايرىيدىغانلىق توغرىسىدا ھە دەپ ۋەدە بېرەتتى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى تاشتۇرۇۋەتتى. چۈنكى بۇ، ئەقلى خوشامەتكويلۇق بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن مەكتەپ مۇدىرى تويلىشىدىغان قىزنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارغا بىر مۇنچە ھەيۋە قىلىپ، قىزنى ئىستىقباللىق بىر زىيالىنى ئازدۇرۇشقا كۈشكۈرتكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ نىيىتىدىن تېزرەك يانمايدىغان بولسا قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ، مائارىپنىڭ ئۇلىنى كولىغان ئۇنسۇر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ساددا تاغ كىشىلىرىنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالغان ئىدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى تويلاشماسلىق توغرىسىدا خەت يېزىپ قولىنى باستى. شۇندىلا مەقسەت پەشتىقىنىڭ 1 - باسقۇچىغا قەدەم قويغان مەكتەپ مۇدىرى رازىمەنلىك بىلەن خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— نومۇس قىلمايدىكەنلا مۇدىر، مۇشۇمۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشىمۇ؟ — ئۇ مەككارلارچە كۈلۈپ تۇرغان مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈۋېتىشكە تاس قالدى.

— ھەي ئۇكا، مېنى ئەيىبلىسەڭ بولمايدۇ. بۇ دېگەن يېزا باشلىقىنىڭ كۆرسەتمىسى، سېنىڭ مەنپەئىتىڭ، يۈز - ئابرۇيىڭ ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىش. ساددىدە سەن. ياخشى كۆڭلىمىزنى يەرگە ئۇرساڭ بولامدۇ؟

مەكتەپ مۇدىرى ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ تاماكىنىڭ تۈتۈنىنى ھاۋاغا پۈۋلىدى.

— ئۇنداقتا مېنى نېمە قىل دەيلا؟ - ئۇ مەكتەپ مۇدىرىغا ئاچچىق سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— نېمە قىلاتتىڭ ئۇكا، ئىش ئېنىق، يېزا باشلىقىنىڭ ساڭا كۆزى چۈشۈپتۇ. دېمەك، ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولىسەن، بەختىڭنى تاپىسەن. شۇنداق قىلساڭ پۇلۇڭ بولىدۇ، مېلىڭمۇ بولىدۇ، يېزىدا ئىككىنچى بەگ بولىسەن. شۇ چاغلاردا بىزنى ئۇنتۇپ قالمىساڭلا بولاتتىغۇ ...؟

ئۇنىڭ قوشىما قاشلىرى تۈرۈلدى. ئەزەلدىن بىرەر ئىشقا چاچراپ كۆنمىگەن تىلى يىرىكلىشىپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ئوغلۇڭغا ئېلىپ بەر. ماڭا تولا ماختاپ سېمىز كۆرسەتكەن ئەمچىكىنى ئېمىپ يوغىنىۋالسۇن. يەنە بىرگەپ، شاڭجاڭغا ئېيتىپ قوي، مېنىڭ تويلىشىدىغان قىزىم بار. قىزىغا ئەر چىقمىغان بولسا گېزىتكە ئېلان بەرسۇن.

— نېمە، سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ رەھبەرلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمامسەن؟ بۇ سەندىكى قانداق پوزىتسىيە؟ مەن كىم بۇ يەردە ...؟ ئېيتە مەن سېنىڭ نېمەڭ؟ - مۇرات مەكتەپ مۇدىرىغا تازا بىر ئالمىۋەتكەندىن كېيىن تۈپلىشىپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلار تۈپىدىن يىراقلاشقاچ ۋارقىرىدى.

— سەن دېگەن «دەللال»، ئەركەكلەرگە خوتۇن تونۇشتۇرغۇچى، - توپ ئىچىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى. پېشانىسىدە پەيدا بولغان مۇنچاق - مۇنچاق تەر تامچىلىرىنى سۈرتكەچ ئۆزىنى چەتكە ئالغان مەكتەپ مۇدىرى غودۇڭشىغىنىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ يۇمشاق كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلىدى. مۇدىر بولۇپ تۇنجى قېتىم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالغانلىقىدىن بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ، ئاچچىقتىن گىرادۇسى ئۆرلەۋاتاتتى.

— خەپ سېنى، ئاناڭدىن تۇغۇلغىنىڭغا بىر - بىرلەپ پۇشايمان قىلدۇرمايدىغان بولسام،

شائىجاڭنى كۆزۈڭگە ئىلمىغىدەك نىمىتتىلىڭ سەن، هۇ پۇپەكباش لوكچەك، توۋا دېمىگىنىڭنى بىر كۆرەي، - مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسىغا سۇلۇنۇۋېلىپ ئۇنى بىر هازا تىللاپ ئىچىنى سەل - پەل بوشىتىۋالغاندىن كېيىن يېزا ئورگىنىغا بۈگۈنكى ئەھۋالنى دوكلات قىلغىلى يول ئالدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن، بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا بۇ خەۋەر پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. ئەزەلدىن قىزىغا خېرىدار ئىزدەپ ئەلچى قويۇپ باقمىغان تاغتۇرا كىشىلىرىگە نىسبەتەن بۇ بىر يېڭىلىق، ئەقىلگە سىغدۇرۇش تەسكە توختايدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. يېزا باشلىقى بولماي ئاددى كىشى بولسا بۇنىڭ يولى باشقىچىرەك بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ھەممىنىڭ ئاغزىدا «شائىجاڭ شياۋجاڭنى مەريەمخاننىڭ ئوغلىغا ئەلچىلىككە قويۇپتىكەن، ماڭا دەللاللىنىڭ لازىمى يوق، ئۆزۈمنىڭ ئىشنى ئۆزەمنىڭ ھەل قىلغۇچىلىكى بار. بەك ئەرگە تەككۈسى كېلىپ قالغان بولسا ئۆزلىرى بېرىپ ئېلىۋالسىلا دەپتۇ»، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر قاناتلىنىپ، يوغىناپ بىردەمدىلا تىڭتىڭچىلارنىڭ قايماق ئېغىزلىرى ئارقىلىق يېزا باشلىقىغا يۇرۇتىلدى. ھېلىراقتا مەكتەپ مۇدىرىدىن ئاڭلاپ ئانچىكى ئىش قاتارىدا كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىگەن يېزا باشلىقى ئۆز تەۋەسىدىكى پۇقرالارنىڭ ئېغىزىغا بۇ گەپنىڭ چىقىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ بۇ شەرمەندىچىلىكتىن ئاچچىقلىنىپ، بوغۇلۇپ كەتتى. ئۆزىدەك يۇرت كاتتىسىغا تەتۈر ئىنكاستا بولغان بۇ جوۋەينمەكنى ئېغىز چىشىغا ئېلىپ چايناپ يۇركۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئىشخانىسىدا ئۇياقتىن بۇياققا ماڭدى. «— ھەي، بۇ نېمە دېگەن نومۇس گەپ، كىشىلەر ئارىسىدا سۆز - چۆچەك بولىدىغان بولدۇم - دە، ئەمدى ئۇلارغا قايسى يۈزۈم بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرەلەيمەن؟ خەپ سېنى پۇپەكباش، ئىقتىدارلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىكەن دەپ كۆتۈرۈپ قويسام گەدەنگە مىنىدىغۇ ئاخىر»، - يېزا باشلىقى خىيالدىن ئۆزىنى توختىتىپ ئىشخانا تورۇسىدىكى ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قېلىپ قۇتۇلۇشقا بار كۈچى بىلەن تىپىرلاۋاتقان بىر نەچچە ھاشارەتكە مىقتەك قادالدى. قاتمۇ قات تورغا ئورۇلۇپ قالغان ھاشارەتلەر قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلغانسىرى تورغا شۇنچە چاپلىشىپ قېلىۋاتاتتى. تامدا يورچاق چوڭلۇقىدىكى بىر ئۆمۈچۈك ئاتاكىغا ئۆتۈش ئالدىدىكى ئەسكەردەك ئالدىدا يۈز بەرمەكچى بولغان جەڭ مەيدانىغا قادىلىپ تۇراتتى. يېزا باشلىقى تورۇستىن كۆزىنى ئېلىپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى. كۆكۈش كۆزلىرى بىرەر شۇملۇقنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغاندەك چاقناپ كەتتى.

— خەپ سېنى، كۆرىدىغان كۈنۈڭ تېخى ئالدىڭدا ... يېزا باشلىقى يېزا ئورگىنىدىن چىقىپلا ئوتتۇرا مەكتەپ تەرەپكە بۇرۇلدى.

كۈن تۆپىلىك كەينىگە ئاللىبۇرۇن يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئەتراپنى قويۇق گۇگۇم پەردىسى قاپلىغان ئىدى. باشلىق ئۈچۈن قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك تونۇش بولۇپ كەتكەن يول ئۇنى ئۇدۇل مەكتەپ مۇدىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ...

× × ×

مۇرات بۈگۈن مەكتەپتىن بالدۇرلا قايتتى. يېقىندىن بېرى تالا - تۈزگە ئانچە كۆپ چىقمايۋاتاتتى. چىقتى دېگەندىمۇ مەكتەپ بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى 500 مېتىر يول بىلەنلا چەكلەندى. يېزا باشلىقىنىڭ سەت ئالىيىشلىرى، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كەلسە - كەلمەس تەنقىدلەشلە-رى ئۇنى چارچىتىپ قويۇۋاتاتتى. يېقىن دوستى ئاسىمدىن باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ بىلەن ئانچە كۆپ پاراڭلاشمايدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك ئەلەم قىلغىنى تويلىشىدىغان قىزنىڭمۇ گېپىدىن يېنىۋېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماس بولۇۋالغىنى ئىدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى يۇرت كاتتىسىنىڭ گېپىنى قانداقمۇ يىرالىسۇن؟ ئاخىرى مەريەم ھەدىگە كىچىككىنە باغاقچە يېزىلغان كەچۈرۈمنامە ئەۋەتىپ تويىنى توختىتىدىغان بولۇشتى.

مۇرات ئۆيىگە كىرىپ كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى ئەمدىلا قويۇشىغا مەريەم ھەدە ئېغىز ئاچتى.

— بالام، بۈگۈن دادۇي سېكرېتارى بىلەن دادۇيجاڭ كەپتىكەن. بۈگۈندىن باشلاپ مېنىمۇ ئامبار قورۇلۇشىغا قاتنىشىشىمنى ئۇقتۇردى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە يېزا باشلىقى بۇنى ئالاھىدە تاپىلاپتۇ. بىر ـ مو كۆكتات يەر ئۈچۈن 10 كۈن ئىشلىشىم كېرەك ئىكەن. ھېلى تراكتور كەلسە شۇنىڭدا ماڭىدىغان ئوخشايمەن، ـ مەريەم ھەدە كۆز جىيەكلىرىدە لىغىلداپ قالغان ياشنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكەچ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆزەڭنى ئوبدان ئاسرارسەن بالام.

بىر تەرىپى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ ياتقان ئىككى يۈز مېتىرچە كېلىدىغان ئېگىز تۆپىلىكنى قاشا قىلغان، قالغان ئۈچ تەرىپى يېزىنىڭ ئەمگەك كۈچى بىلەن تاغارلاپ توپا توشۇپ ئېگىزلىتىپ توسما سېلىنىۋاتقان ئامبار قورۇلۇشىدا ئۇنىڭ ھەر كۈنى كېچىسى ئانىسىغا كەلگەن مەجبۇرىيەت ئورنىدا ئىشلەۋاتقانلىقىغا توپتوغرا يەتتە كۈن بولدى. كېچىسى تاغارلاپ توپا توشۇۋەرگەنلىكتىن مۈرىسى ئېچىلىپ كەتتى، بەللىرى ئەمگەككە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاغرىيتتى. پۇتلىرى ھەر قەدەم ئېلىشىغا ئەگىشىپ قاتتىق سىقىرايتتى.

ئۇ يۇدۇۋالغان توپىنى توسمىغا تۆكتى ـ دە، كۆزىنى بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇشۇپ بولۇشچە ئېچىپ، گاز لامپا ئەتراپىدا دۇتارغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يېزا ياشلىرىغا تىكتى. ئۇمۇ باشقا ئەمگەكچىلەرگە ئوخشاشلا داق يەردە يېتىپ ـ قوپۇۋاتاتتى. نەچچە كۈندىن بېرى كۈندۈزى مەكتەپتە، كېچىسى ئامبار قورۇلۇشىدا ئىشلەپ باش قاشلىغۇچىلىكمۇ ئارام تاپالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھېلىقى كۈنى يېزا ئورگىنىغا بېرىپ ئانىسىغا كەلگەن مەجبۇرىيەت ئەمگەكنى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، بىراق، بۇ قېتىم نېمە ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمىدى. پەقەت بۇنىڭ يېزا باشلىقىنىڭ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىشتى. يەنە ھەر قانداق كىشىنىڭ پۇل تۆلەپ بۇ ئۇلۇغ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەنلىكىنى، بۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارغا ھەسسىلەپ جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقىنىمۇ پۇراتتى. ئۇ ئاخىرى ھېچقانداق ئامال تاپالماي دادۇي سېكرېتارىغا ئېيتىپ يۈرۈپ ئانىسىغا ئايرىلغان كۈنلۈك ۋەزىپىنى كېچىسى ئۆزى ئىشلەپ بېرىشكە كېلىشكەن ئىدى.

ئۇ، تاڭنىڭ سوزۇلۇشى بىلەن ئانىسىغا ئايرىپ بېرىلگەن ئەڭ ئاخىرقى جاينى تۈگىتىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇيقۇسىزلىق، ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ئەمگەك ھەم روھىي ئازاب ئولتۇرۇشۇپ قارىداپ كەتكەن كۆز جىيەكلىرىدە مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئىشخانىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا مەكتەپ مۇدىرى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ پەيدا بولدى.

— قانداقراق مۇراتجان ئۇكا، بەك جاپا تارتقان ئوخشىمامسەن؟ چىرايىڭ بەكمۇ ئوساللىشىپ كېتىپتىغۇ؟ ـ مەكتەپ مۇدىرى كۆرەڭلىگىنىچە قولىدىكى ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان پاپىروسىنى كۆچەپ شورىدى ـ دە، يەنە گەپ باشلىدى:

— چوڭلار بىلەن گەپ تالىشىپ قالسا قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟ ئىشقىلىپ ئەمدى بولسىمۇ كېچىكمەيسەن. يىراقنى ئويلا ئۇكا، يىراقنى. سەن ئىگە بولماقچى بولۇۋاتقان بۇ شەرەپنى سەن دېمەتلىكلەر تىلەپمۇ تاپالمايدۇ.

مۇراتنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالدى. ئەجەب ئىش، ۋۇجۇدىغا شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، ئىپلاسلىق تولۇپ كەتكەن بەزى لەنتى ئادەملەر ئۇنى ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق قىيناۋاتاتتى. ئاخىرى ئۇ مەكتەپ مۇدىرىغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى ـ دە، دەرسكە ماڭدى. مۇرات دەرس ئارىلىقىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئالدىنقى كۈنى بەرگەن «بىز ئۇستازلارغا قانداق جاۋاب

قايتۇرىمىز» دېگەن تېمىدىكى تاپشۇرۇق ماقالىسى يېزىلغان دەپتەرلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. نەچچە كېچە ئىچىدىكى ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك بىر خىل ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ماقالىلارنى كۆرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز سىيا قەلەم بىلەن يېزىلغان «بۇ ماقالەمنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇمغا بېغىشلايمەن» دېگەن ئەسكەرتىشكە كۆزى چۈشۈپ ماقالىنى بىر خىل قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

«ھۆرمەتلىك مۇئەللىم، مەن ماقالە يېزىشنى ئۇقمايمەن. بىراق نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئوبدان ئۇقىمەن. مەن ئۆزەمنىڭ سىزگە، سىزنىڭ بىزگە سىڭدۈرگەن ئەجرىڭىزگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى كۆپ ئويلاندىم. ئاخىرى ئەڭ ياخشى جاۋابنى ساۋاقداشلار بىلەن بىرگە تېپىش قارارىغا كەلدىم ھەم ئۇلارغا سوئال قويدۇم» ماقالە مانا شۇنداق باشلانغانىدى.

«سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، مەن ھەر كۈنى ئۇستازلارنىڭ باھاردەك ئىللىق، ئانىدەك مېھرىبان چىرايىنى كۆرگىنىمدە ئۆزەمنى چوڭقۇر بەخت ئىچىدە ھېس قىلىمەن. يۈرىكىمدە ئۇستازلارغا بولغان سەممىي ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ كېچىلىرىمۇ بىز ئۈچۈن شېرىن ئۇيقىدىن كېچىپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقان، دەرس تەييارلاۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىز ئۈسمۈرلەر ئۈچۈن سۇ بولۇپ ئېقىۋاتقان ياشلىق باھارىغا خورىماس كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىشنى ئۇلۇغ ئىگەمدىن تىلەيمەن. سىلەر بىلەمسىلەر ساۋاقداشلار، مۇئەللىم دېگەن شۇنداق باتۇر، قەيسەر، مۇشكۈللەر ئالدىدا باش ئەگمەس كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ باسقان قەدىمىدىن گۈل ئۈنۈپ بىزگە توغرا ياشاش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. بىز ئۈچۈن بارلىقىدىن كېچىشكە رازى ئىكەن. مەن مۇئەللىملەرنىڭ كۈندۈزلىرى مۇنبەردە دەرس ئۆتۈش ۋە كېچىلىرى سىنىپقا تەقسىم قىلىنغان قوشۇمچە كىرىم ۋەزىپىسىگە بېرىلگەن يەرگە ئىشلەپ، ئەتىگىنى ئىسسىق چاي ئىچىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ سىنىپقا كىرگىنىنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم ئۈنسىز ياش تۆكىدۇ. ئۇستازلارنىڭ بىز ئۈسمۈرلەرنىڭ ياخشى ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە بولۇشىمىز ئۈچۈن ئاشۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىمەن …!

سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، بىز كىم ئۈچۈن ئوقۇيمىز؟ كىمگە ئوقۇپ بېرىمىز؟ سىلەر ئۇستازىڭلارنى ھەقىقىي چىن مۇھەببىتىڭلار بىلەن سۆيەمسىلەر؟ ئۇستازىڭلارنىڭ جاھاندىكى ئەڭ - ئەڭ مۇقەددەس كىشى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇستازىڭلارنىڭ سىلەرگە ئاققۇزغان ئەجرىگە قانداق جاۋاب قايتۇرىسىلەر؟ ئۇستازىڭلارنىڭ چارچىغان روھىي ھالىتىنى كۆرگىنىڭلاردا ئۆزەڭلارنى قانداقراق سېزىۋاتىسىلەر!…

سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، سىلەرگە يەنە بىر قېتىم بار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلاي، بىز ئۇستازلارنىڭ ئەمگىكىگە زادى قانداق جاۋاب قايتۇرىمىز؟…» ماقالىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە مۇراتنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتتى. كۆز ياشلىرىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆرۈلۈپلا دوسكىغا قارىۋالدى. ئۆزىنى جاھاندا ھەقىقىي چۈشىنىدىغان كىشىنىڭمۇ بارلىقىدىن خۇشاللاندى.

ئۇ دوسكىدىن يۈزىنى ئېلىپ سىنىپ ئىچىگە تەكشى قاراپ چىقتى. ئۆزىگە ھۆرمەت، قايىللىق نەزەرى بىلەن قاراۋاتقان سەبىي كۆزلەردىن ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىدكە تولدى. ھەممىسى «بىز سىزگە موھتاج، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ» دېگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋىجدانلىق ئوقۇغۇچىلىرى بارلىقىدىن سۆيۈندى. ئىككى يۈز سەكسەن سائەت دەم ئالماسلىق، بۇنىڭدىن بولغان ھارغىنلىق ھەم روھىي بېسىم ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن غالىپ كەلدى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن پېتى مۇنبەرگە يىقىلدى.

هاياتلىق نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقاي يوللار بىلەن قورشالغان قەلئەگە ئوخشايدۇ. بۇ يولدا بەزى كىشىلەر ئۆز مۇرات - مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇلەر - تىرىلىشىگە باقماي يوللارغا خەندەك كولاپ باشقىلارنى يىقىلدۇرۇشقا ئورۇنۇشى مۇقەررەر. يېزا باشلىقىنىڭ ئۇنى ئۆز سىزىقىغا چۈشۈرەلمىگەنلىكى بىر پاجىئە بولدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان چوڭدىن تارتىپ كىچىككىچە ئۆز سەنىمىگە دەسسىتىپ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خاقان ئۇنىڭ ئۆزىگە باش ئەگمىگەنلىكىدىن خورلۇق ھېس قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن چوڭ - كىچىكنى ئايرىمايدىغان يېزا خاقانىغا پۇت ئېتىشتىن يانمايدىغان بۇ پويەكباشنى يۇۋاشلىتىشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى.

مەكتەپ مۇدىرى بىلەن تۈزۈلگەن ئۈچ قېتىملىق ئەتراپلىق پىلاننىڭ ئالدىنقى ئىككى قېتىمى مەغلۇپ بولدى. ئەمدىلىكتە پەقەت ئامال تاپالمىغاندا ئىشلىتىدىغان، ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن ئوينىشىدىغان ئاخىرقى پىلاننى ئوتتۇرىغا چىقىرىشلا قالدى. پىلاننىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە تەۋەككۇلچى نازىنىنلاردىن بىرەرسىنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى بىلەن يېزا باشلىقى ئۆز ئويناشلىرىنى ئالداپ قانداق يول كۆرسەتكەنلىكىنى، ئۇلار بەش، ئون مىنۇتلۇق ئىشى ئۈچۈن قانداق ئىنئاملاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىلەرنى قىلغانلىقىنى ھەركىم ئاسانلا قىياس قىلالىشى مۇمكىن.

شائىجاڭ بىلەن مۇدىر ئۇنىڭدىن ئۈچ ئېلىشنىڭ ئاخىرقى پىلانىنى سەيشەنبە كۈنى رەسمىي يولغا قويدى.

مۇرات بۈگۈن نەچچە كۈندىن بېرى داۋالىنىپ يۈرۈپ تەييارلىقسىز قالغان دەرسلىك ماتېرىياللىنى قولىغا ئالدى. ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان بولۇپ، ئىشخانا ئىچى زەي ۋە دىمىق ئىدى. ئۇ دېرىزە قاپقىقىنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئازراق يەڭگىل ھېس قىلىپ، دەرس تەييارلاشقا تۇتۇندى. ئەگەر كىشىدە «ئەۋلىيالاردەك ئالدىن كۆرەرلىك، ھەر قانداق جاھىللارنىمۇ گەپكە كىرگۈزەلەيدىغان پاراسەت بولغان بولسا، بۇ دەرىجىدىكى جىنايەتكارانە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ناتايىن ئىدى. ھېچ بولمىغاندا بىرەر سۈيىقەست پىلاننى مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان ئەسۋاب كەشىپ قىلىنغان بولسا، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ قارىسىغا كەتمىگەن بولاتتى. تۇيۇقسىز ئىشخانىغا ھېلىقىچە توي قىلماي «قېرى قىز» دەپ ئاتىلىپ چىقىپ قالغان جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى شەرىپە كىرىپ كەلدى-دە، ئۇ دەرس تەييارلاۋاتقان ئۈستەل ئۈستىدە بىر غېرىچچە كېلىدىغان قىسقا يوپكىسىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق يوتىلىرىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ نازلانغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى:



— يالغۇز ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ شائىرچاق، يا خىيالىڭىزغا شامال تېگىپ قالدىمۇ؟ ئاڭلىسام بىر سەھەرلىقنىڭ ئىشقىدا ئالجىپ قاپتۇ دېيىشىدۇ. تەربىيە تۇرماق شە كۆرمىگەن بىر سەھەرلىقتا ئۇنچە قىلىپ نېمەكەپتۇ؟ مانا بىزمۇ سىزگە تەلمۈرۈپ يۈرگىلى نەۋاق ... نېمە، ئىشەنمەمسىز؟ قېنى تۇتۇپ بېقىڭا، يۈرىكىمنىڭ سىزنى دەپلا سوقۇۋاتقىنىغا خېلى كۈنلەر بولدى. مانا - مانا، — شەرىپە شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ

قولىنى تارتىپ ئاپىرىپ لېپىتىك ئىچىدە چىڭقىلىپ تۇرغان كۆكسىگە باستى.

— سەزمەيۋاتامسىز؟ - شەرىپە شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا سىيرىلىپ چۈشتى. مۇرات بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، لىڭشىپ ئاران تۇرغان ئورۇندۇق چاراسلاپ بىر تەرەپكە قىيسايدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە شەرىپەنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلدى.

— ۋاي ئادەم بارمۇ ··· ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى.

شەرىپەنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئىشخانىنىڭ ئاران تۇرغان ئىشىكى بىر تېپىك بىلەن «گۈپ» قىلىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

ئۈستەل كەينىدە قولىنى قىزنىڭ كۆكسىدىن ئاجرىتالمايۋاتقان مۇراتنىڭ سۈرىتى مەكتەپ مۇدىرى ئالدىن تەق قىلىپ قويغان فوتو ئاپپاراتقا كىرىپ ئۈلگۈردى.

× × ×

مۇرات ئەسلىمە قويىنىدىن ئۆزىنى تارتىپ، كۆزىنى ئاجىزغىنە پىلدىرلاپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاققا تىكتى. ئوچاقتىكى ئوت ئۆچەي دەپلا قالغانىدى. ئۇ ئوچاق تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان گازىر ياغىچىنى سوغۇقتىن قولۇشماي تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۈشتۈپ چوغ ئۈستىگە تاشلىدى. شاخ - شۇمبىلار بىردەم كۆكۈش ئىس چىقارغاندىن كېيىن، پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۇلۇغ كىچىك بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ئويلاشقا نومۇس قىلىدىغان ئاشۇ بەد - بەشىرە مىنۇتلارنى ئەسكە ئالدى ···

— ئىشخانىغا كىرىشىمگىلا بېلىمدىن تۇتۇۋېلىپ يەرگە يىقىتتى. كېيىن ··· كېيىن ··· ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى ···

مانا بۇ شەرىپەنىڭ سوتچىنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابى ئىدى. ساقچى ھەم سوتچىلارمۇ كوپتىدىن ئۆزۈلۈپ كەتكەن ئىككى تال تۈگمىگە، ئېغىدىن ئىت تالىغاندەك تىتىلىپ كەتكەن كالتە ئىشتان ۋە شۇ ۋاقىتتا نەملىكىنى يوقاتمىغان تەڭگە چوڭلۇقىدىكى شىلىمشىق داغقا قاراپ شەرىپەنىڭ دەۋاسىنى راستقا چىقىرىپ مۇراتنىڭ جىنايىتىنى بېكىتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكى يوللىغان «ئىستىلى بۇزۇلغان» دېگەندەك ماتېرىياللار بۇ دېلونى تېزلا ئاخىرلاشتۇرۇشقا، ئۇنىڭ ياشلىقىنى ۋاقىتسىز قۇرۇتۇشقا دەسمايە بولغانىدى. مۇرات بۇ ئىشتا ئۆزىنى ئاقلاپ باققان بولسىمۇ ئادەم پاكىتى ۋە ماددىي پاكىتلار ئالدىدا دەۋاسى ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى.

مانا ئەمدى ئۇ ئاشۇ قارىغا كىتىشنىڭ بەش يىللىق جازاسىنى تارتىپ، ئادەملەر توپىغا قايتىپ كەلگىلى يىگىرمە كۈن بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك يېزىسىغا بېرىپ تۇگمەس خورلۇق ۋە تەنھالىقنىڭ ئازابىنى تارتتى. 5 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى تۈگىتىپ مېھرىبان ئانىنىڭ ئىللىق قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشنى كېچە - كۈندۈز ئويلاپ، ئانا ئوچۇنلا ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى ئۇنى تۇگەشتۇرۇۋەتتى.

ئۇ ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىدا ھۆڭ - ھۆڭ ياش تۆكۈپ، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلالمىغانلىق گۇناھىنى تىلىدى.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى كەپىسىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغان، دادۇي تەشكىللىنىڭ ئورنى كېڭەيتىلىپ، پىششىق خىشتىن قاتار كەتكەن ئىشخانا ۋە ئامبارلار سېلىنغان، يول كېڭەيتىپ ئېلىنغان ئىدى. ئۇ ئۆي بىساتىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكى توغرىلىق ھېچكىمدىن ئېنىق جاۋاب ئالالمىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغىنىدا بولسا خۇددى 5 يىل ئاۋۋالقىدەكلا بىقىياس، سۇرلۇك كەيپىيات ئۇنى كەلگەن ئىزى بىلەن ئارقىغا بۇرۇلۇشقا مەجبۇر قىلدى.

— ھە پۇپەكباش كەپتىما؟ بىچارە بايقۇش. ھېلىقى خانىمچاق ئەجەب باپلىغانتى ئۇ سولتەكنى.

— راست دەيلا شاڭجاڭ، ئەجەب بەلەن چوكانتى دېسىلە ··· بىچارە، بىراق سىلىمۇ ئۇنى

ئەجەب بەلەن باپلىغانتىلە ئەمەسمۇ ...

— ھەي ... ھەي ... مۇدىر، تېخىچىلا ئىچ ئاغرىتىپ يۈرەمسىلەر ئۇنىڭغا؟ ئەگەر ھازىرغىچىلىك ھايات بولغان بولسا، ھەممە ئىشنى ئاشكارىلاپ، پۈتمىزنى بىر ئۆتۈككە تىقىماقتى ئۇ كاساپەت.

— ھەر نېمە بولسىمۇ ئورنى جەننەتتە بولغاي، - بۇ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ پارىڭى ئىدى.

مۇرات بەش يىل دېگەن بەش ئاي ئەمەس ياكى بەش كۈن ئەمەس، بۇ چاقىقا يېزىدا ئانچە - مۇنچە ئۆزگىرىش بولغاندۇ، ئالىڭ سەۋىيە، مەدەنىيەت جەھەتتە يېڭىلىق كۆچەيگەندۇ، - دەپ ئويلىغان ئىدى. نەدىكىنى، يېزا ئورگىنى، كەنتلەرنىڭ ئىشخانا قورۇلىرى يېڭىلانغان بولسىمۇ، يۇرت كاتتىلىرى ئېڭىنىڭ يەنىلا شۇ يوسۇندا ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۆي - ماكان تەلەپ قىلىش خىيالىنى يوق قىلدى. ھېلىقى شەرىپە ئىسىملىك خانىمنىڭ ئۇ كېتىپ يېرىم يىلدىن كېيىن، بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىدە قازا قىلغانلىقىنى مۇرات ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ شىكەستىلەنگەن دىلى سەل - پەل شادلانغاندەك بىر خىل سېزىم پەيدا بولغانىدى. بۇ بەلكىم دۇنيادىن تۆھمەتخورنىڭ بىرەرسى بولسىمۇ ئازايغانلىقىغا خۇشال بولغىنى بولسا كېرەك. بىراق ئەمدىلىكتە ئۇنىڭمۇ يۇرت كاتتىلىرى تەرىپىدىن يوق قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئادەم دېگەن تۇغۇلۇشىدىنلا تۆھمەتخور، باشقىلارنىڭ بەختىگە قارا سانايدىغان بولۇپ يارالمايدۇ. بۇنى ئاشۇ كىشى ياشاۋاتقان مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇ قەدىردان ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈنغىچە ياش تۆكتى. ئۇ تۇرمىدىن چىقىپ بۇ يەرگە كېچىسى كەلگەن ئىدى. يەنە بۇ يېزىدىن كېچىسى تۇگىمەس خورلۇق، ئازاب ئىچىدە ئايرىلدى.

ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ئوچاق ئىچىدە چوغلىنىپ تۇرغان ئوتقا كۆزىنى تىكتى، نويابىرنىڭ سوغۇق شامىلى ئىشىك - دېرىزە يوچۇقىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ ئۆينى خۇددى مۇزخانىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ يېلىڭ كىيىملىك بەدىنىنى دىر - دىر تىترىتەتتى. ئۇ ئۆي ئىچىگە نەزەر سالدى. تامغا يۆلەپ قويۇلغان بىر دانە سىم كارىۋات، مازلىرى چىقىپ تېشىلىپ كەتكەن ئىككى دانە ئەسكى يوتقان ۋە كارۋات ئاستىدىكى ياماق ياماش ماشىنىسى بۇ ئۆينىڭ بىردىنبىر بىساتى ئىدى. ئۆيدە ئۆزىنى ئۇن كويغا ياللىۋالغان ھېلىقى ياماقچى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئوچاق كۇلۇڭى يېنىدىكى قىش ئۈستىگە قويۇلغان پىيالىنى قولىغا ئالدى. ئىچىپ يېرىمىدا قالغان قايناق ئاللىبۇرۇن سوۋۇپ سوغۇقسۇدىن پەرقسىز بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئوچاق تېمىغا يۆلەپ دۆۋىلەپ قويۇلغان گازىر ياغىچىنى ئوشتۇپ ئوتقا تاشلىدى.

— ھەي، ھەي، قىشنىڭ سوغۇقى دېگەنگە شۇنچە ئۆچ بولدۇمكى ... - ئىشىكتىن سۆزلىگىنىچە كىرىپ كەلگەن ياماقچى قولىدىكى سومكىنى كارۋات ئۈستىگە قويدى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا يۈكۈندى. دېمىسىمۇ ئۇ خېلىلا نېپىز كىيىنىۋالغان ئىدى. سامان سورىغاندەك قار چۈشۈۋاتقان بۇ سوغۇقتا كىيىۋالغان قوپال توقۇلغان پوپايكا ئۈستىدىكى چىپەرقۇت چاپان ۋە ئارتىۋالغان شارپىسى نېمىگە دال بولالايتتى؟ ياماقچى قولىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئۇنىڭغا سۆز تاشلىدى.

— چەينەك قايىنىدىمۇ ئاغىنە؟

مۇرات ئوچاققا سەل قىيپاش قىلىپ ئېسىلغان، ئىسلىشىپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن چەينەكنى ئېلىپ پىيالىگە قايناقسۇ قۇيۇپ ياماقچىغا سۇندى. ئۇ ئىستىكاننى قولىغا ئېلىپ چاينى سۇمۇرگەچ سۆزلەشكە باشلىدى.

— قارغىش تەككەن سوغۇقتا ناۋايلارمۇ نان ياقماپتۇ. ئازراق پىششىق گۆش ئالدىم، — دېدى ياماقچى ۋە كونىراپ كەتكەن سومكىسىنى ئېلىپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشقا باشلىدى.

— ئازراق زىۋىت قىلىپ سوغۇقنى قورقىتارمىز دەپ بۇنىمۇ ئېلىۋالدىم، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە «ئەللىك بەش» ماركىلىق بىر شىشە ھاراقنى چىقاردى.

ئۇلار گەپ - سۆزسىزلا ئوچاق بېشىدا بەزمە قۇرۇپ سوغۇق گۆش بىلەن ئىشنى باشلىدى. مۇرات ياماقچى سۇنغان پىيالىنى گۈپلا قىلىپ كۆتۈرۈۋەتتى. بوغۇزىدىن ئاق تىكەن سۈركىگەندەك ئېچىشتۇرۇپ كىرىۋاتقان ئاچچىق ھاراق بىردەملا كۆزىگە قىزىللىق ياماشتۇردى.

دۇنيادا رەھىمدىل كىشىلەر تولا. كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قايىشى دېگەندەك شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۇلار ئىچەكىشىپلا كەتتى. مۇرات ئاخىرى ياماقچىدىن ھۇنەر ئۆگىنىشكە پۇتۇشتى ...

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ئۇستا ياماقچىلاردىن بولۇپ قالدى. ئىش قىلىشتىكى ئىنچىكىلىك بىلەن خېرىدارلىرىنىڭ سانى باشقا ئۇستىلارنىڭكىدىن ئالاھىدە كۆپ ئىدى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تاپاۋىتىمۇ كۈنسېرى ئاۋۇپ، ھەر ھالدا ھال كۈنى بالدۇرقىدىن ياخشىلىنىپ كەتتى. ھەر كەسىپنىڭ ئۆزىگە يارىشا ھالاۋىتى ۋە جاپاسى بولغىنىدەك، ئۇمۇ ئىشنىڭ دەسلىپىدە بەزى خېرىدارلارنىڭ قوپاللىقلىرى ۋە باھا تالىشىپ قىلغان سوغۇق گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ، كۆڭلى سوۋۇغاندەك قىلىسىمۇ، ئۆتكەن كۈنلەرگە بولغان ئېچىنىش ۋە سەسكىنىش تۇيغۇسى بۇرۇنقىدىن يەڭگىللىگەندەك ئىدى. مۇرات بەزىدە كوچا - كويلاردا ۋە ھۇنەر قىلىۋاتقان چاغلاردا ئالدىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان، ئەتىگەن ۋە كەچلەردە خىزمەتكە ئالدىراش چېپىپ كېتىۋاتقان خىزمەتچىلەرنى كۆرگىنىدە، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا قالاتتى. گويا دۇنيادا ئۆزىنى يەككە - يىگانە ۋە ياردەمچىسىزدەك ھېس قىلاتتى. ھايات شۇنداقمىدۇ؟ تۇرمۇشنىڭ ئادەملەرگە بېرىدىغان قىسمەتلىرى شۇنداق ئاچچىقمىدۇ؟ بولۇپمۇ ئۇ كۆزلىرىدىن سەبىيلىك نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، شوخ قىيغىتىشىپ، چۇچۇك تىلدا چۇرۇقلىشىپ كېتىۋاتقان، چىرايلىق كىيىنگەن بالىلارنى كۆرگىنىدە چاندۇرمىغىنى بىلەن يۈرىكى سۇ بولاتتى. بىر تۇرۇپ قەلبىدە ھاياتقا، كېلەچەككە بولغان ئىنتىلىش ھەممىنى بېسىپ چۈشسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەنھالىق ۋە ئازابىنىڭ كىشىگە تىنىش پۇرسىتى بەرمەيدىغان غايىۋى قولى ئۇنىڭ زىدىلەنگەن يۈرىكىنى چىمدىپ - چىمدىپ ئاغرىتاتتى. ئۇزاق تۈنلەرنى ناھىيە بازىرىنىڭ تار، پاتقاق كوچىسىدىن ئىجارىگە ئالغان توخۇ كاتىكىدەك ھوجرىسىدا ئاشۇ قارا قومچاق، مېھرى ئىسسىق قىزنى، ئانىسىنىڭ پەرىشتىدەك مېھرىبان تۇرقى ۋە كۆيۈمچانلىقىنى، تاغلىق كەنتىنىڭ سالقىن ھاۋاسى ۋە سۈزۈك ئاسمىنىنى، پادىچىلارنىڭ شوخ ناخشىلىرىنى، ئاشۇ قىسايغان لاي تاملىق پاكار ھويلىسىنى سېغىنىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بەزى كېچىلىرى جۆيلۈپ، قارا بېسىپ ئويغىنىپ كېتەتتى. دارازا يېزا باشلىقىنىڭ چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەگىپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇ بۇ ۋەھىمىلەردىن قۇتۇلۇشنى، كۆرگەنلىرىنىڭ بىر قاباھەتلىك چۈشتەك ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنى ئويلايتتى. ئەمما ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى، ھېلىقى يار ئاستىغا كىرىپ تۇپراقلار بىلەن لايدامىلىق ئىچىدە يوقالغان خانىمنىڭ ئۆلۈمى، قارا قومچاق قىزنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى، تۇرمىنىڭ قېلىن تاملىرى ئارىسىدا ئۆتكەن بەش يىللىق ھايات ئۇنى ئۆتكەن ئەسلىمىلەردىن قۇتۇلۇشقا ئىمكان بەرمەيتتى. مۇرات بەزىدە تۇيۇقسىزلا شۇ كىچىك تاغلىق يېزىغا چىقىپ قىساس خەنجىرىنى چاقنىتىشنى، مەككار مۇدىرنىڭ تېنىنى پارە - پارە قىلىپ پۇخادىن چىقىشنى ئويلايتتى. ئەمما غايىۋانە بىر كۈچ ئۇنى بېسىپ، چەكلەپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. مۇرات تۇرمىدىن چىقىپلا بىر بېرىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىسىغا، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئاشۇ تىمتاس ماكانغا قايتا بارغۇسى كەلمىدى. ئۇ يەرگە بارغان تەقدىردىمۇ تۇرمۇشنى قانداقمۇ قايتا ئىزىغا چۈشۈرەلىسۇن؟ ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ياردەمچىسى ۋە قايىشى ئانا ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئەجرىنى قانچىلىك

ئاقلىيالىدى؟ ئۇ ھېلىقى قارا قومچاق قىزغا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئۆزىنى قانداق چۈشەندۈرۈشنىمۇ بىلەلمەي، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ يۈزى چىدىمىدى.

گەرچە بىر خىل شاۋقۇنلۇق ھايات ئېقىمى ئىچىدە كېتىۋاتقان تەكرارلىق ئىچىدە ھەممە ناتونۇشتەك كۆرۈنسىمۇ بارا-بارا ئىللىق بىر دۇنيا ئۇنىڭ قەلبىنى ئورىماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يېقىن ئۆتىدىغان دوستلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى. ناگىھاندا ئادەملەر مىغىلداپ تۇرىدىغان رەستىلەردە، قايناپ تۇرىدىغان بازار كوچىلىرىدا بىر-ئەر تاغلىق يۇرتدىشىنى، تونۇشىنى كۆرگەن ھامان بېشىنى تۆۋەن قىلىۋېلىپ تونۇشلۇق بەرمەسلىككە تىرىشاتتى.

مۇرات ياماقچىلىق قىلىپ قولى تۆت-بەش تەڭگە پۇل كۆردى. قورساقى ئاچ قالمىدى. بىراق ئاشۇ يەرلىك خاقانلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان-ئەتكەنلىرى كۆز ئالدىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى كەتمىدى. ئۇ مەيلى ئىش ئۈستىدە بولسۇن ياكى ئۇيقۇسىز كېچىلەردە بولسۇن، ئۇلاردىن بىر-بىرلەپ ھېساب ئېلىشنى ئويلىدى. ئۇ بىر نەچچە نۆۋەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ ئىدارىلىرىغا بېرىپ كۆردى. بىراق ئۇنىڭ ئانكىت، ئارخىپلىرى ئاللىبۇرۇن بىكار قىلىنغاچقا، شۇنچە ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتتى. ۋاقىتسىز سولىشىۋاتقان ياشلىق باھارى خازان پەسلىگە قاراپ ئالدىراپ كېتىپ باراتتى.

زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇرات بۇ سوئالنى دائىم ئۆزىگە قويۇپ تۇراتتى. كۆپىنچە ئۇ ئۆزىنى چارىسىزدەك، بىر يارامسىز ئادەمدەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن ئىنتىلدى. شائىرلىق تەپەككۇرى بىلەن دۇنياغا كۆز تىكتى. ئەمما ئۇ ئويلىغان، ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئادىللىق، ھەققانىيەت تۇيغۇسى ئۇنى باشقىلارغا پەسكەشلەرچە يېلىنىشقا، تاپان يالاپ، ئىتتەك قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ چىقىش يولى ئىزدەشكە قويمىدى. مۇرات بۇنداق قىلىشنى پەقەت مەنتىقىغە سىغدۇرالمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە سىغقان نەرسىلەر — پاكلىق، گۈزەللىك، ئالىيجاناپلىق تۇيغۇسى بەزىلەرنىڭ، تېخىمۇ ئېنىقراقىنى دېگەندە مۇدىردەك دىلىنى قارا باسقانلارنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. ئاز بىر قىسىم رىياكارلارنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرى ھېلىھەم داۋام قىلماقتا. ھەر كىم كۆرسە سەسكىنىدىغان بۇ ئىشلارغا ھېچكىمنىڭ كارى يوقتەكلا ئىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ قەلبىنى، روھىنى چىرمىۋالغان تەتۈرلۈك ۋە باش-ئايىغى تۈگىمەيدىغان چىگىش خىيالنىڭ مەنبەسى ئىدى. نامەلۇم بىر تورنىڭ ئۆزىنىڭ ياشلىق مۇساپىسىدىن تارتىپ تاشلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئۇ ئەمدىلا ھېس قىلغاندەك بولدى. ئۇ بۇ توردىن قۇتۇلالماي تۇرۇپ ئازادلىككە، روھىي جەھەتتىن ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئەمما بۇ توردىن قۇتۇلىدىغان كۈچ تېخىچە ئۆزىنى كۆرسەتمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ بىر خىل ئارامسىزلىق ئىچىدە ئۈنسىز تولغىناتتى. بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ قولى ئىشتىن توختاپ بىر نۇقتىغىلا تىكىلىپ، ئالدىدا تەقەززا بولۇپ ئولتۇرغان خېرىدارلارنىڭ نارازىلىقىنىمۇ قوزغاپ قوياتتى. گويا ئۇنىڭ قەلبى سىرتقى دۇنيادىن ئايرىلغان، قان-زەرداپ بىلەن تولغان يىگانە ئارال ئىدى. بەزى ھاللاردا ماشىنىسىغا قوشنا ياماقچىلارنى قارىتىپ قويۇپ كوچا ئايلىناتتى. ئاق چاچلىق مومايلارنى كۆرۈپ قەلبىدىكى ئاچچىقتىن قەددى پۈكۈلۈپلا قالاتتى. ئۇنىڭ پاخپايغان چاچلىرىنى، شامال يالاپ ئىسسىقنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن قارىداپ كەتكەن چىرايىنى، قوپال، ئۇزۇن بارماقلىرىنى، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال، بۇرۇتلىرىنى، ئالدىغا تارتىلغان، مايلىشاڭغۇ پەرتۇقنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ بۇرۇن تېتىك ۋە جۇشقۇن بىر ئوقۇتقۇچى، جەمئىيەتكە ئازدۇر-كۆپتۇر تونۇلغان شائىر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىناتتى. گاھىدا مۇرات ئۆزىنى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قى-چۇ ئاۋازلىرى بىلەن تولغان مەكتەپ بىنالىرىنىڭ ئالدىدا كۆرگىنىدە ئاللىقانداقتۇر بىر ھودۇقۇش، ئارامسىزلىقتىن يەنە قەدىمىنى تېزلىتەتتى. ناھىيىلىك سوت

مەھكىمىسى ۋە مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ ئالدىدا سائەت - سائەت تۇرۇپ، كىرىپ - چىقىۋاتقان ھەر بىر كىشىگە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىدە قاراپ كىمنىدۇر ئەيىبلىمەكچى، بار ئاۋازى بىلەن تۇۋلىماقچى بولاتتى. ئەمما دەرۋازىدىن چىقىپ ئالدىراش كېتىۋاتقان كىچىك باشلىقلاردىكى سۆرۈن چىرايلاردىن ئەيمىنىپ، تىلىنىڭ ئۇچىدىكى سۆزىنى يۇتۇۋەتكىنىچە ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا پايدىسىز ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ نامەلۇم بىر كۈچنىڭ ھامان ئۆزىنى بۇ ھالاكەت پاتقىقىدىن تارتىۋالىدىغانلىقىنى خىيال قىلسا كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولۇپ يەڭگىللەپ قالاتتى.

يەكشەنبىنىڭ پەيزىدىن ناھىيە بازىرى ئەتىگەندىلا جانلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئاسفالت يوللاردا مەپىگە قېتىلغان ئاتلارنىڭ بىر خىلدىكى يېنىك تۇياق ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى چىمىرلاپ، پاكار بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىنى يورۇتۇپ، رەڭگارەڭ كىيىنىپ، تاتلىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ كېتىۋاتقان قىز - جۇۋانلارنىڭ مەڭىزلىرىنى سۆيۈپ يۈرىكىگە ئىسسىق ئېقىم تارىتاتتى. توخۇمچىلار، لەڭپۇڭچىلار، ناۋايلارنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ توۋلاشلىرى، ئۈن - سىن دۇكانلىرى ۋە بوتكىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان جاز مۇزىكىلىرى ۋە ناخشىلارنىڭ ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ كۈچلۈك بىر شاۋقۇننى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئەتراپ كۈن نۇرىنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. بازاردا مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدىكى پەرق زورىيىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ كىچىككىنە دائىرىدە مىسكىنلەرنىمۇ، مەغرۇرلارنىمۇ، غالىپلارنىمۇ، مەغلۇپلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش ۋە تۇرقىدىن بايقىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. مانا بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىچە ئاتىۋالغان تۇرمۇش سەھنىسى ئىدى. ئۇمۇ بۈگۈن بۇ تۇرمۇش سەھنىسىنىڭ بۇرۇنقىدەكلا مەغلۇپ ئارتىسلىرىدىن بولالمىسىمۇ، تاماشىبىنى سۈپىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقچى بولۇپ، ئەتىگەندىلا ماشىنا سايمانلىرىنى كونا سومكىغا قاچىلاپ كوندىكى ئورنىغا كېلىپ ئۆز ئۇقىتىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ئالدىدىكى ئادەم بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ مۇرات پات - پات كوچىدىكى كېتىۋاتقان ئادەملەر توپىغا تىكىلىپ قاراپ قوياتتى. بەزى - بەزىدە ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ۋارقىراش - جارقىراشلار ئۇنى ئىشتىن توختىتىپ قوياتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئۇدۇلدىكى كوچىدىن ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر تونۇش گەۋدىنى كۆردى. ئۇ كىشى ئۇچىسىغا كۆك بىرتو كاستيۇم بۇرۇلكا، ئاق يوللۇق كۆڭلەك كىيىپ، قارا گالىستۇك تاقىۋالغان ئىدى. مۇرات ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە يىل كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدى.

مۇرات ئۆز ئورنىدا موكچىيىپلا قالدى. نېمىسىنى دېسۇن، ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقىنى قەدىناس دوستى ئاسىم ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى خىياللار بىردەمدىلا قالايمىقانلىشىپ، قولى ئىشتىن توختاپ قالدى. ئىككىسى تۇرمۇش، ھايات ھەققىدە كېچىلىرى مۇلاھىزىلەردە بولغان قەدىناسلاردىن ئىدى. دەسلەپتە مۇرات ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېڭىلا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندا بىر خىل بۇرۇختۇم كەيپىيات ئىچىدە ھە دېسىلا ئۆزىنى ھاراققا ئۇرۇپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان بىر قىسىم كەسىپداشلىرىنى كۆرۈپ، مىللىي مائارىپنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە ئاسىمغا، بۇ قەدىناس دوستىغا ئېرىشتى. ئىككىسىنىڭ تەپەككۇرى، پەلسەپە، كىشىلىك دۇنيا ھەققىدىكى قاراشلىرى ئاساسەن بىر نۇقتىدىن چىقاتتى. ئاسىمۇ يېزىقچىلىققا قىزىقاتتى. بۇ تەرەپلەر ئىككىسىنى بارا - بارا يېقىنلاشتۇرغان ئىدى. كېيىن گويا كۈندۈزى چاقماق چېقىلغاندەك بولغان شۇ ئىشلارنىڭ كاساپىتىدىن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر مەزگىل ئۈزۈلگەن ئىدى. مۇرات ئۆز دوستىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى، ئۆز غېمىنى

دەپ چالغىتىشنى خالىمايتتى. مانا، ئاسىم ئۇدۇللا كېلىپ قالدى. مۇرات تىكشى ياندىن سۆكۈلۈپ كەتكەن بەتىنكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇستى - ئۇستىلەپ ماشىنا سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قوللىرى، يۈرىكى، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئاسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئەمما مۇراتتىن ھېچ سادا يوق بولۇپ، ھەتتا بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويمايتتى.

— بەلكىم مېنى تونىمىغاندۇر، — ئاسىم دوستىنىڭ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىپمۇ كۆرۈشەلمىگەن، ئۇنىڭ قايسى ياقلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىگەن ئىدى. يېقىندا يېزىدىكى مىش - مىش پاراڭلاردىن مۇراتنىڭ ناھىيە بازىرىدا ياماقچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. شۇ كۈنلەردە تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا تەسادىپىي ھالدا بىر كۈندىلىك خاتىرە كىرىپ قالدى. شۇ خوشلۇقىدا ئاسىم ئۇنى ئىزدەپ ئۇدۇل ياماقچىلار كوچىسىغا كەلگەنىدى. مۇراتنىڭ ئالدىدىكى قىسقا ياغاچ ئورۇندۇقتا 20 — 21 ياشلاردىكى ئاق سېرىق ۋە بۇغداي ئۆڭلۈك كەلگەن، قىزغۇچ كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان ئىككى قىز چىرايلىق پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئاسىم ئاخىر چىدىيالمىدى.

— ئاغىنە، ھېچ قاراپ قوياي دېمەيسەنغۇ؟ مېنى تونۇيالمايۋاتامسەن-يا؟

ئاسىم ئاۋازىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكەنلىكىدىن چۆچۈپ ئۆزىدىكى ھودۇقۇشنى تۇگىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى. دەل شۇ پەيتتە باياتىنىياقى ئۆزىگە تۇگىمەس خىجىللىقنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇرات بېشىنى ماڭ تەسلىكتە كۆتۈردى. ئىككى جۈپ كۆز ئۇچراشتى. ئەمدى بۇنداق تۇرۇۋېرىشكە بولمايت-تى. بىر نەچچە ئەسىردەك ئۆتكەن ئون نەچچە سېكونت ئاسىم بىلەن مۇراتنى مەھكەم قول سىقىشتۇرۇپ كۆرۈشتۇردى. ئۇ ئىككى قىزنى ئالدىراش يولغا سېلىۋېتىپ، سايمانلىرىنى يېنىدىكى ئۇستامغا تاپشۇردى-دە، بىرەر پىنھان جاي ئىزدەپ مېڭىشتى. ھەر ئىككىسى قانداق ئېغىز ئېچىشنى بىلمەيتتى. ئۇلار دېيىشىۋالغاندەكلا بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماقلاندى. ئىككىسى يەنە بۇرۇنقىدەك سۆزسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئاسىم بولغان ئەھۋاللارنى، خاتىرىدىكى پاكىتلارنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەي ئولتۇراتتى. ئارىدىن شۇنچە يىللار قەدىرسىز ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. بىردىنلا ئاسىم ئۆزىنى گۇناھكاردەك، دوستىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىكتەك ھېس قىلدى. مۇراتمۇ بىر خىل قورۇنۇش ۋە تەمتىرەش ئىلكىدە ئولتۇراتتى، بىر كۆرۈنمەس تام ئاسىمدىن ئۇنى توسۇپ قويغاندەك ئىدى. شۇ ئارىدا ئىككى قول تەڭلا چەينەكنىڭ بېغىدا ئۇچرىشىپ قالدى، بەلكىم ئارىدىكى جىمجىتلىق ۋە ئوڭايسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىككىسى تەڭلا چەينەككە قول ئۇزاتقان بولۇشى مۇمكىن.

— سەن بىلەن قانغۇدەك بىر ئىچىشكۈم بار ئىدى، — دېدى ئاسىم مۇلايىملىق بىلەن. مۇرات ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتى.

ئىككىسى بازارنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر بوتكىغا كىرىپ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشتى. هاراق ئۈچ - تۆت رومكا ئايلاندى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇزۇندىن بېرى سىغدىلىپ قالغان دەرد - ئەلەملەر قايناپ مېڭىسىگە ئاچچىق تەپتى ۋە قولىدىكى پىيالىنى ئۇستەلگە زەردە بىلەن ئۇرغاندىن كېيىن ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ چوڭ بولۇپ تۇنجى قېتىم باشقىلار ئالدىدا ياش تۆكۈشى ئىدى.

ئاسىمنىڭ كۆزىگىمۇ ياش تىقىلدى. يەنە ئەزىملىك قىلىپ تۇرۇۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ مۇراتقا يۈزلەندى.

— بولدى كۆڭلۈڭنى بۇزما، سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ كىملەرنى تەسىرلەندۈرەلىگەن؟ بەلكىم ھەممە ئادەم ئۆز ھاياتىغا ئۇبدان زەن سالسا ساڭا ئوخشاش ياش تۆكۈشكە ھەقلىقتۇر. مەن

هازىر سېنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭمۇ ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار، گەپلىرىمنىڭ تېگىگە يېتەلىشىڭگە ئىشەنچىم كامىل.

— نېمىسىنى دەي! سەن بىلسەڭ، ساڭا يازغان خېتىمدىن بىلگەن بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن. سەن قارىلىنىپ كەتكەن ئىككىنچى يىلى توي قىلىشقا قالغان ئىدىم. ئايال كىشى دېگەننىڭغۇ «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېسە ئىشەنمەيتتىم، ئايالىم ھېلىقى شەرىپە بىلەن بۇرۇن يېقىن ئۆتۈپتىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بەختسىزنىڭمۇ ھايات يولى ئېتىلدى. بۇ ئىشلارنىڭ كەينىدە كىمنىڭ قولى بارلىقى تېخى نامەلۇم. رەھمەتلىكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن كۈنى ئايالىم ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىنى دەپ كۈندىلىك خاتىرىسىنى يالداما سۈپىتىدە ئېلىۋالغان ئىكەن. شۇنىڭدىن بېرى تا ھازىرغىچىلىك ماڭا تىنماپتۇ، تېخى يېقىندىلا ئۇ خاتىرە قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. ئوقۇپ كۆرسەم ساڭا مۇناسىۋەتلىك بەزى گەپلەر بار ئىكەن. خاتىرىنى بۇرۇنراق كۆرسەتمىگىنى ئۈچۈن ئاچچىقىمدا ئۇ كەم ئەقىل بىلەن ئازراق ئېگىز - پەس بولۇشۇپمۇ قالدۇق. بۇگۈن خاتىرىنى ئېلىپ سېنى ئىزدەپ كېلىشىم. ئۇنىڭدىكى بەزى تەپسىلاتلارنى قايتا - قايتا كۆرۈپ چىقتىم، مېنىڭچە سېنىڭ ئىستىقبالىڭ چوقۇم نۇرلىنىدۇ، ئاقلىنىشىڭدا گۇمان يوق. قالغىنىنى سەنمۇ سوغۇققانلىق بىلەن ئوقۇپ چىق، — ئاسىم كۆك تاشلىق بىر خاتىرىنى مۇراتقا سۇندى. بۇ خاتىرىدە شەرىپە بىلەن يېزا باشلىقى، مۇدىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئىنچىكە باردى - كەلدى تەپسىلاتلاردىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭغا قىلغان سۇيىقەستلەرگىچە بولغان بىر قاتار ئىشلار يېزىلغان ئىكەن. بولۇپمۇ شەرىپەنىڭ يېزا باشلىقى تەرىپىدىن، ئۇ تۇرمىگە كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي پوپوزا ۋە بېسىم ئاستىغا چۈشۈپ قېلىشى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرىدۇ. شەرىپەنىڭ ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغۇچى بۇ ۋاپادار دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئايرىلغانلىقى ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. دېمىسىمۇ كىممۇ ئۆز تەقدىرىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلىسۇن ...؟

× × ×

ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ياماقچىلىق ئورنىدا كۆرۈنمىدى، باشقا ئۇستىلار پات - پات ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى.

— نېمە بولغاندۇ؟... بىرەر كېسەل بولۇپ قالغانمىدۇ ...؟

— يەكشەنبە كۈنى بىر كادىر ئۇنى باشلاپ بىر كەتكەنچە كەلمىدىيا ...

— ئەجەب بەلەن ئادەمتى دېسە ...، — تۇيۇقسىزلا ...

راست، مۇرات كۈندىكى ئىش ئورنىغا كەلمىگەنىدى. بەلكىم ئۇ بۇ پەس ئىش دەپ قارىلىدىغان ياماقچىلىق ئورنىغا مەڭگۈ ئاياغ باسماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ھەر قانداق ئىشنىڭمۇ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى بولىدىغۇ، بەلكىم ئۇ بىرەر مۇرىۋەتلىك ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالغاندۇ، ئامەت ئۇنىڭغا خۇش چىراي ئاچقاندۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى ... بىر كۈنى ئەتىگىنى ناھىيە بازىرىدىكى ياماقچىلار ئارىسىدا يېڭى بىر خەۋەر تارقالدى. ھەممىسى ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى سۆزلىشەتتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش كەلگەن بىر ئۇستىنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى باردەك قىلاتتى.

— مەن دېمىدىممۇ؟ ئۇ مۇشۇ يەرگە پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھېچ بىر ياماقچىدەك كۆرمىگەنتىم. گەپ - سۆزلىرى شۇنچە مەنىلىك، ئەقلى ئۆتكۈر بۇ كىشى ئەسلى مۇئەللىم ئىكەن ئەمەسمۇ؟ يامانلار تەرىپىدىن قارىلىنىپ، ناھەق قولغا ئېلىنغانىكەن. تۈنۈگۈن سوتتا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ھازىر بۇ ئىشنى ناھىيە تەۋەسىدە ئۇقمايدىغان كىشى يوق ... تېخى ئۇ بۇزۇقلار مۇئەللىمگە ئۇۋال قىلىپلا قالماستىن، بىر خانىمچاقنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبكار ئىكەن. ھەي ... مۇشۇنداق مۇشتۇمزورلارنىڭ قانۇن تورىغا چۈشۈشى بىز پۇقرالار ئۈچۈن بىر توي دەڭلار ...

ئادالەتكە خېرىدار ھامان چىقتى. ھامىنى

چىقماي قالمايتتى. مۇرات ئاخىرى ئاقلاندى. ئۇ كۈلۈشكە ھەقلىق، ئەمما ئۇنىڭ كۈلۈشى ئاسانغا توختىمىدى. قايسىدۇر بىر خەلق ناخشىسىدا «ھەر بالالار كېلۇر ئوغۇل بالىنىڭ باشىگە، سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ كۆزدىن ئاققان ياشىگە» دېيىلگىنىدەك مۇراتنىڭ ئاھۇ - زارى، تۆككەن يېشى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ، خىزمەتداشلىرىنىڭ، قانۇن ئەھلىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. ئىنسانلىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇتتى. رەزىل تىل بىرىكتۈرۈشلەر، ساختا پاكىتلار رەسۋايى جاھان بولۇپ، مەككار مۇدىر ۋە دارازا يېزا باشلىقىنىڭ قاداق چۈشۈپ باقمىغان يۇمران بىلەكلىرىگە كۈمۈش كويزا خوپقىنە ياراشتى …

× × ×

مۇرات قەدىناس ماكانى ئاقساي يېزىسىغا تەمتىرەش، ھودۇقۇش، خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ھېسسىيات بىلەن قەدەم باستى. ماشىنا دېرىزىسىدىن كىرىۋاتقان غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭ پاكىزە قىردۇرۇلغان ئېڭىكىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، تەققى - تۇرقىغا ئاجايىپ ياراشقان قىزىل يوللۇق گالستۇكىنى يەلپۈتەتتى. ئۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ ئەزىز يۇرتنىڭ تاش - توپىسى، شىلدىرلاپ تۇرغان، دەل - دەرەخلىرى ۋە ساددا، ئىللىق چىراي ئادەملىرىگە تويماي قارايتتى.

جىپ ماشىنا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىرلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەندە، مۇراتنىڭ بۈگۈن يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان يېڭى مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئاسىم باشلىق خىزمەتداشلىرى ئىشخانىلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشىپ، قىزغىن قارشى ئالدى. ئىسسىق ئالقانلار جۈپلەشكەندە ئوتلۇق، مېھىرلىك كۆزلەر ئۇچراشقاندا، مۇراتنىڭ ھاياجاندىن يۈرىكى ناغرا چېلىپ، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالغانىدى.

— ھە شاكىر شوجاڭ، - دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئايۇپ ئاكا يېڭى مەكتەپ مۇدىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، - سىلىگە بىر غوللۇق كۈچ ئېلىپ كەلدىم. مۇرات ئىلگىرى مۇشۇ مەكتەپنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ يامان غەرىزىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ نۇرغۇن يىل ئۇۋالچىلىق تارتتى. تەشكىل ئۇقۇشماي ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلدى. مانا، ھەقىقەتنىڭ ئاپتىپى ھامان چىقىدىكەن، بىزمۇ كۆپ پۇشايمانلارنى يېدۇق. ھەي … بولدىلا، مۇرات ئاقىۋەت ئۆز ئورنىنى تاپتى. ئەسلىدە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىلىرىنىڭ بىرىدە ياكى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىتەيلى دېگەن. لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى. ياخشى ئات ئوقۇرنى تاپقاندەك، ئۆز يېزامدا قالاي دەپلا تۇرۇۋالدى. «بوپتىلا، تولپار دېگەن نەدە بولسا چېپىۋېرىدۇ» دەپ ئېلىپ چىقتىم. سىلىگە بىر ياراملىق ئوقۇتقۇچى قوشۇلدى ئەمدى …

ئەتراپتىن چاۋاك چېلىندى. بۇ ئالقىش سادالىرى بارغانچە كۈچىيىپ، پۈتكۈل مەكتەپ — رەتلىك ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، سىنىپلار، مەيدانلار، دەرەخلەر — مۇراتنىڭ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەۋاتقاندەك قىلاتتى.

× × ×

مۇرات بۇ بىر كۈننىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ھېچ ئىشەنچ قىلالمايتتى. ياتىقىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، يوقلاپ كىرگەن خىزمەتداشلىرى بىلەن كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر پەستىلا گۆگۈم پەردىسى يېيىلغانلىقىنى، ئەتراپنىڭ چاقناپ تۇرغان قۇياشنى ئاللىقاچان تاغ كەينىگە ئۇزىتىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كۆڭۈللۈك مىنۇتلار نېمانچە تېز ئۆتكەن-ھە؟

ئۇ ياتاقتىن چىقىپ مەكتەپ مەيدانىنى كېسىپ ئۆتتى. بىر ئىچكى تۈيغۇ، ئاللىقانداق بىر تەشنالىق ئۇنى مەكتەپ سىرتىغا سۆرەيتتى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىشىغا ئۆزىنى سۆرەپ ماڭغان بىر غايىۋانە كۈچنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. چۈنكى دەرۋازا ئالدىدىكى شېغىل يولدا بىر قىز ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن، تۈنلەرنى شېرىن ئەسلىمىلەر بىلەن تاڭغا ئۇلىغان بۇ يۇرتتىكى بىردىنبىر سىغىنچىسى — ئاشۇ قارا قومچاق قىز كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئادالەت …

— مۇرات … !

ھاياجانلىق كۆزلەر ئۇچراشتى. ئۆمچەيگەن لەۋلەر پىچىرلاشتى. ئېغىر قەدەملەر ئالغا قاراپ سىلجىدى.

— ئادالەت … !

— مۇرات …

(ئاخىرى 50 - بەتتە)



ئەركىن مەتتۇرسۇن

# ئىككى ھېكايە

## نەس باسقاندا

ئۇششاق شېغىل تاشلىرىنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپ، يوغان - يوغان قورام تاشلىرى كۆرۈنۈپ قالغان بۇ ئەبجەق يولنىڭ تاشلىنىپ قېلىپ قاتناش ماڭمىغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان ئىدى. قاتناش توختىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاندا - ساندا ئات - ئۇلاغلىق كىشىلەر ماڭغان بولسىمۇ، كېيىن شەھەرگە تۇتۇشىدىغان يېقىن يول ئېلىنىپ ئاسفالتلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يولدا ئادەم تۇرماق ھايۋاناتلارمۇ ماڭمايدىغان بولدى.

كۈن چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ئارغامچىدەك تار بۇ تاشلاندۇق يولدا ئىككى يانغا چايقىلىپ كالا ھارۋىسى مېڭىشىدا كېلىۋاتقان بىر يۈك ماشىنا پەيدا بولدى. ماشىنا كوزۇپىغا 15 تۇياقتەك كالا بېسىلغان ئىدى. ماشىنا ھە دېگەندىلا يول سىرتىغا چىقىپ قالاتتى. 20 ياشلارغا كىرىپ قالغان، يېڭىلا مۇستەقىل رولغا ئېرىشكەن شوپۇر يىگىت پۇل، بايلىق جەڭگاھلىرىدا تاۋلىنىپ قاقباشلىشىپ كەتكەن كاززاپ بىدىكىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى مانا ئەمدى سەزمەكتە ئىدى.

— ئۇكام بىزدەك ئادەمنىڭ پۇل تاپمىقى ئاسان ئەمەس، «بارنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەمبال»، دېگەندەك تۆت تەڭگە پۇل تاپساق ئۈچ تەڭگىسى باج، بازار باشقۇرۇش، ئەلەڭگەن - پەلەڭگەنلەرگە كېتىپ بىزگە قالىدىغىنى تايىنلىق ... شەھەرگە كىرىدىغان ئوبدانلا بىر يول بار... ئەل ياتقۇغا «تۇزلۇق ساي» دىكى خۇمدان بېشىغا ئالدىڭغا چىقىپ بولىمەن، ئەمدىغۇ كالا مېنىڭ بولغاندىن كېيىن بىرگە ماڭساق بولاتتى. ئەمما زە - مەن نەدە بولسام باجگىرلار خۇددى ئاپشاركىدەك پۇراپ تېپىپ شۇ يەرگە ئۈنىدۇ... خاتىرجەم بول، ھەققىڭنى ھەسسىلەپ بېرىمەن.

سادا شوپۇر يىگىت ئاسانلا ماقۇل بولدى. چۈنكى بىدىكىنىڭ ۋەدىسى بويىچە بولغاندا مۇشۇ بىر مېڭىشىدا خېلى كۆپ پۇلغا ئىگە بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن يىگىت بىدىك ياللىۋالغان يەرلىك ئۈچ ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا كالىلارنى ماشىنىغا بېسىپ ئۆزى يالغۇز يولغا چىقتى.

يىگىت نەزىرىنى يولدىن يۆتكىمەي، بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، پەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ ماڭدامدا بىر ئۇچراۋاتقان تاۋۇزدەك چېچىلىپ ياتقان تاشلار دەستىدىن رول خۇددى قويۇندەك پىرقىراپ ماشىنا يولىغا يېنىنى تەڭلەپ تۇرىۋالاتتى. ماشىنىنىڭ سىلكىنىشىدىن كوزۇپ ئۈستىدىكى كالىلارنىڭ گۈلدۈر - قاراسلىرى، مۆرەشلىرى، ماشىنا ماتورىنىڭ «نالە - پەريادلىرى» قوشۇلۇپ ئاسماندا ئاندا - ساندا تاغ قۇچقاچلىرى كۆرۈنۈپ قالىدىغان بۇ ساي يولىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. «خەپ، ئۆزەمدىن ئۆتتى، بۇ نىجىسلارنى ماكانىغا يەتكۈزۈۋەتسەم پۇل ئورنىغا كاللەكلەپ ئالتۇن بەرسىمۇ بۇ يولغا ئىككىنچى ئالدىمنى قىلماسمىنا... قېرى قاقباش بىدىك خەپ سېنى...» شوپۇر يىگىتنىڭ خىيالى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ماشىنا سىلكىنىشتىن ئازراق يانتۇ بولغان ئىدى، «گۈلۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كالىنىڭ قىسقا مۆرىشى ئاڭلاندى. يىگىت ماشىنىنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى. قارىماققا تېرىسى خۇددى قوراق لاتىدىن پۈتكەن رەختەك كۆرۈنىدىغان بىر تاز توپاق ئىككى غېرىچ كەلگۈدەك ئارغامچىسى بىلەن كوزۇپ ئۈستىدىكى ھەمراھلىرىغا قاراپ يەردە تۇراتتى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەن شۇ-دە، قاچىمساڭ بولاتتىغۇ كاساپەت... توغرا، ئۇنى باغلىۋېلىش كېرەك» ئۇ كابىنكا ئىچىنى بىر ھازا ئاختۇرۇپ سۇنىشى تالادىن ئىشلەنگەن بىر باغلام تانىنى ئېلىپ چىقىپ ئاستا - ئاستا كالىغا يېقىنلاشتى.

ئۆش ... ئۆش

«باغلانچىسىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالسام» يىگىتنىڭ كۆزى كالىنىڭ قاتلىشىپ كەتكەن

بويىندا ساڭگىلاپ تۇرغان قىسقا ئارغامچىدا ئىدى. شۇ تاپتا كالىنىڭ ئالايغان كۆزلىرى قىزىرىپ، ئېغىر پۇشۇلداشتىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، ئالدىدىكى رەقىبىگە خىرىس قىلىپ تۇراتتى. ئىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىق بولغان ئارىلىقتا يۈز بەردى. كالىنىڭ تاشتەك قاتتىق كاللىسى شوپۇر يىگىتنىڭ مەيدىسىگە زەرب بىلەن تەگدى...

يىگىت خىرە - شىرە ئېسىگە كېلىپ كۆزنى ئاچقان ئىدى. ئۆزىنى كالىدىن 2 - 3 غۇلاچ يىراقلىقتا ئۇگدىسىغا ياتقان ھالەتتە كۆردى. ئۇ ئاغرىق دەستىدىن ۋايجانلاشقىمۇ كۈچى يەتمەيتتى. خۇددى ھاۋانى سۈمۈرۈپ تېشىغا چىقىرالمايۋاتقاندەك، كۆكرىكى كۆپۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ياندۇرغىسى كېلىپ ئاغزىنى ئاچقان ئىدى. ئاغزىدىن بۇلۇقلاپ قانياندى. كۆز چۈشتىن قايرىلىپ كەچ كىرىپ قېلىۋاتاتتى. «پۇل، ماشىنا، كالىمۇ كېرەك ئەمەس ئەمدى، ئۆلۈپ قالمىساملا بولاتتى...» بۇ ئەمدىلا ياشلىقتا قەدەم قويغان، بۇرۇتلىرى خەت تارتقان، ئۇن گۈلنىڭ بىرسى ئېچىلمىغان نەۋقىران يىگىتنىڭ ئاخىرقى خىيالى بولۇپ قالدى.

# رىسىق

كىيىم - كېچەكى، يۇرۇش - تۇرۇشى، چىراي شەكلى باشقا تىلەمچىلەردىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىغان بۇ تىلەمچى تىلەپ يۈرۈپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بىناسىغا كىردى. ئۇنىڭچە بۇ يەردە ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلماي ئاغرىق ئازابىدىن چىرايلىرى ساماندەك سارغايغان بىمارلاردىن، غەمكىن باققۇچىلاردىن نان، .كىيىم - كېچەك، پۇل دېگەندەك نەرسىلەرگە ئېرىشەتتى، بەزىدە خېلى پۇللۇق نەرسىلەرمۇ قولىغا كىرىپ قالاتتى.

— ئاللانىڭ ھەققى ھۆرمىتىدە ئاغرىق - سىلاق، غېرىپ - يېتىم مۇساپىرلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەر ئۈچۈن سەدىقە سورايمەن. ئاللا شاپائەت قىلىپ كېسەلمەن ئاجىزلار ئاز كۈندە ئاياقتا تۇرۇپ رۇستەمدەك كۈچ قۇۋۋەت ۋە ساغلاملىق ئاتا قىلغاي، - تىلەمچى بوم ئاۋازى بىلەن كارىدورنى تىترىتىپ ئامىمۇۋى مۇنچىدەك زىچ جايلاشقان كېسەللەر ياتقىنىڭ ئىشىكىگە تاما بىلەن تەلمۈردى. بىر قانچە ئىشىك ئېچىلىپ ئەر - ئايال ئۈچ - تۆت كىشى نان، كىيىم - كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى سەدىقە قىلغان بولدى. ئەزەلدىن قانائەتنى تەرك ئەتكەن بۇ قېلىن ئادەم چۈشىدىمۇ يادلاپ بېرەلەيدىغان بايامقى سۆزلىرىنى تەكرارلىغىنىچە ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ سەدىقە سوراشقا باشلىدى.

— ئاللانىڭ ھەققى ھۆرمىتىدە...

تۇيۇقسىز ئۇ نۆۋەتتە ئۆزى كىرمەكچى بولغان ياتاقنىڭ ئىشىكى يېنىغا قويۇپ قويۇلغان، يوللۇق رەخكە ئورالغان ئۇبدانلا يوغان بىر بولاقتا كۆزى چۈشتى. تىلەمچى شۇئان سۆزىدىن توختىدى. ئاللا ئىشلىرىنى ئاسان قىلسۇن، بۇمۇ مېنىڭ رىسقىم. تىلەمچى ئالدىراپ بولاقنى يەردىن ئالدى - دە، بوش تۇرغىنىدىن دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن خورجۇننىڭ ئارقا پېيىگە تەستە پاتقۇزدى...

كەچ.

تىلەمچى مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان، قوغۇنلۇقتىكى ۋەيرانە كەپىدەك ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن تاشلاندۇق ئۆيىگە كەلدى. ئۇ سۇپىغا چىقىپ بىر ئىلىك توپىنىڭ تېگىدە قالغان كونا كىگىز ئۈستىدىكى پۇلگەن قوينىڭ قۇرسىقىدەك تومپىيىپ كەتكەن خورجۇننى دۈم قىلدى... چۆك - كىچىك، پۈتۈن - پارچە نان - توقاچلار، گۆشگىردە، سامسا، گۆلە - قاق، ئالما - نەشپۈت... ئىشقىلىپ كىگىز ئۈستىدىكى بىر دۆۋە نېمەتلەر ئارىسىدا جاھاندا تېپىلمايدىغانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. تىلەمچى باشقىنى قويۇپ نېمىلىكى ئەتىگەندىن بېرى ئۆزىنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن ھېلىقى يوغان بولاققا قول ئۇزاتتى. «نېمىدۇ؟ بىرەر پۈت گۆشتەك قىلامدۇ - نېمە؟» ئۇ بولاقنى ئېچىپ ئۆزىنى ئىنتىزار قىلغان نەرسە كۆز ئالدىدا زاھىر بولغىنىدا قورققىنىدىن «دىرىڭڭىدە» ئارقىسىغا ئۆچۈپ چۈشتى. قان داغلىرىدىن ئالا - بۇلىماچ بولۇپ كەتكەن يوللۇق رەخت ئۈستىدە قانىراتقان ئۆپكىدەك ئاقىرىپ كەتكەن تەمبەل بىر ئەركىشىنىڭ تىزىدىن كېسىۋېتىلگەن يېرىم پۇتى تۇراتتى...

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ھەببە مەمەتئەيسا

# سەيدەك ( Ⅲ )

(ھېكايە)

—ھاكىم، سەيدەك يەنە كېلىۋاتىدۇ.

ھېلىلا بىر ھۆججەتنى تەستىقلىتىپ، كەتمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتكەن كاتىپىم ھودۇقۇنىچە كىرىپ كەلدى.

— نېمە؟ سەيدەك!، — مەنمۇ بىر ئاز ھودۇقتۇم، ئۇنىڭ مېنى ئۆيگىمۇ ئىزدەپ كېلىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

— بوپتۇ، سىز كېتىۋېرىڭ!، — دېدىم كاتىۋىمغا چاندۇرماي.

— ماقۇل ئەمىسە، ھاكىم، مەن ماڭاي!

«تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» بىزدەكلەرمۇ ئۆزىمىزنىڭ دەردىنى ئۆزىمىز بىلىمىز. خىزمەتتىكى مەلۇم كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىن «ئاغرىپ قېلىپ» ئۆيدە داۋالىنىۋاتقىنىمغا بىر ھەپتە بولدى. مۇشۇمۇ دەم ئېلىش بولدىمۇ؟ مېنى يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى بېسىقمىدى. مانا ھەتتا سەيدەكمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمايۋاتسا! بوپتىلا، ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ تاققۇ - تۇققۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنتۇلار!

مەن ئېسىپ قويۇلغان بىر سان گۆشتىن ئازراق گۆش كەستىم - دە، كارىدوردىن ئۆتۈپ ئارقا ھويلىغا چىقتىم. ئەتىۋارلاپ باققان بۆرە ئىتىم مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. قەغەزدەك نېپىز ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ قولۇمدىكى گۆشكە ئېتىلدى. مەن ئالدىرىماي ھېرىپ گۆشنى ئۇنىڭ قاچىسىغا تاشلاپ بەردىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سەيدەكنى كۆرۈپ بىرقىسما بولۇپ قالغان كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى. نېمىشقىدۇر مەن ئۇنى ياقتۇرىمەن. ئۇنىڭ تاترەڭ ساغۇچ چىرايى بىر ئاز قارىداپ، ياداپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. يەنىلا ئاشۇ ئەسكى تەلپىكى، يەڭلىرىنىڭ ئۇچىدىن مازلىرى ساڭگىلاپ قالغان چاپىنى، ئىككەدەپ ئاقارتىۋەتكەندەك ئاقىرىپ كەتكەن ئۆتۈكى ... مېنىڭچە سەيدەك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىدىغانلا بولسا جاھاندا ھاللىق سەۋىيىگە يەتمىگەن ھېچكىم قالمىسا كېرەك!

مەن ئۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ تاس قاپتىمەن ئۇنىڭ ئايالىنى كۆرمەي قالغىلى! كىرلىشىپ كەتكەن داكا ياغلىقىدىن سالۋاراپ كەتكەن چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى. كىردىن قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى ئىچىدىن ئاللىقانداق رەڭدىكى باشقا بىر كۆڭلەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نويابىر ئايلىرى بولغاچ قېلىن كىيىنىۋالغىنى بولسا كېرەك، ئاۋۋالقىدەكلا چاپىنىنىڭ سول يېڭى پولاڭلاپ تۇراتتى. كۆڭلىگە يارىشا ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئەھۋاللىشىپ قويدۇم. ئۆيگە كىرەيلى دەپ شۇنچە زورلىساممۇ «ئۇچۇق - يورۇق مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرايلى» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. گۆشنى مەززە قىلىپ يەۋاتقان ئىتنى يەنە بىر دەم تاماشا قىلغۇسى باردەك كۆرۈنەتتى.

سەيدەكنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە كېلىش سەۋەبىنى سورىمىدىم. دېگەندەكلا ئۇ ئۆزى گەپ ئاچتى.

— تونۇگۇن سىلىنى ئىزدەپ ئىشخانىغا بېرىۋىدىم، سورىسام «ئاغرىپ قالدى» دېدى. شۇڭا بىر يوقلاپ چىقايلى دەپ...

— ياخشى بوپتۇ، شۇغىنىسى ھەرقايسىلىرى ئاۋارە بولۇشۇپلا، - دېدىم ئايالىغا قاراپ تەكەللۇپ بىلەن.

— توۋا دېسىلە "ھاكىم، بىزگە ئەمەس، سىلىگە ئاۋارىچىلىق بۇ، بىز خەققۇ ئەسلى سىلى تۇرماق بىزنىڭ شياڭ دۇيجاڭنىڭ ئۆيىگىمۇ ئەيمىنىپ تەس كىرىمىز. ھېلىمۇ سىلىدەك دىللىرى ئاق ئادەمدىن يەنە بىرسى بولماس، قورقماي ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇۋاتىمىز مانا!

— ئۆھھۆ! ......، — ئۇنىڭ ئايالىنى شۇنداق قاتتىق يۆتەل تۇتتىكى ئالاھەزەل 40 ـ 30 سېكۇنت نەپەس ئالالمىدى. بىر كەمدە مىلىڭ تەستە گېلىغا قاپلىشىپ قالغان بەلغەمنى چىقىرىۋالدى. ھاسىرىغاچ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى ئۆرۈپ تۈكۈردى. مەن داڭ قېتىپ قالدىم. كەينىگە

بۇرۇلسىلا كىچىككىنە ئىنتىزلىق بار ئىدى. ئۇ ھەتتا توپىغا تۆكۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

كۆڭلۈم يەنە غەش بولدى، مەن دەرھال ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدىم. سەيدەك سافادا ئولتۇرغىلى ئۇنىماي چىنە خىش بىسىلغان يەرگىلا چازانى قۇردى. ئاخىرى بولماي بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىراق گەپ قىلىپ ئۇنى تۇرغۇزدۇم. ئاندىن چاي قۇيغاچ مېنى نېمە سەۋەبتىن ئىزدىگەنلىكىنى سورىدىم.

— بۇ ئەسلى مۇنداق ئىش. مۇنۇ ئايالنىڭ بىر نەۋرە ئۇكىسىنىڭ بىر قىزى زاۋۇتقا ئىشچى بولغان. زاۋۇت تاقىلىپ قېلىپ يامان تەس كۈنگە قالدى. باشقا ئاداشلىرى ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئىش تېپىپ قىلغاچ تۇرغان چېغى. شۇ بالىنىڭ بوينى قىسىلىپ قاپتۇ. يەنە كېلىپ ئانىسى بۇلتۇر قازا قىلىپ كەتكەن. سىلىنىڭ ئەسلىرىدە بار ھەقچان، ـ دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ.

— يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاپ قويسىلا، ئەمدى.

مەن بىر ھازا ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداقلا دېدىم.

— قېنى مەن بىر ئويلىنىپ باقاي!

ئۇ بىر ھازا ھەشقالالا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن يەنە گەپ باشلىدى.

— بىر ئىشنى پەقەت چۈشەنمىدىم. بۇ ۋىلايەتتە بەش ناھىيە نېمە ئىش قىلسا تەڭ قىلىدىكەن. بىرسى ئاياغ زاۋۇتى قۇرسا ھەممىسى ئوخشاش ئاياغ زاۋۇتى قۇرىدىكەن. بىرسى يىپەك زاۋۇتى قۇرسا ھەممىسى تەڭلا پىلىدىن بېخەۋەر بەش يەردە زاۋۇت قۇرىدىكەن. ئۇنداق قىلغۇچە بىرسى ناۋاي بولسا، بىرسى مۇزدوز، بىرسى ياغاچچى بولسا، بىرسى ماشىنچى بولسا بولمامدۇ؟

چىرايىمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزگەرگىنىنى ئۆزەممۇ بىلدىم. ئۇ ئۆزگەرمىگۈدەك، توۋا دېيمەن. ئۇ ئىشلارغا كاللا قاتۇرۇپ يۈرگىچە «قانداق قىلسام ئەتە ئاچ قالمايمەن» نى ئويلىسا بولمامدىغاندۇ؟

ئەھۋالنى مۆلچەرلىدىمۇ قانداق، ئۇ تېزلا گېپىنى يىغىشتۇرۇۋالدى. ئارقىدىن بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە يانچۇقىدىن كىرلىشىپ كەتكەن ياغلىقتا چىگىلگەن بەش دانە تۇخۇمنى چىقاردى.

بۇ ئۇنىڭ ماڭا ئەكەلگەن سوۋغىسى ئىدى.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

---

(بېشى 46 ـ بەتتە)

تىنىقلار ئۆرۈلەتتى. ھاياجانلىق ھاسىراش، ئوتلۇق تىنىقلار دەممۇ ـ دەم كۈچىيەتتى. ئەمما ئاشۇ بىچارە تىلنىڭ پەقەت بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشقىلا ماغدۇرى يەتكەن ئىدى.

— سىزنى بۈگۈن كېلىدىكەن دەپ ئاڭلىغۇدىم ...، — دېدى بىر چاغدا قارا قومچاق قىز ھاسىراپ تۇرۇپ، ـ كۆرۈپ كېلەي دەپ ...

— ھەر نىمە بولسا مېنى ئۇنتۇپ قالماپسىز ئادالەت، مېنىڭ ئادالەتىم، ـ دېدى مۇرات ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، — يۈز بەرگەن ئىشلارنى سىزگە قانداق چۈشەندۈرەرمەن دەپ ئويلاپ بېشىم ئوماچ بولۇپ كەتكەنىدى. ھەتتا يوقلاپ بارسام مېنى تىل قاغىشلار بىلەن كۆمۈۋېتەرمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدىم.

— ياق مۇرات، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. سىزنىڭ تارتقان دەرت ـ ئەلەملىرىڭىزنى مەن چۈشەنمەيدىغان" يەردە ئەمەس. مەن سىزنى ساقلىدىم، كۈتتۇم. مانا، ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن جېنىم ... مېنى ئەمدى يېڭى يېزا باشلىقىمۇ، مەكتەپ مۇدىرىمۇ قورقىتالمايدۇ.

— ئاھ، ئادالەت! ئەمدى ئىشلار ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. بىز ھازىرغىچە تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ شاھمات تاختىسىدا بىر پىچكا بولغاندۇق. ئەمدى بىز ماھىر شاھماتچىنىڭ ئۆزى جېنىم ئادالەت، قېنى ئەمدى بىز بۇ ئويىنلىپ بولۇنمىغان شاھماتنىڭ داۋامىنى ئىككىمىز ئوينايلى.

— مۇرات ...

— ئادالەت ...

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

**ئابدۇللا سۇلايمان**

# ئىككى شېئىر

## سەن-پەرىشتە، سەن-رىشتە

1

ئوغۇز كەبي قارىغدىن لىچەك ئارتىپ بويىغا،
سوزۇلغانسەن چەكسىزلىك تامان ئانا تۇپرىقىم.
سېغىنىشىنىڭ ئايازى دىلنى قامال ئەتسمۇ،
بەختىم شۇندا بەزلىنىپ قۇچىقىڭدا تۇرمىقىم.
ئۆتكىنىمدە سەندىكى قىدىم خىلۋەتكوچاڭدىن،
تەۋەللۇتىڭ - قارا چاچ ھىدلىرىنى پۇرۇدۇم.
قاغجىراق كۆكسىمدىن چۇۋۇپ ھىجران يىپىنى،
پىلە قۇرتەك يۆگىنىپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئورۇدۇم.
ھەر بىر ئورام بىر كەچمىش، باللىقتىن باشلىنىپ،
قىلدى سەبىي شادلىقىم، ئازابىمنى مۇجەسسەم.
ئازاب تاتلىق تۇيۇلدى دوقمۇشىدا تۇرمۇشىنىڭ،
كىرىپ ھايات نېنىمغا يىگۇاشتىن مىزلىك تەم.
ئاتا قىلغان سەندىكى ئىتىز، جىلغا - ئىدىرلار،
تۆك تاشلىغان چۇجىدەك ماڭا غەيرەت - يۇلقۇنۇش.
نېسىپ بولغان، چاڭ - توزان قونغان ۋۇجۇد - تېنىمنى،
پاكلىغىنى قايىنىمىڭ ئىچرە ئۈزۈپ - يۇيۇنۇش.
بولدۇڭ باشتىن - ئاخىرى شۇڭا قەلبىم تۆرىدە،
سەن مۇھەببەت - نەپرەتنىڭ ئەسلى جايى - ماكانى.
ماكانىمدىن تۇتاشتى تەۋەلىكىم زامانغا،
جاكا قىلدىم، بولدۇم دەپ ئۆزۈمنىڭلا خاقانى.

2

شېرىن چۇشلۇك كېچىنىڭ ئەللىينى توختىتىپ،
شەھەر يەنە ئويغاندى، ئاقارغاندا كەڭ ئۇپۇق.
يول، مەھەللە - ئۆيلەرگە تارقاپ ھىدى گۇللەرنىڭ،
چىرايلارغا يىپىلدى سۇتۇن تاڭدىن نۇر - يوپۇق.
سۇغۇرۇلدۇم قوينىدىن چۇشنىڭ مەنمۇ شۇ ئەسنا،
يۈرىكىمنى چەككەندە تېۋشلىرىڭ يىقىنلاپ.
ئاچقىنىمدا تەبىئەت ئىشىكىنى كەڭتاشا،
ئاقتى تارمۇش تېنىمغا سۆيۈنۈشلەر ئېقىنلاپ.
قىياس قىلدىم كېچىچە تۆككەن ھىجران يىشىڭ دەپ،
ياپراقلارنىڭ بەرگىدە يالتىرىغان شەبنەمنى.
يارىگىمنى چىرماشقان بىلىكىڭگە ئوخشىتىپ،
يىراقلارغا تىكىلدىم ئاقتۇرۇپ سەن سەنەمنى.
رەستىلەردە مىڭ كىشى، ئۆرۈم چاچلار دولقۇنى،
ئىزدەپ ۋۇجۇد كۆزۈمدە، تاپالمىدىم بىر سېنى.
شوخ سابادىن سورىسام سۈرىتىڭنى كۆرستىپ،
دەۋەت قىلدى كەڭلىكنى ئاقتۇرۇشقا ھەم مېنى.
سەھرا، جىلغا، تاغلارنى كەزمەكتىمەن ھېلىھەم،
كەتتىڭمىكىن بۇ زېمىن بىلەن راستىن قوشۇلۇپ؟
تاپالىسام خاكىڭنى قاچان، قايسى ئورۇندىن،
قوشۇلاتتىم مەنمۇ تەڭ، بۇ ھىجراندىن قۇتۇلۇپ.

3

خوشلاشقاندا ھەر قېتىم پۇتەر ھىجران قەلىمىم،
دىل دەپتىرىم بېتىگە يەنە يېڭى ئازابنى.
ئىزتىراپىم ئالدىدا تولغانغان قىل ھېچقانچە،
تەن - ۋۇجۇدۇم ئەسلىتەر چوغقا ئاتقان كاۋابنى.
كۆزۈڭدىكى يانغان ئوت خىيالىمنىڭ پىلتىسى،
ئۆلگىيىپ ئۇ، داغ چېكەر يۈرىكىمگە ھەر ئەسنا.
خوشلاشقاندا ھەر قېتىم قىيالماسلىق سەتھىدە،
قالار ئالەم سىرىندەك خىرە يانغان مۇئەمما.
قىلالمىدىم نە ئۈچۈن جاكا، قاراپ چېھرىڭگە،
«سېنى مەڭگۈ سۆيىمەن» دېگەن ئوتلۇق سۆزۈمنى.
گەپدان تىلىم قاچاندىن بېرى بۇنداق تۇتۇلدى،
توستىمۇ يا كۆرۈنمەس پەردە بىر جۇپ كۆزۈمنى.
ھەيھات! سېنىڭ ئىرادەڭ، سېنىڭ سەۋر - تاقىتىڭ،
ئايلاندۇردى بىر سېنى پەرىشتىگە قەلبىمدە.
مەسۇملۇقىڭ، ئاقلىقىڭ يۇلتۇز بولۇپ چاقنىدى،
ئاچ - زېرىنلىك قاپلىغان روھىيەتلىك تەختىمدە.
سەن پەرىشتە - سەن رىشتە بولساڭ چىغىر يولۇمدا،
مەن ھەم داغدام يولۇڭدىن قايتتىم پەقەت ئۆزۈمگە.

ساقلاپ ئۆتەي ئىچىمدە شۇ سۆزۈمنى سىر پېتى،
چۈشەنگەنسەن ۋەجىنى قاراپ ـ قاراپ كۆزۈمگە.

4

خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ چۈشتىڭ ئالدىمغا،
نائىل قىلىپ بىر مېنى بەختىيارلىق ئىلكىگە.
باشلىغاندا سۆيگۈنىڭ باغلىرىغا غەرەرسىز،
مەن مەجنۇننىڭ بولدۇم، سەن ئوخشاپ گويا لەيلىگە.
ئالقىنىڭدىن تۆكۈلدى سېخى نېمەت زارىمغا،
ئېھسانىڭدىن سۆيۈندۈم، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.
ئېقىن قىلدىڭ مېھرىڭنى شۇنچە سۇزۇك، ئەزىمىلىك،
ئاقتىم، دولقۇن لەيلەتتى، مېنى گاھى چۆكۈرۈپ.
ناۋالىرىڭ سەگىتسە يۈرىكىمنىڭ ئوتىنى،
ئىزىنىڭ چاڭ ـ توزىڭى غۇبارىمنى پاكلىدى،
ئۆتتۇڭدى يۈزۈمنى سىيپاپ يەڭگىل تېنىقىڭ،
تۇيغۇم مېنى ئۇچىنچى بىر ئالەمگە باشلىدى.
تۇيغۇلىرىم ئىستىدى سەندىن ئازاب تارتىشنى،
قەلبىمدىكى ئارامسىز جاراھەتنى داغلاشقا.
تۇيغۇلىرىم ئىستىدى مۇقەددەس روھ ـ ئېتىقادنى،
پاك تۇغۇملۇق، پاك ئۆلۈم يولى بىلەن ساقلاشقا.
قاچان چۈشتىڭ ئالدىمغا ئېقىپ ئاقار يۇلتۇزدەك،
سۆگرە ئاقتىم سەن تامان تىلەكلەرگە بۆلىنىپ.
قىلشايلى بىز تەقدىم يۈرەك، ئۇندا ئۇچراشاق،
ئۈمىد ئاتلىق يېقىلماس ئابىدىگە يۆلىنىپ.

## كەتمىنىم

قىزىلمىلار، ۋەسقىلەر كىرگەندە تىلغا،
(سىلىپ ئۇدۇن، كىرورەننى ئۇچقۇر ھەر دىلغا)،
بەك قېدىمى بۇغداي، غوزەك، شالىنىڭ ئۇرۇقى،
دەل بۈگۈننى ئۇلىدى چىڭ مۇقەددەم يىلغا.
ۋەسقىدىن بولدى ئايان قىلغان ئەتكىنىم،
سەن ئەمەسمۇ شۇ كەچمىشكە شاھىد كەتمىنىم.

تۇركۈمدەك يۇلتۇزلارنىڭ تۇتاش شەھەرلەر،
شاھ مۇقامدا ئەللەيلەنگەن ھەر كەچ ـ سەھەرلەر،
شەھەرلەرگە نېمەت بېرىپ، سەھەرگە رىغبەت،
يازدىڭ روشەن پولات بېسىڭ بىرلە سەمەرلەر.
پەخرىم ـ ھالال ياشىماقچۇن جاپا چەككىنىم،
مېھنىتىمدە بولدۇڭ ماڭا دىلكەش كەتمىنىم.

چۆرگەلگەندە پەلەك چاقى، باستى زور توپان،
كەڭلىكلەردە سۈكۈناتلىق، سۇلدى خانىمان.
قۇم دېڭىزى ئىچرە ئۈزۈپ قىرىق كۈن ۋە تۈن،
ھىممەت بىلەن چىقتۇق ئاخىر ماماتتىن ئامان.
خارابىلار ئارا قالدى تاپقان ـ بەرگىنىم،
تېپىشمىغا يەنە بىللە چاپتىڭ كەتمىنىم.

تۇيغۇزدۇق بىز ئەجرىمىزدە تويماس دۇنيانى،
بوز ئېچىپ، دان تىكىپ بولۇق قىلىپ گىياھنى.
ئىزىم چۈشكەن يەرگە بېسىڭ تەگدى بىرمۇ بىر،
شۇ تەقلىددە ياش ئۇزارتتۇق ھەر بىر ئىرانى.
ئەمەس ئىدى بۇ، ئاداققى چەككە يەتكىنىم،
بىلەتتىڭغۇ چىن ئارزۇمنى تولۇق كەتمىنىم.

سېنىڭ بىلەن ئايدالادا تۇنىگەن دەملەر،
ئېسىڭدىمۇ، بىزدە ئارتقان تەئەججۇپ، غەملەر.
ئۇستىمىزدىن سۇنئىي ھەمراھ نۇر پۈكۈپ ئۆتسە،
كۆلگەنتىڭغۇ بىزگە بېقىپ چولپان ـ سەنەملەر.
يادىڭدىمۇ شۇچاغ خىيال سۈرۈپ كەتكىنىم،
خىيالىمغا ئۇلىغانتىڭ خىيال كەتمىنىم.

دەرۋازىلار كەڭ ئېچىلدى، كىردى يېڭىلىق،
بىراۋ قىلدى توپچا بېسىپ ئىش ـ تېرىقچىلىق.
مەن يەنىلا سېنى ئېلىپ قولۇمغا سەھەر،
نۇر دەۋرىنى كۈتتۈۋالدىم شۇ قەدەر ئىللىق.
بەختىم ـ تارىم بوستانىنى ساقلاپ كەلگىنىم،
بۇ ئابادلىق بولمايتتى ھېچ، سەنسىز كەتمىنىم.

ئارزۇم ئىدى، قىلسام ئىش ـ كار نۇر بىرلە سېزىپ،
سېنى مۇزېي تەكچىسىگە قويسامدىم تىزىپ.
تاڭغا لايىق ئاڭدا بولۇپ زەبەردەس دېھقان،
چىقسام مېھنەت تەسۋىرىنى يېڭىچە يېزىپ.

بۇ ئەمەستۇر ھەرگىز سېنى خالاس ئەتكىنىم،
مەن دېمەك سەن، سەن دېمەك مەن داۋام كەتمىنىم.

بېسىك — ئەقىل - زېھنىم گويا، چاقناپ ئۆتمەن،
سېپىك — بەردەم قامىتىمدۇر، ئۆرنەك ئېتىمەن

ئەجدادىمدىن ئالغان سېنى يادىكار بىلىپ،
يەنە بىللە يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كېتىمەن.
دېھقانلىقىم — يېشىللىققا ئۇرۇق ئەككىنىم،
ھايات نۇرى چاقناتسۇن تىغ - بېسىك كەتمىنىم.

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

**ئەھەدى**

# رۇبائىلار

1

سەن يەردىن، مەن ياندىن قاراشتۇق نېمە،
ئىز بېقىپ ئارقىدىن ماراشتۇق نېمە.
بىلسەن، ئىت خۇيى سۆڭەك تالاشماق،
ئېيتقىنا، ئىككىمىز تالاشتۇق نېمە؟

2

مەن توپتىن ئايرىلغان باقى بولمايمەن،
ۋە ياكى زورلامچى ساقى بولمايمەن.
پىيادە قالسامۇ قالايكى، بىراق،
نامەرت ھارۋىسىنىڭ چاقى بولمايمەن!

3

ئەتىنى ۋەدە قىلىپ ئالغانتى ئۆتنە،
بەر دېسەم، ئۇ دېدى: ئالدىراپ كەتمە.
شۇ چاغدا نېمىنى ئويلىدىڭ دېسەڭ،
مەن دەيمەن ئەسكىگە سىينىت كۆرسەتمە!

4

«پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەيدىكەن،
يەتتە قات ئاسمانغا شوتا، دەيدىكەن.
بوۋامدىن سورىسام، پۇلپەرەسلەرنى،
ھەممىدىن دۆت، ئەقلى چولتا، دەيدىكەن.

5

كىم چەكسە تاماكا، تۈتۈن چىقىدۇ،
خۇماردىن يىرىم يا پۈتۈن چىقىدۇ.
تىڭشىساڭ، خىرىلداپ ئۆپكىسىدىن،
«قاتىلىك - ئۆزەڭ!» دەپ ئۈن چىقىدۇ.

6

شۇ كەمدە قىزلارمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى،
كىيىمى، گىرىمى ئۇز بولۇپ كەتتى.
يىراقتىن بىر قاراپ «پىژ» قىلغان يۈرەك،
يېقىنلاپ كەلگەندە مۇز بولۇپ كەتتى.

7

قېينىئانام ئېلىپ كەتتى بارۇ - يوقۇمنى،
بەرمىسەم، قارنىغا ئالدى توقۇمنى،
ئۆزۈمگە خوپ بولدى دېگۈم كېلىدۇ،
ئارزۇلاپ ئالغاچقا شۇنداق خوتۇننى.

8

قەلەمنى ئۆتنىگە بەرگەن نەدە بار،
بەردىڭمۇ، كەينىدىن ئۇنىڭ دەردى بار.
سەن يازغان ئەسەرنى «مېنىڭ» دەيدىغان،
ساختىپەز، ئالدامچى لەنەتكەردى بار.

9

ھەر كىمنىڭ ھەر نېمە بولغۇسى كېلەر،
سەتىڭمۇ ھۆسنىگە تولغۇسى كېلەر.
ھەر نېمە بولسىغۇ ئۆزىگە، بىراق،
چوقاڭغا تاپاننى قويغۇسى كېلەر.

10

سەن نېمە، مەن نېمە، ئوخشاشلا ئادەم،
ئەمەسقۇ سېنىڭدىن ھېچبىر يېرىم كەم.
بول دېسەڭ مەن رازى ئۆتۈككە ئەستەر،
بول دېمە، بولمايمەن بەتىڭگەككە چەم!

11

شېئىرنىڭ گۈلتاجى، جېنى رۇبائى،
مىسالى — قىلىچنىڭ قىنى رۇبائى.
تەگسە ئۇ يامانىڭ كۆكسىگە ئۇدۇل،
خوش قىلار سىنى ھەم مېنى رۇبائى.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

مۇختەر سوپۇرگى

# ئاچچىق - چۈچۈك تەرمىلەر

## يارىلىش خىتاپنامىسى

1

تۇغۇلدۇم، ئۆلمەسلىك ھەددىمدە ئەمەس،
تۆرەلدىم روھىمدىن بۇگۈن قايتا رەت.
ئارمانلار چېچەكلەپ قەلبىمدە پەۋەس،
ئۇرغۇتتى ھاياتقا يۈكسەك مۇھەببەت.

تۇنلەردە تاغلارنى ياتتىم باغاشلاپ،
كىرپىكىم تۇۋىدە تۇندى قۇياش.
ئېزىتقۇ ھەۋەسلەر كەتسىمۇ تاشلاپ،
تۆكمىدى قاراقىم زەررىچىلىك ياش.

رىغبەتلەر بەرگەندە ئالدامچى ھېسلار،
ئۆزۈمگە ساتقىنلىق قىلمىدىم زىنھار.
ئالتۇن بوپ چاقنىسا گاھىدا مىسلار،
ئالتۇنلۇق ۋەزنىنى ئەيلىدىم ئىنكار.

ياشىماق - بىراۋغا يارىماق ئەمەس،
ئادەملەر ئادەمگە بولمىسۇن ئېشەك.
شۇڭىمۇ گاھىدا بولۇپ قالدىم مەس،
كىملەر ئوق، كىم ئاڭا بولدى دەپ مىشەك؟!

شاھقىمۇ، قۇلغىمۇ ئۆلۈم پەقەت بىر،
ياشاشنىڭ قىممىتى ئۆمۈردە ئەمەس،
ئەقلىنىڭ ئالدىدا پىنھان ئەمەس سىر،
ھاياتنىڭ يوللىرى شۇنداق ئېگىز - پەس.

ئۆلۈش ۋە تۇغۇلۇش يېگىلىق ئەمەس،
يارىلىش - كۈرەش ۋە مېھنەتكە باغلىق.
ھاياتتا قوشكېزەك ئاسان بىلەن تەس،
خۇدا بىر، ئۆزگىنىڭ ھەممىسى چاغلىق ...

2

قۇياشسىز زېمىن يوق، قەترىسىز ئوكيان،
ھەم يوقتۇر زەررىچە نۇقسانسىز ئىنسان.
يارالدۇق، ھەر نەپەس ئارىلىقى ئۆمۈر،
يەر بىزگە سېلىنچا، يېپىنچا ئاسمان.

ھەسرىتا، تەگرىمۇ شۇنداق كەڭ قورساق،
ئاجىزلار ھامىنى يامانغا يەمچۈك.
ياخشىلار ھاياتقا ئېپ كەلسە باھار،
زوغۇيلار تازدىنمۇ يۇلۇپ ئالار تۈك.

تاغلاردەك غۇبارسىزئالتۇن نىيەتلەر،
بىزەيدۇ ھاياتنى مۇھەببەت بىلەن.
سۆيگۈ ۋە ئۈمىدكەتلەيدۇ ئىقبال،
ئۇلارنىڭ ئىزىدىن كۈلگەن گۈل - چىمەن.

## خوتەن

خوتەن
ئىسمىڭ سېنىڭ قەدىم رىۋايەت،
كەلگىنىمدە ساڭا ئەۋۋىلى،
تىلسىماتتەك تۇيۇلغان ئىدىڭ،
سېغىنىپ ئىشقىڭ ساددا روھىمغا،
ئەقىدەمگە ئۇيۇلغانىدىڭ.

خوتەن
چۈشۈپ قالدى ساڭا ئۇستىخىنىم،
مەن سېنىڭدە تۇغۇلمىسامىمۇ،
ئانام بولۇپ باغرىڭغا ئالدىڭ،
چېچەكلىتىپ ئەقىل بېغىمنى،
ئىلىم - ھېكمەت ئۇرۇغىن سالدىڭ.

خوتەن
سىگىپ كەتتىڭ جىسمىمغا روھتەك،
مىجەز ئالدىم ئاق كۆڭۈللەردىن،
خۇيلىرىمدا سېنىڭ خۇيۇڭ بار،
ھەسرەت چەكسەڭ بولدۇم كۆز يېشىڭ،
شادلىقىمدا بەختىڭ، تويۇڭ بار.
خوتەن
سەرگۈزەشتەڭ گويا جەڭنامە،
قىسسىلىرىڭ بەردى جەسۇرلۇق،
قىلدىڭ ھېرىس مەردلىككە مېنى،
نېسىپ بولسا ماڭا ئۇلۇغلۇق،
باش تۆھپىگە يازىمەن سېنى.
خوتەن
بۆشۈكى سەن سەنئەت - گۆھەرنىڭ،
دەريالىرىڭ چايقار سۈزۈك تاش،
گىلەم، ئەتلەس توقار قەلەم قاش،
ساددا مىجەز، قەيسەر ئىرادە،
يامانغا مۇش، غېرىبقا مۇڭداش.
خوتەن
تۇنتۇم سەندە تۇنجى مۇھەببەت،
ئاھۇ كۆزلۈك گۈزەل قىزلارنىڭ،
كىرپىكىگە قالدىم ئىلىنىپ،
پەرھاد بولۇپ سۆيگۈ بابىدا،
كۆلدۈم ئالتۇن لەۋدىن سۇ ئىچىپ.
خوتەن
بىر تەۋەررۈك مۇقەددەس روھسەن،
چىنارىڭ بار قامەتكە ئەنداز،
ئەنجۈر، ياڭاق سۇلتانى سەندە،
دېگەن ئىكەن نەۋبىتى ھەزرەت،
جەننەت دېگەن ئىسلى خوتەندە.
خوتەن
بەردىڭ ماڭا ھەممە - ھەممىنى،
ئۇن سەككىزدە كەلگەنتىم ساڭا،
ئۆتتى يەنە ئۇن سەككىز باھار،
ئاسمان بولۇپ ئاچتىڭ كەڭ قۇچاق،
پەرۋاز قىلسام بولۇپ مەن شۇڭقار.
خوتەن
ئىسمىڭ ماڭا يېقىن ئانامدەك،
ۋۇجۇدۇمدىن بالقىيدۇ مېھرىڭ،
باھار تۆكەر مۇلايىم چېھرىڭ،
كۈن تارتىدۇ ئوتلۇق قەلبىمدىن،
قات - قېتىمغا ئورنىغان ئىشقىڭ.

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

**تۇرسۇننىياز ئابدۇللا**

# غەزەللەر

1

كۆزلۈڭ چولپانمىكىن دىلبەر يۈرەك باغرىمغا ئوت ياقتىڭ،
كېزىپ سۆيگۈ دالاسىدا بېرىپ كۆڭلۈڭ مېنى تاپتىڭ.
دىلىڭ ئائەش، يۈزۈڭ ئايدەك جاراڭلايدۇ خۇشال ناخشاڭ،
قىزىل گۈلدەك ئېچىپ چېھرىڭ تەبەسسۇمدا كۈلۈپ باقتىڭ.
بېشىمنى باسسا مۇشكۈلنىڭ تېغى شۇئان يۈلۈپ تاشلاپ،
كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ ئىلھام بىلەن ئۈللىق قۇچاق ئاچتىڭ.
يۈرەك يالقۇنغا ئوخشايدۇ توسۇن ئاتتەك چېپىپ يۈرسەم،
بويۇنغا نوقتىنى سالدىڭ ھەۋەس دەرياسىدا ئاقتىڭ.
ۋاپا قىلساڭ جاپا قىلدىم ئۆزۈمنى چاغلىماي ھەردەم،
كەچۈردۈڭ كەڭ قورساق بولۇپ بىخوتلۇق قولپىنى چاقتىڭ.
ئۆكۈندۈم كۆپ پۇشايمان يەپ ئېقىن سۇدەك ھاياتىمغا،
مېھرى - شەپقەت قىلىپ چەكسىز خىيال - غەپلەتتىن ئويغاتتىڭ.

2

بىلەمسەن ئەي گۈزەل دىلبەر ساڭا مېھرىم قېتىلغاندۇر،
يۈرەكتىن ئوت بولۇپ ئىشقىم ئۆزۈلمەسكە چېتىلغاندۇر.

ئېسىمدىن چىقمىغاي ئەسلا چىغىر يولدا تونۇشقان چاغ،
كۆڭۈل رىشتى قىزىلگۈلدەك بولۇپ پەرۋىش قىلىنغاندۇر.

ئۆتۈپتۇ نەچچە ۋاق ئۆمرۈم ھايات زوقۇم تولۇپ تاشتى،
تېپىپ سەندىن تەسەللى، كۈچ گويا تاغدەك يىغىلغاندۇر.

يولۇقسام يولدا مۈشكۈلگە بىرىپ بەرداش يېڭىپ چىقتىم،
ئىلىم ـ پەننىڭ ئۇلى دىلدا تىرەن ـ مەھكەم چېتىلغاندۇر.

شۇئۇرغان ئۇرسىمۇ دەھشەت ياشاردىم خۇددى شەمشادتەك،
شىجائەت دەرىخى مەزمۇت سۆيۈپ ئاسراپ بېقىلغاندۇر.

خۇشالمەنكى — خۇشالمەنكى سېنىڭدىن ئۆزگە كۆڭلۈم يوق،
سېنىڭ نامىڭغا كۆرمىگلاپ تۈمەن داستان يېزىلغاندۇر.

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

ئابلىمىت مىجىت (ۋاپادار)

# دەرتلىك كۇبلېتلار

تۈگىگەندە كۆڭۈلدىكى دەرت،
ئېچىلىدۇ تارىختا بىر بەت.

مېنى ئەزگەن بۇ ئىشقى كۈلپەت،
خەپ ساڭىمۇ كەلگەي خۇدايىم.

## ئېيتىپ بەر

قەلبىڭ گويا نەقىشلىك دەپتەر،
تۇرار دائىم يىپيېقىلىق پېتى.
ماڭا پىنھان ئېيتىپ بەر دىلبەر،
بار ئۇلاردا كىملەرنىڭ ئېتى؟

## سورىساڭ

گەر سورىساڭ ھالىمنى جېنىم،
ئېيتىپ بېرەر ياشتۇقۇم تولۇق،
شۇ ھامانلا بولىدۇ زاھىر،
كىمنىڭ ماڭا قىلغىنى شۇملۇق.

## سوئال

نىگاھىڭدىن ئۈزۈپ ماڭا ئوق،
چىقىرامسەن كۆزۈمدىن بۇلاق.
ياكى تاشلاپ قىرىڭنى ئاز ـ پاز،
ئاھ ـ زارىمغا سالامسەن قۇلاق.

## ئىرادە

مەن قۇياشنى ئاسماندا دېيتتىم،
بار ئىكەنغۇ قۇياش كۆزۈڭدە،
ھەر نىگاھىڭ يۈرەككە بازغان،
قۇتقاز، ئۆلتۈر ئىختىيار سەندە.

## قارغىش

سېنىپ كەتتى توپىغا ۋاپاسىز،
ھاسىل بولماي ئۈتلۈق ندايىم.

## يېلىنىش

يەنە ئېيتسام يەنىلا شۇ گەپ،
يۈرىكىمدە بار پەقەتلا سەن.

ئوت ئىچىدىن قۇتقازغىن مېنى،
كۆيۈپ كۈلگە ئايلانمىسۇن تەن.

### ھەسەت

چىن قەلبىم ئاسمىنىدىن سۇزۇپ ئايىنى،
تاپشۇرسام جانانىمغا قىلىپ سوۋغا.
ئالدىمدا پەش چۆرىشىپ ھىجايغانلار،
ئىچىدە قايناپ كەتتى تۈمەن ئوۋغا.

### تەڭسىزلىك

مەن يىغلىسام، كۈلسەن لېكىن،
سەن يىغلىساڭ يىغلايمەن نىچۈن؟

### چۈشىنىش

ئىسپات ئۈچۈن چىمەلتىكىمدە،
پىقىراتتىم نەچچە ئالەمنى.
ئېرىپ كەتتى سىماپتەك جىسمىڭ،
كۆرۈپ شۇ چاغ ئوتلۇق نالەمنى.

### ئايرىلىش

بار چېغىڭدا يېنىمدا سۇبات،
سۆيگۈم ساڭا ئاقتى بۇلدۇقلاپ.
ئايرىلغاندا بىلمىدىم ھەيھات،
پىراقىڭدا كەتتىم ئورۇقلاپ.

### ھاجەت ئەمەس

ھاجەت ئەمەس مېنى چۈشىنىش،
ئادەتتىكى تۇرقۇمغا قاراپ.
مەن ئۆزۈمنى قويغان مۇشۇنداق،
ئاددىي - سادىدا تۇرمۇشقا ئاتاپ.
لېكىن مېنىڭ دەرتلىك يۈرىكىم،
كەتكەن سېخى قۇياشقا تاراپ.

### ئەگەر

كۆرۈشمەكچى بولساڭلار ئەگەر،
شېئىرىمدىن ئىزدەڭلار مېنى.
چۈنكى كەتكەن مىسراغا سىڭىپ،
كۆز قارچۇقۇم، تومۇرۇم قېنى.

### غەزەپ

بىزار بولۇپ قاراڭغۇدىن سۆيۈپ نۇرنى،
يۈرىكىم كىرىپ كەتتى ئاي قوينىغا.
كۆيدۈرۈپ قاقشال دەرەخ، يۇلغۇنلارنى،
تىكلىدى نۇردىن ھەيكەل تۈن ھوجرىغا.

**چوپانى**

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

## غەزەللەر

1

سۆيگۈسىراپ پەيتۇنسىمان «غىچ - غىچ» غىچىرلايدۇ جىنىم،
كەچكۈزدىكى نىمجان، بىھۇش قۇرتتەك مىدىرلايدۇ جىنىم.
ھىجران - پىراقنىڭ دورىسى — مەي، يار لېۋى، ئەپسۇسكى، يار،
قالغاچ قۇياشنىڭ كەينىدە «مەي» دەپ پىچىرلايدۇ جىنىم.
ساقى، ماڭا بىر خۇم شاراب بەرگىن ئىچەي، گەر ئىچمىسەم،
قىسماقتىكى قۇشقاچسىمان «ۋىچ - ۋىچ» ۋىچىرلايدۇ جىنىم.
يارنىڭ يۈزى — ئاينىڭ ئۆزى بولغاچقا، پاتسا ئاي ئەگەر،
قاپقاندىكى ئاھۇ كىيىكتەكلا تىپىرلايدۇ جىنىم.
مەندەك نىگارسىز ناتىۋان، ئەتسىز بىچارە نەدە بار،
پەۋىش، نىجادكارسىز تۇرۇپ قانداق ئېغىرلايدۇ جىنىم؟
ئەشئارسىراشتىن بۆلۈنۈپ كەتكەن پەلەك - تەقدىر ئۈچۈن،
ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئوتلۇق، بۈيۈك، يارقىن شېئىرلايدۇ جىنىم.
يارنىڭ تەبەسسۇمزارلىقى غىل - پال كۆرۈنگەچ مالچىغا،
چەكسىز ئۈمىد - ئىستەك بىلەن داق يەر بېغىرلايدۇ جىنىم.

2

يار، سەن ئۈچۈن سۆزلەپ نۇتۇق غەيۋەتتە قالدىم ئاخىرى،
كۈيلەپ سېنى ناخشام بىلەن نەپرەتتە قالدىم ئاخىرى.
«غەيۋەت بىلەن نەپرەت ھەسەتخورنىڭ ئىشىدۇر» دەپ بىلىپ،
ماڭماي خىزىرنىڭ كەينىدىن ھەسرەتتە قالدىم ئاخىرى.
«زەمزەم قۇيۇلغان جام» دېسەڭ، خەجلەپ جىنىمنى ئاپتەمەن،

چايقاپ ئىچىپ ئۈچ ۋاق ئۇنى غەپلەتتە قالدىم ئاخىرى.
قان - تەر تۆكۈپ نۇسرەت قازاندۇرسام سېنى، ئىنئامىڭ يوق،
بەزمەڭ ئارا بوينۇم قىسىپ بىر چەتتە قالدىم ئاخىرى.
ھەققانىيەت مەيدانىغا قايتىپ چوپانى بەردى جان،
سەن قوغلىنىپ ۋەيلۇنغا، مەن جەننەتتە قالدىم ئاخىرى.

3

كۆيۈم بارسا «سائىل نان دەپ ئىشىك قاققانمىكىن» دەيسەن،
كۆزۈڭگە تەلمۈرۈپ باقسام «قۇياش باققانمىكىن» دەيسەن.
لېرىك شەپە بىلەن ئاققان مۇھەببەت زىمزىمىم كۆرسەڭ،
«تۇمەن، تارىم، يۇرۇڭقاش بىرلىشىپ ئاققانمىكىن» دەيسەن.
خىيال قۇشقاچلىرىم دانلاش ئۈچۈن ئۆگزەڭ تامان ئۇچسا،
شېرىن ناز ئۇيقۇدا: «بۇركۇت قانات قاققانمىكىن» دەيسەن.
سېغىنچىم ھەددىدىن ئاشقان مەھەلدە يىغلىسام ئۈنسىز،
قاراپ كۆككە: «باھار يامغۇرلىرى ياغقانمىكىن» دەيسەن.
پىراقىڭ سانچىغان نەشتەر ھامان، نالەمنى بىر ئاڭلا،
ئەگەر ئاڭلايدىغان بولساڭ: «يىلان چاققانمىكىن» دەيسەن.
ئۇتتۇمنىڭ زەررىسى موراڭ بېشىغا «لىككىدە» قونسا،
كۆزۈڭ چاقناپ: «ئانام ئۆيگە چىراغ ياققانمىكىن» دەيسەن.
ئىجازەت ئەيلىسەڭ، سۆيسەم، قېلىپ ھەيران «ساراڭ مالچى،
لېۋىمگە چوغسىمان قايناق تۆمۈر ياققانمىكىن» دەيسەن.

4

تەبەسسۇم لەشكىرىڭ كىرپىكلىرىڭدىن نەيزە، ئوق قىلدى،
تېگىپ قەلبىمگە شول ئوقلار ھوشۇم - ئەقلىمنى يوق قىلدى.
پىراق دەردىڭنى ئۇقماي دەپ، دىلىمنى مايلىسام مەيدە،
يۈزۈمنى مەي - شاراب ئاخىر جاھان ئالدىدا پوق قىلدى.
ئوتتۇڭدا كۆيگىچە بۇنچە، كۆيەي ۋەيلۇندا دەپ ئاخىر،
خۇدانىڭ ئالدىغا بارسام ماڭا بىر مۇنچە دوق قىلدى.
«نىچۈك بۇ چاققىچە تاقمەن؟» دېسەم، تەڭرى دېدى: «بىلسەڭ،
سېنى تەقدىر ئەمەس، تەدبىرلىرىڭ يېگانە - چوق ① قىلدى».
بۇ سۆزدىن «ۋال» قىلىپ ياندى چىراغ قەلبىمدە كۆن يەڭلىغ،
دېمەك، شول سۆز مېنى روھلاندۇرۇپ، كۆڭلۈمنى توق قىلدى.
ئەقىل، كۈچ ئىشلىتىپ مالچى سېنى سۆيگەن ئىدى تەكرار،
لېۋىڭ قەلبىمدىكى ئاچچىق ئەلەم - ھەسرەتنى زوق قىلدى.

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

ئابدۇللا ئەخمەت

# ئىككى شېئىر

## ئازابلىق كۈتۈش

غەمگە پاتقان خىلۋەت بىر جايدا،
ئاھ! كىمدۇر تۇرىمەن ساقلاپ.
قولۇمدىكى ئاچچىق مۇخۇركا،
ھەسرىتىمنى ئۈزىتار ئۈنسىز،
يۈرىكىمگە تەسەللى ئاتاپ.

---

① چوق — يالغۇز، تەنها، يېگانە

ساھىللارغا تاشلايمەن سوئال،
«مېنى ئەسىر قىلغان كىمدۇر؟» دەپ.
ناخشا تۇۋلاپ ئايدىڭ كەچلەردە،
ۋۇجۇدۇمغا يالقۇن تېمىتىپ،
ئۇركۇپ كەتكەن پەرىشتە سۈپەت.

مەيلى بولغىن تونۇش، ناتونۇش،
ئادالقىچە سۆيىمەن سېنى.
كۆز ئۆزۈمنى قويدۇم يۇتتۇرۇپ،
نىگار سېنى سېغىنغانچە ئاھ!
ئۇزارماقتا كېچىنىڭ تېنى ...

## سۆيگۈ ساھىلى

زەر قۇياشنىڭ ئادالقى نۇرى،
پىنھانلارغا كەتكەن سىڭىشىپ.
دەردلىك بۇلاق بېشىدا تەنھا،
قەلبىمدىكى پەرىشتە بىلەن،
ئولتۇرىمەن تاتلىق سىردىشىپ.

مۇھەببەتنىڭ ساھىلى ئارا،
خىياللىرىم ئۇرىدۇ تىنماي.
ئۇيۇق سۆيگەن تۇمانلار ئىچىرە،

كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ھامان،
كۈلۈپ تۇرغان ئوماق بىر چىراي،

ئۇزەر كۆكتە غەمكىن تولۇنئاي،
ئازابلارنى يۇكلەپ قەلبىمگە،
جىمجىتقىنە كۈلگەن دالىدا،
ئوت باغرىڭغا قويۇپ بېشىمنى،
تۇنەپ چىقتىم پۈتۈن بىر كېچە.

**مامۇت ئۆمەر**

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

## سېنى دەپ

مىڭ تالاي چەكسەم رىيازەت سېنى دەپ،
ئۇيقىغا قىلسام خىيالەت سېنى دەپ،
كۈن ساناپ كەچسەم پاراغەت سېنى دەپ،
رەقىبكە تۇتسام ئاداۋەت سېنى دەپ،
مەيلىكى كۆرسەم قىيامەت سېنى دەپ،
ئانامدىن كەلدى ئىجازەت سېنى دەپ.

مېھنىتىمدە بولدى گۈزەل باغ بىنا،
ئەتراپقا تىكىپ ئارچا ۋە چىنا،
توسىملارغا تېرىدىم ئۇسما، خېنە،
مېۋىلەردىن تامچىدى ھەسەل، شىرنە،

ئەھدىگە قىلدىم ئىتائەت سېنى دەپ.
چېكىمەن جاپا - مۇشەققەت سېنى دەپ.

بىلمىدىم سەندىن بۆلەكنى جۆرى دەپ،
تۇتمىدىم ئالتۇن بىلەكنى دورى دەپ،
ئېيتمەن دەردۇ - پىراقنى ناخشا دەپ،
يۈرىكىم سېنىڭ ئۇچۇن سەكپارى دەپ،
ھەمراھ بولدى پاك دىيانەت سېنى دەپ،
پۈتتاندۇر سۆيگۈم داۋامەت سېنى دەپ.

**توختىتۆمۈر روزىنىياز**

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

## بىلىپ قوي

قۇياشىڭ بولمىسا ساڭا تەئەللۇق،
بولدى بەس! كۈتمىگىن ئۇندىن ھارارەت،
ئىشەنگىن كونىلار دېگەن بۇ سۆزگە،
ئۆزگىنىڭ قۇياشى بەرىبىر ئۆزگە،
تەبەسسۇم قىلسىمۇ ساڭا نىھايەت.

قۇياشقا ئىنتىزار بولساڭ ناۋادا،
جاسارەت ئاقامدۇ تومۇرلىرىڭدا،
كۆرگىنا يۈرەكنى ئېلىپ ئالقانغا،
قېنىڭ ساپ بولسىلا تاپىسەن جاۋاب،
ئۆزگىنىڭ قۇياشنى قانداق تاپقانغا!

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

ئابلىكىم ئابلىمىت




(ھېكايە)

تۇدىمەت چۆچۈپ ئويغىنىپ، سامان تەكىيدىن بېشىنى كۆتۈردى. تۈڭلۈكتىن ساقىپ چۈشكەن غۇۋا ئاي نۇرى پاكار، تارغىنە ئۆينى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. زېمىن ئۇيقۇدا، ئىتلار قاۋاۋېرىپ چارچىغان، گۆرىستان جىمجىتلىقى ھەممىنى ئىلكىگە ئالغان، باياتىن بېرى يەر تېگىدىن ئاڭلانغان ئاياغ تېۋىشىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇ چۈش كۆرمىگەن، راستىنلا گۈس - گۈس ئاياغ تېۋىشىنى ئاڭلىغان، سەزگۈلىرى ئۇنى ئەزەلدىن ئالدىغان ئەمەس، ئاياغ تېۋىشى باغ تەرەپتىن كەلگەن… قوشنىلار سىيگىلى چىققان بولسا…

بىرسىنىڭ ماڭغىنى ئەمدى ئېنىق ئاڭلاندى، شۇنداق ئېنىق ئاڭلاندى. ھەربىر قەدەمنىڭ يۆتكىلىشىنى تۇدىمەت سەزدى… قەدەم ئۆيگە يانداشقان ئېغىلغا يېقىنلاشتى. چىتەننىڭ ئىشىكى بوشقىنە غىچىرلىدى… ئېغىلدىكى پاسار غاراسلىدى. «يەنە ئوغرى كەلدى!» غەزەپتىن تۇدىمەتنىڭ قاقشال قوللىرى تاشتەك قاتتىق تۈگۈلدى:

— مە! … مەئە! ! …

قوزىنىڭ قورقۇنچتىن تىترىگەن، سەبىي، بىچارە ئاۋازىدىن تۇدىمەتنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، تېنى تىترەپ كەتتى. پانىي ئالەمدە ئۇنىڭ بارىمۇ - يوقىمۇ ئاشۇ ئاپئاق قوزا ئىدى. قوزا ئالدىنقى قېتىمدىكى ئوغرىدىن، جەرىماندىن ئامان قالغان، تۇدىمەتنىڭ بىردىنبىر دىلكىشى، كۆڭۈل خۇشى ئىدى. ئېتىزلىقتىن، ھاشاردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەمەك بولىدىغان ھەمراھ ئىدى.

— مەئە! ……مەئە! …

قوزا: «تۇدىمەت، مېنى قۇتقۇزۇۋال!» دەۋاتقاندەك ئەنسىز مەرەپ نالە قىلدى. تۇدىمەت

نەچچە رەت سىرتقا چىقىشقا تەمشەلدى، ئەمما بەدىنى بوشىشىپ، زادىلا ئۆرە تۇرالمىدى. ئاياغ تېۋىشى بىلەن قوزىنىڭ مەرىشى بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يىراقلىماقتىدى. ئوغرى ئۇنىڭ يولغا يارايدىغان بىردىنبىر مۈلكىنى، دىلكەشى، ھەمراھىنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. تۇدىمەتنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. تۇدىمەت ئىشىكنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئوغرىغۇ بىر مۇشتقا يارىمايدۇ، ئەمما... ئەمما... تۇدىمەت ئۆزگۆشىنى يېگۈدەك تىت - تىت بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغانغا جاي تاپالماي، ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇردى، كۆز يېشى بۇلدۇقلاپ تۆكۈلدى. «مەرىمە قوزام! سەندىن ئايرىلىشقا چىدىمايمەن، ئەمما، قۇتقۇزالمايمەن. مەرىمە! قوشنىلار ئويغىنىپ كەتمىسۇن، مەن ...مەن ئارامىمدا ياشاي ... قوزامنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالساڭچۇ، ئوغرى. مەرىمىسۇن، مەنمۇ، سەنمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەيلى!»

قوزىنىڭ مەرىشى يىراقلاشقانسېرى، تۇدىمەت ماغدۇرىغا كېلىشكە باشلىدى. قوزىنى ئاخىرقى قېتىم يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈۋالغۇسى كەلدى - دە، ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، سىرتقا چىقتى. ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ، سۈكۈناتلىق زېمىننى يورۇتقان ئىدى. ئاينىڭ سوغۇق، مىسكىن سىياقى، ئىزغىرىن شامال ئۇستىخاننى قورۇيتتى. قوزىنىڭ ئەلەملىك مەرىشى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇدىمەت ئاۋازنى نىشانلاپ ماڭدى. شۇنداق شەپىسىز ماڭدىكى، ئۆزىنىڭ ئاياغ تېۋىشىنى ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىدى. شاخلارنى ئاۋايلاپ قايرىدى. ئوغرىنىڭ ئۆزىنى تۇيۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى. قوزا ھەر بىر مەرىگىنىدە ئالاقزادە بولۇپ «مەرىمە، قوزام!» دەپ ئۈنسىز نىدا قىلاتتى.

ئوغرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ قوزىنى كۆتۈرۈۋالغان، ئالدىرىماي كېتىۋاتاتتى. تۇرقىدىن ھېچبىر ئوغرىغا خاس جىددىيلىك، ئالاقزادىلىك بىلىنمەيتتى. ئوغرىنىڭ بىغەم، بەخۇدۇك ھالدا ئاستا كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تۇدىمەتنىڭ «غۇژژىدە» ئاچچىقى كەلدى. ئىچى تىتىلداپ، بىئارام بولدى. «ئالىدىغاننى ئالغاندىكىن، تېزرەك كەتسەڭچۇ، ئوغرى. قوشنىلاردىن بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، ئىككىلىمىز بالاغا قالىمىز. ئوغرىلىغانلىق سېنىڭ گۇناھىڭ، ئوغرىغا بەرگەنلىك مېنىڭ گۇناھىم، سېنىڭ گۇناھىڭدىن مېنىڭكى يامان... ئۆتۈنۈپ قالاي تېزراق ماڭ!»

ئوغرى بىر خىل مېڭىپ، شېغىل تۆكۈلگەن يولغا چىقىپ، ئاپئاق ئايدىڭدا ئۇزاپ كەتتى. قوزىسىنىڭ مەرىشى بىرە - بىرە ئاڭلىنىپ، يوقاپ كەتتى. تۇدىمەت سۆگەتكە يۆلىنىپ، ئوغرىنىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇردى - دە، چاتاق چىقمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئېغىر خورسىنىپ، ھالسىز قەدىمى بىلەن كەينىگە ياندى.

ئاي بىخىرامان ئۈزمەكتە. تاتىرەڭ نۇرى بىلەن قەلبتىن باشقا نەرسىلەرنى ئۇخلىتىپ، زېمىننىڭ تىمتاسلىقىنى ساقلىماقتا، ئۇ ئوغرىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ، تۇدىمەتنىڭ بىچارە ھالىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتاتتى. تۇدىمەت مەستتەك ئەلەڭلەپ، ئېغىلغا كىردى. ئاي ئاجىز نۇرى بىلەن ئېغىلنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاپئاق، بۇدرۇقچىنە قوزىنىڭ سەبىي كۆزلىرى، ئوتنى «كوس - كوس» ئۈزۈپ يېيىشلىرى، پىلتىڭلاپ سەكرەشلىرى، سۈركىلىپ ھىدلاشلىرى تۇدىمەتنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئاجايىپ سېھىرلىك مەرىشى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى. ئەمما، ئېغىل قۇپقۇرۇق، ئېغىللا ئەمەس، ئۆيمۇ قۇرۇقدالدى. نە قوناق، نە بۇغداي، نە قوي... ھېچنەرسە يوق، يىل بويى پاتاڭنى چىقىرىپ ئىشلەپ، ئالغان بۇغداي، قوناق باج، جەرىمانە، ئۇ ھەققى، بۇ ھەققى بىلەن تۈگىدى. ھازىر 10 - ئاي، يەنە 9 ئايدىن كېيىن بۇغداي خامان ئېلىنىدۇ. ئېغىلدىكى قوي ... ئۇن بەش كۈن ئىچىدە بار - يوق ئىككى قوي، بىر قوزا تۈگىدى ... رەھمەتلىك ئانامدىن قالغان قويلار ئىدىغۇ - بۇ! ئانا، نېمە دەپ دۇئا قىلغان بولغىيتتىڭ!...

ئون بەش كۈننىڭ ئالدىدا تۇدىمەتنىڭ ئېغىلىدا ئۈچ قوي ـ ئىككى ساغلىق، بىر قوزا بار ئىدى. ساغلىقلار سېمىزلىكىدىن ئۆزىنى ئاران كۆتۈرەتتى. تۇدىمەت ساغلىقلاردىن بىرسىنى سېتىپ ئاشلىق ئېلىشنى، يەنە بىر ساغلىق بىلەن قوزىنى بېقىپ كۆپەيتىپ، ئانىسى ئادا قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن پەرھىزنى ئۆزى ئادا قىلىپ، ئۆيلىنىۋېلىشنى خىيال قىلىپ يۈرەتتى. «خۇدايىم بۇيرۇسا...» دېمىگەن چېغى، ئۇيلىمىغان يەردىن نەس باستى...

ئۇ كېچىدە، تۇدىمەت قويلارنىڭ مەرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئاياغ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سىرتقا چاپتى، ئەمما، قانچە قىلىپمۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچالمىدى. ئىشىك سىرتتىن زەنجىرلەنگەن ئىدى. ئۇ: «ئادەم بارمۇ!» دەپ توۋلىدى. «قوينى ئوغرىلىما!» دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن پايدىسى بولمىدى. ئوغرىنىڭ قوينى ئېلىپ ماڭغىنىنى سېزىپ تۇردى، قوي تېپىرلاپ مەرىدى ... مەرىشى بارا ـ بارا يىراقلاشتى.

تۇدىمەت چۈشكىچە ئۆيدىن چىقالمىدى. چۈشتە ئەترەت باشلىقىنىڭ: «تۇدىمەت، هوي، تۇدىمەت!» دەپ ۋاقىرىشىنى ئاڭلاپ، «مەن ئۆيدە، شىياۋدۈيجاڭ!» دېدى.

— بەللى، هارامتاماق، ئىشتىن قېچىپ ئۆيگەسولىنىۋاپسەن ـ دە! ـ دېدى ئەترەت باشلىقى ئىشىكنى ئېچىپ، — بىلىپ قوي، بۇگۈن كۆزگىچە ئورۇق سېلىپ بولالمىساڭ، 50 كوي تۆلەيسەن.

تۇدىمەت ئەترەت باشلىقىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، ئېغىلغا يۈگۈردى ـ دە، هۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ۋاي، بىر قويۇم يوق... بىر قويۇم... ئوغرى!...

كەنتنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچى هەيئىتى تۇدىمەتنىڭ چىققان ئىزنى ماي يولغىچە ئىزدەپ، ئاخىرىنى تاپالمىدى. تۇدىمەت ئوغرى توغرىسىدا ئۇنى هېچقانداق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىيەلمىدى. ئامانلىق ساقلىغۇچىمۇ ئىز ئىزدەشنى ۋە باشقا تەكشۈرۈشنى توختاتتى. تۇدىمەت يىغلاپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئامالسىزلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى يولغا سالدى.

— شامالباغ يېزىسىدىكى ساقچىخانىدىن تېلېفون كەلدى، ـ دېدى بۇ دېلوغا مەسئۇل ئامانلىق ساقلىغۇچى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، — ئۇلار بىر ئوغرىنى ئوغرىلىغان قوي بىلەن تۇتۇۋاپتۇ ...

— سەن ماشىنىنىڭ ماي پۇلى ۋە بىزنىڭ خىراجىتىمىزنى تۆلىسەڭ، بېرىپ تەكشۈرۈپ باقىمىز. بولمىسا ...

— تۆلەي، سوجاڭ، تۆلەي! ئانامدىن قالغان قوي، تېپىپ بەرسىلە! — دېدى تۇدىمەت يىغلامسىراپ.

— ئەمىسە، 150 كوي تەييارلا!

تۇدىمەت كۆزگىچە ئورۇق سالدۇرۇشقا تراكتورچىغا بەرگىلى ساقلاپ قويغان 70 يۈەننى ساندۇقنىڭ تېگىدىن ئېلىپ، ئوراقلىق لاتىنى ئاۋايلاپ يەشتى.

— قالغىنىنى بۈگۈن ـ ئەتە ئىچىدە ساقايتىپ بولاي، سوجاڭ! هازىر بارغان بولساق.

— ساقايتالامسەن؟

— هەئە، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەتىلا.

تۇدىمەت شامالباغدىن خامۇش قايتىپ كەلدى. ئۆزىنىڭ سېمىز قاراقويىنى تاپالمىدى. ئوغرىمۇ بۇ يەرگە كەلمىگەن بولۇپ چىقتى. ئامانلىق ساقلىغۇچىلار قانغىچە ئىچىشىۋالغاندىن كېيىن شادلىنىپ، ئالا ـ تاغىل توۋلىشىپ قايتىپ كېلىشتى.

تۇدىمەت قويىنى تاپالمىغىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ، ئەمما كىچىك ماشىنىنىڭ سىلىق مېڭىشىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمىدى. هەرقېتىم ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىغا چىققانلىقىنى ئويلىغىنىدا، مەهەللىدىكى تەڭتۇشلىرىغا سۆزلەپ بەرگىنىدە، يوقالغان قويىنى ئۇنتۇپ، كۆڭلى يايراپ كېتەتتى. بىر كېچىدە ئۇ كىچىك ماشىنا هەيدەپ چۈش كۆردى. ئۇ ئۆيىگە كېتىۋاتقۇدەك... مېڭىپتۇ... مېڭىپتۇ، ماشىنا شۇنداق تېز ماڭسىمۇ

بىر يولدىن زادىلا چىقالماپتۇ، ئۇ بىردىنلا جىق ئادەملەر تاش توشۇۋاتقان يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئەترەت باشلىقى تۇدىمەتكە ئالىيىپ قارىغۇدەك، تۇدىمەت ماشىنىنى تاشلاپ تاش توشۇپتۇ، ماشىنا يوقاپ كېتىپتۇ...

قوزا ئاپئاق ئايدىڭدا ھازىرلا قايتىپ كېلىدىغاندەك، تۇدىمەتنىڭ ئېغىلدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى كىرلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقان نېپىز كۆڭلەكتىن يىڭنىدەك سانچىلاتتى. ئاخىرقى غازاڭلار لەيلەپ چۈشۈپ، دەرەخلەر يالىڭاچلانغان ئىدى ... ئوغرى كەتتى، تېپتىنچ كەتتى، ھېچكىم كۆرمىدى...

ناۋادا، سېزىلىپ قالسا ... تۇدىمەتنىڭ تېنى شۈركىنىپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. «خۇدا، مەندەك مۆمىن بەندەڭگە شاپائەت قىلىپ، ئوغرىنى مەڭگۈ يوشۇرغايسەن! قوزىغا مەن رازى، ئۇ دۇنيادىمۇ قوزىنىڭ دەۋاسىنى قىلمايمەن، ئۇلۇغ خۇدا، ماڭا شەپقەت قىلىپ، ئوغرىنى پاناھىڭغا ئالغىن!» ئۇ ئەلھەمدۇنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشقا باشلىدى.

تۇدىمەت قويىنى تاپالمىدى. ئامانلىق ساقلىغۇچىلارغا بېرىدىغان 80 يۈەننىڭ ئامالىنى قىلالمىدى. ئۇ كۈن بويى ئوغرىدىن ئېشىپ قالغان بىر قوي ۋە قوزىسىغا قاراپ ئولتۇراتتى. قارا قوي ھازىرلا كېلىدىغاندەك، باغقا چىقىپ قارايتتى. ئامانلىق ساقلىغۇچىلاردىن ئۈمىد كۈتەتتى.

— تۇدىمەت!

ئەترەت باشلىقىنىڭ سۈرلۈك ئاۋازىدىن، ئۇ سەكرەپ تۇردى. ئەترەت باشلىقىنىڭ چىرايى پۈرلىشىپ قاپقىدىن مۇز ياغاتتى.

— نېمىشقا كۈزگىچە ئۇرۇق سالمىدىڭ؟ باشقا ئادەملەرنىڭ كۈزگىسى ئۈنۈپ بولدى.

—باشقىلار ئۇرۇق سالغان چاغدا، مەن ھاشاردىدىم، ـ دېدى تۇدىمەت قورۇنۇپ، — ئۇرۇق سالاي دەپ تۇرسام قويۇمنى ئوغرى ئالدى.

— ئوغرى ئالسا، مېنىڭ نېمە كارىم، ـ ئەترەت باشلىقى قولىنى شىلتىدى، — ئۇرۇق سېلىش ۋاقتى كېچىكتى دەپ، دادۈيدىن يۈز كوي جەرىمانە ئالدى. بۇنى تۆلە، يەنە 70 كوي چىقار، تراكتورچى ھازىرلا ئۇرۇق سالىدۇ.

— مەندە بىر سىنتىممۇ پۇل يوق، بار پۇلنى ئامانلىق ساقلىغۇچىغا تۆلىدىم، يەنە 80 كوي بەرسەم بولىدۇ.

— سەن قەلەندەر يوق، يوق دېيىشنىلا بىلىسەن، پۇلنى تۆلە! بولمىسا يېرىڭنى باشقىلارغا بېرىۋېتىمەن.

يەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تۇدىمەتنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. يەردىن ئايرىلسا، بۇ يۇرتتا ياشىمسا بولىدۇ.

— تۆلەي، شياۋدۈيجاڭ، تۆلەي!

— قاچان؟

— ئەتە.

— تۇدىمەت!

كەنت باشلىقىنىڭ ھەممىگە تونۇش چىقىراق ئاۋازى ئەترەت باشلىقىنىمۇ، تۇدىمەتنىمۇ چۆچۈتتى. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ ھويلىغا چىقىشتى.

كەنت باشلىقىنىڭ گۆشلۈك، قىزىل يۈزى ئۆپكىدەك ئېسىلگەن، كۆزىدىن غەزەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تۇدىمەتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، تۇدىمەتنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، كۈچ بىلەن تامغا ئۈستۈردى.

— ھۇ، ئاتاڭنى، يېتىم ئوغلاق، بىزگە ئىش تېرىپ بەرگۈچە ئۆلسەڭ بولمامدۇ؟

ئەترەت باشلىقى كەنت باشلىقىنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، ئارىغا چۈشتى:

— خاپا بولمىسىلا، دادۈيجاڭ، بۇ قەلەندەر بىلەن تەڭ بولمىسىلا، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا!

كەنت باشلىقىنىڭ قولى تۇدىمەتنىڭ گېلىدىن تەستە ئاجرىدى.

تۇدىمەت گاڭگىراش، ھودۇقۇش ئىچىدە بېشىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، لاغىلداپ تىترىگىنىچە تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۆزىنىڭ بوغدايغا ئۇرۇق سالمىغاندىن باشقا، يەنە نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئەزالارنى ئۇرۇپ كۆنۈپ قالغان كەنت باشلىقىدىن بەكلا قورقاتتى. يولدا يالغۇز ئۇچراپ قالسا، ئورمانلىقتا

كىرىۋالاتتى، ئەزەلدىن كەنت باشلىقىنىڭ چىشىغا تېگىپ باقمىغانىدى.

— نېمە بەزدەك قاراپ تۇرسىناي، ئەبگا، پۇل تۆلە! — كەنت باشلىقى ھۆرپەيدى.

— مەن… مەن…

— نېمە ئىنجىقلايسەن، ساقلىيالمىغان نېمەڭنى باقمىساڭ بولمامدۇ؟! سېنىڭ كاساپىتىڭدىن دادۇيىمىزنىڭ بىر يىللىق خىزمىتى نۆل بولدى. سەن تاز قويۇڭنى ئوغرىغا بېرىپ، دادۇيىمىزنى ئەسكى قىلدىڭ، يېزىدىن بىزگە جەرىمانە قويدى.

— قوي … قوينى ئوغرى…

— ئەستەغپۇرۇللا، ماۋۇ گومۇشنى… بىر قوي يوقىغانلىغا ئۆلەمتىڭ. قويۇم يوقالدى دەپ ئامانلىق ساقلىغۇچىلارغا دېگۈچە، بىزگە دېسەڭ، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە بولمامتى! سېنىڭكىگۇ بىركەن، مېنىڭ بەش قويۇم ئوتلاۋاتقان يەردىن يوقالدى، مەن دادۇينىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى دەپ ھېچكىمگە دېمىدىم. مەن يىغىندا، ئىش چىقسا ئاۋۋال بىزگە دەڭلار، دەپ نەچچە دېدىم. سېنىڭ ئېشەك قولىقىڭ نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايدۇ!…

— مەن ئۇقماي…

— مايەرگە كېلە، لەقۋا، - كەنت باشلىقى تۇدىمەتنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ، پىشايۋان تېمىغا جىگدە شوخىسىدا قادالغان قەغەز قېشىغا ئاپاردى،

— كۆردۈڭمۇ مانى؟! - دېدى ئۇ قەغەزنى كۆرسىتىپ، — ماۋۇ توختام، سەن قولۇڭنى باسقان، مەسىلە سادىر قىلسام قانچە پۇل تۆلەيمەن دەپ يېزىلىپتۇ، ئوقە قېنى!…

— خەت بىلمەيمەن.

— ئوسمىناخۇن، سىلى ئوقۇڭلار قېنى، - دېدى كەنت باشلىقى ئەترەت باشلىقىغا.

— ئىككى يۈز كوي تۆلەيمەن، دەپتۇ، - دېدى ئوسمان.

— ئاڭلىدىڭمۇ؟!

— ئاڭلىدىم.

— ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنىڭ سەندە سەكسەن كوي ئېلىشى بار ئىكەن. شۇنداقمۇ؟

— ھەئە.

— ياخشى، ئەمىسە ئىككى يۈز سەكسەن كوينى ھازىرلا تۆلە. يېزا مەندىن شۇ پۇلنى تۆلىتىپ بولدى.

— مەنمۇ پۇل دەپ كەلگەن، — دېدى ئەترەت باشلىقى، — بۇغدايغا تېخىچە ئورۇق سالمىدى.

— راستما، سۆرەلمە!

— راست.

كەنت باشلىقىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— شۇ تاپتا يېزىدىن تەكشۈرۈپ كەلسە، يەنە سېنىڭ دەردىڭنى تارتامدۇق بىز، جەرىمانىنى تۆلە! بۈگۈنلا ئورۇق سال!

— ماقۇل.

— ئوسمىناخۇن، ھېسابلاڭلار، تۇدىمەتنىڭ تۆلەيدىغىنى قانچىلىككەن.

ئەترەت باشلىقى يانچۇقىدىن ھېسابلاش ماشىنىسىنى چىقىرىپ ھېسابلىدى:

— تۆت يۈز ئەللىك كوي.

— پۇل بارمۇ؟ — كەنت باشلىقى ۋارقىرىدى.

— يوق، — دېدى تۇدىمەت بىچارىلەرچە.

— پۇلغا يارىغۇدەك نېمەڭ بار؟

— ھېچنېمە؟

— ئېغىلدا سېمىز قوزىلىق قويدىن بىرسى بار ئىكەن، — دېدى ئەترەت باشلىقى.

— ھۇ كاززاپ، ھېچنېمە يوق، دەيسىنا!

كەنت باشلىقى بىلەن ئەترەت باشلىقى چولڭ قوينى ئېلىپ ماڭدى. قوزا ئانىسىغا تەلمۈرۈپ مەرەيتتى. تۇدىمەتنىڭ قولىدىن بوشاناق بولۇپ، يۇلقۇناتتى، تېپىچەكلەيتتى، مەسۇم كۆزىدىن ياش تۆكۈلەتتى. ئانا قوي تىرەجەپ، مەرىگەن پېتى دەرۋازىدىن چىقىپ يوقالدى… تۇدىمەت قوزىنى باغرىغا باسقىنىچە، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.

ئاينىڭ سوغۇق نۇرى زېمىننى، قاقشال دەرەخلەرنى، تۇدىمەتنى مۇزلاتماقتا ئىدى…

تۇدىمەت سوغۇقنى سەزمىدى، ئېغىلدىن كۆز ئۈزمىدى. قۇپقۇرۇق بوشلۇق، سوغۇق نۇردا يۇيۇنماقتا ئىدى.

مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى تۇدىمەتنى سەگىتتى. «خۇداغا شۈكرى، ئوغرىنى مەندىن باشقا ھېچكىم كۆرمىدى… ئەمدى ئوغرىغا بەرگۈدەك ھېچنەرسە قالمىدى. كەنت باشلىقى، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، قوزام يوقالدى دەپ ھېچكىمگە دېمەيمەن» . تۇدىمەت ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلىدى - دە، مەڭزىنى بويلاپ ئاققان ئىككى تامچە ياشنى سۈمۈرۈپ يۇتۇۋەتتى…

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

# يولداش ياۋاش

(ھېكايە)

ئۇنى كىشىلەر «يولداش ياۋاش» دەپ ئاتىشاتتى. يولداش ئۇنىڭ ئىسمى بولۇپ، ياۋاش لەقىمى ئىدى. ئۇ شۇ دەرىجىدە ياۋاش ئىدىكى، ھەتتا ئۇششاق بالىلار كېلىپ قولىدىكى يەۋاتقان نېنىنى ياكى بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىۋېلىپ قېچىپ كەتسە، ئۇلارنى تۇتالىغۇدەك مادارى تۇرۇپمۇ زادىلا ئىنتىمەيتتى. پەقەت «ئۆزى زېرىكىپ تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا ئېلىۋالىمەن...» دېگەن تامادا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە ئەگىشىپ يۈرەتتى. بالىلار بەزىدە ئۇنىڭ يارىماس ياۋاشلىقىدىن زېرىكىپ تىللىسا، ئۇ يەنىلا ھېچنەرسە دېمەستىن ھىجايغان پېتى قاراپ تۇرۇۋېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بالىلار ئۇنىڭدىن تارتىۋالغان تۇماقنى ئۆگزىگە چۆرۈۋېتىپ، نېنىنى ئىتقا تاشلاپ بېرەتتى. ئەنە شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ يەنىلا ھىجىيىپ تۇرغىنى تۇرغانىدى.

ئۇ تاماكىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق خۇشاللىقى پەقەت ئەشۇ تاماكىدا ئىدى. 360 كۈن سوغۇق سۇغا نان چىلاپ يەپ، ئىتنىڭ بېشىدا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەپ، يىل ئاخىرىدا قولىغا بىر سىنىت تەگمەي «سۇ ھەققى، تراكتور ھەققى، ئۇرۇق پۇلى، ئوغۇت پۇلى، يەلتاراق پۇلى...» دەپ 40 نەچچە خىل سېلىق ھەققى ئوقۇپ بېرىلىپ، پاتنىڭغا نەچچە مىڭ سوملاپ قەرز ئارتىپ قويۇلغاندىمۇ، ئىزىدا ئولتۇرۇپ چىلىمىغا تاماكا سېلىپ قانغىچە بىر نەچچىنى شورىۋالسا، گويا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ھىجايغان پېتى يولىغا كېتىۋېرەتتى.

بىراق ئۇ ياخشى كۆرگەن تاماكا بىلەن چىلىمىمۇ ئۇنىڭغا ئاخىرغىچە ھەمراھ بولالمىدى. بالىلار چىلىمىنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا باشقىچە بىر دەۋر باشلانغاندەك بولۇپ قالدى. قىيامەت قايىم بوپتۇ، دېسىمۇ ھىجىيىپلا تۇرىدىغان چىراي، مانا ئەمدى مۇز يېغىپ تۇرىدىغان مۇدھىش چىرايغا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. تېخىمۇ يامان يېرى چىلىمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىرەر چېكىم تاماكىغىمۇ قۇربى يەتمەي، بارا - بارا كوچا - يوللاردىن كۆيەندە تىرىپ چېكىشكە مەجبۇر بولدى. يەنە كېلىپ كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى مۇشۇلا بولۇپ قالغانىدى.

«خۇدا ئۇرغاننى خۇداۋەردى قوشلاپ ئۇرار» دېگەن سۆز پەقەت ماقال - تەمسىللا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر قانۇنىيەت بولسا كېرەك. يولداش ياۋاش بىر كۈنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆيەندە تىرىمەن دەپ ئېگىشكەندە ماشىنا سوقۇۋېتىپ، بىر پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتتى. شوپۇر قورقۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، قانچىلىك پۇل دېسە بېرىدىغانلىقىنى، ئەمما ئەرز قىلماسلىقىنى ئۆتۈنگەندە يولداش ياۋاش پەقەت مەھەللىسىگە ئاپىرىپ قويسىلا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئاتالمىش مەھەللىسى سۇ تۇتقۇچىلار بوران - چاپقۇندىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا ياسىۋالغان كۆرۈمسىز كەپىدىن ئىبارەت ئىدى. شوپۇر يولداش ياۋاشنىڭ دېگىنىنى بىجا كەلتۈرۈپ ئۇنى ئەشۇ «مەھەللە» سىگە ئەكىلىپ قويۇپلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

يولداش ياۋاش پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلمىغان زاماندا ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن

ياۋاشلىقىدىن ئۆيىدە خوتۇن توختىمىغاي بالا - چاقىلىق بولالمىغانىدى. پۇتى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمى بولمىغاچقا، قورسىقى ئېچىپ بولالمىغاندا بوغداي - قوناقلارنى خام يەپ، كەپىدىن چىقماي بىرەر ھەپتە يېتىپ باقتى. ئەمما ئۇنىڭ دائىملىق مېھمانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن چاشقانلار بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ يېيىلگەن بوغداي، قوناقلارمۇ ئاخىرى تۈگەپ، چاشقانلار بەزىدە ئېزىپ كىرىپ قالسىمۇ، يامانلاپ چىقىپ كېتىدىغان يەرگە يەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ تاماكا خۇمارىمۇ ئۆزلۈكىدىن غايىپ بولغانىدى. بىراق قورسىقىنىڭ ئاچلىقى بىلەن ئۇسسۇزلۇق ئەكسىنچە بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي ئاخىرى كەپىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، خۇددى كىچىك چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش دۈم يېتىپ تۇرۇپ ئۆستەڭ سۈيىدىن قانغىچە ئىچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر ئەتىگىنى كەپىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىدىغان بولدى. كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى يولدا ئۆتۈۋاتقان ئۇلاغ - ھارۋىلاردىن تارتىپ تاكى ئات - ئېشەكلەرنىڭ تېزەكلىرىگىچە يىغىپ خالتىسىغا سېلىش ۋە كەچتە كەپىسىگە ئېلىپ كېتىشتىن ئىبارەت بولاتتى. كەپە تېزەك، ئوتۇن - چاۋار، خەق تاشلىۋەتكەن ئەسكى كەش، سۇنۇق كەكە، يىرتىق يەلتاراق خالتا... دېگەندەك ئەسكى - تۈسكىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ئەتىگىنى چىقىپ يەنە شۇ نەرسىلەرنى تېرىشنى داۋاملاشتۇراتتى. بەزىدە ئاقكۆڭۈل كىشىلەر ئۇنىڭ سۇنۇق پۇتىنى سۆرەپ ئۆمىلەپ يۈرگىنىگە ئىچ ئاغرىتىپ، پارچە نان ۋە ئاز - تولا پارچە پۇلمۇ بېرەتتى.

بىر بازار كۈنى ئۇ كاۋاپچىنىڭ ئالدىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، زىرە سېپىلىۋاتقان مېزىلىك كاۋاپلارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. پارچە پۇللارمۇ يىغىلىپ بىر نەچچە سومغا يېتىپ قالغانىدى. ئىككى كويلۇق كاۋاپتىن ئىككى زىخ ئېلىپ يەپ، دۇنيادا مۇنداق مېزىلىك تائامنىڭ بارلىقىغا ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ 1949 - يىلى «ئازادلىق» بىلەن تەڭ تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن 7 - 8 ياشلارغا كىرىپ ئەمدىلا ئەقىل - ھوشىنى تېپىشقا باشلىغاندا، تارىختا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك يىللارغا دۇچ كېلىپ، مەجبۇري بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن داشقازاننىڭ ئۈممىچىنىمۇ تويغىچە ئىچەلمىگەن؛ گەرچە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ داشقازان چۇۋۇلۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن «كوپېراتسىيە» نىڭ دەپ ئاتالغان ئۇچىغا چىققان سولچىل تەشكىلىي قۇرۇلمىنىڭ باشقۇرۇشىدا گويا ماشىنا ئادەملەرگە ئوخشاش بىر كۆنۈپكا بىلەن باشقۇرۇلۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «خۇسۇسىيلىققا قارشى كۆرەش قىلىش» شوئارى ئاستىدا، قوي - كالا باققانلار تۈگۈل ھەتتا توخۇ باققانلارمۇ كۆرەش پېپەن قىلىنىپ، يەنىلا زاغرا ناننى ئۆستەڭنىڭ لاي سۈيىگە چىلاپ يەپ ھايات كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان...

«يىگەننىڭ يىگىسى كېلەر، كېيگەننىڭ كېيگىسى» دېگەندەك، ئىلگىرى كۈچ - مادارىنىڭ ۋە ئىشتىھانىڭ تازا بار ۋاقتىدا زاغرا بىلەن لاي سۈدىن باشقىنى ئويلاپمۇ باقمايدىغان يولداش ياۋاش، ئاشۇ ئىككى زىخ كاۋاپنى مەززە قىلىپ يېگەندىن كېيىن دائىم كاۋاپچىنىڭ يېنىغا بارغۇسى كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بىراق ئاشۇ ئىككى زىخ كاۋاپ بىلەنلا بوشاپ قالغان يانچۇقتا يەنە بىرەر زىخ كاۋاپ كەلگۈدەك پۇلنىڭ تايىنى يوق ئىدى.

ئەندى ئۇ «ئۆي» دىكى پۇلغا ياراپ قالار دەپ ئويلىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە «ئالامسىز؟» دەپ كۆرسىتىپ باقىدىغان بولدى. بىراق ئۇنىڭ ساتماقچى بولغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەر تاشلىۋەتكەن ئەسكى - تۈسكىلەر بولغاچقا، ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن «مەن ئالاي» دېگەن گەپ چىقمايتتى. بىر نەچچە كۈن قۇرۇق

ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، ھېچكىم ئالمىغان ئۇ ئەسكى - تۇسكىلەرنى ئەندى قايتا ئېلىپ چىقمايدىغان بولدى. بىراق گەرچە ھېچكىم ئالمىسىمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە پۈتىنى سۆرەپ ئۆملەپ چىقىپ، شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى يىغىشنى يەنە داۋاملاشتۇراتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆملەپ ھېرىپ، يول بويىدىكى سۆگەت سايىسىدا بىردەم هاردۇق ئېلىپ ياتتى. ئىككى كىچىك بالا ياندىكى ئېرىق ئىچىدە ئۆي ئېتىپ ئويناۋاتاتتى.

ئۇلار بىر پەس ئويىنىغاندىن كېيىن زېرىكىپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى. ئۇلار ئۆي ئېتىپ ئوينىغان يەردە بىر پىچاق قالغانىدى. يولداش ياۋاش ئەتراپقا قاراپ بېقىپ ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، ئۆملەپ بېرىپ پىچاقنى خالتىسىغا سالدى. بۇ يولداش ياۋاشنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئەسكى - تۇسكىلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ مەھەللىسىدە قالغان چىلەك، چەينەك، پىچاق، پالتا، قولپا … قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ كېتىۋېرىدىغان بولدى. چۈنكى ئەسكى - تۇسكىلەرگە قارىغاندا ئۇلارنى ئاسانراق سېتىشقا بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ھەركۈنى بولمىسىمۇ ئىككى كۈندە بىر قېتىم كاۋاپ يېيەلەيدىغان بولدى. بىر نەچچە ئايغىچە يېيىلگەن كاۋاپ كۈچىنى كۆرسەتتىمۇ، ياكى شۇنداق بىر تەسادىپيلىقمۇ، ئىش قىلىپ بىر كېچىسى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر قېتىملىق بۇرۇلۇش نۇقتىسى يۈز بەردى؛ شۇ كۈنى ئۇ كاۋاپچى دۇكان ئاچمىغانلىقتىن، قاسساپتىن تۆت سەر گۆش ئالغانىدى. گۆشنى كاۋاپ قىلىپ يېيىش ئۈچۈن كەپىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئوت ياقتى. ئوت تۇتۇشۇپ ئوتۇن چوغقا ئايلانغاندا گۆشنى چوغقا تاشلىدى. كىچىككىنە كەپە ئاچچىق تۈتۈنگە تولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ كاۋاپنىڭ پاژىلدىغان ئاۋازى بىلەن مېزىلىك پۇرىقىدىن چەكسىز ھوزۇر ھېس قىلاتتى. ئاشۇ ھوزۇرلىنىش ئىچىدە كاۋاپنى يەپ، ئىزىدا ئۇخلاپ قالدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكى ئۇنىڭغا بەربىر ئىدى. پەقەت سۆڭەكچىنىڭ چايان چاققاندەك ۋاژىلداپ ئېچىشىپ ئاغرىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. كەپە ئىچىدىكى ئوتۇن - چاۋارلارغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، چاراسلاپ كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ كاۋاپ بولۇش نۆۋىتى ئەندى ماڭا كەپتۇ، دەپ ئويلىدى - دە ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

گەرچە كەپىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىك بالىدەك ئۆملەپ مېڭىشتىن قۇتۇلۇپ ئەندى ئاقساپ بولسىمۇ ماڭالايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شۇغىنىسى ماڭالايدىغان بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك ئىچ ئاغرىتىپ پارچە نان ۋە پارچە - پۇرات پۇللارنى تازا بەرمەيدىغان بولدى. شۇڭا ئۇ بىر قولىدا هاسا تۇتقان، بىر قولىدا خالتا يۈدكەن ھالدا خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۇچرىغانلىكى ئەسكى - تۇسكىلەرنى يىغىشنى داۋاملاشتۇردى. بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىرلا يېرى — خۇددى كاۋاپ تەمىنىڭ زاغرا تەمىدىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىۋاسىتە بىلىپ يەتكىنىگە ئوخشاش، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەمەس، بەلكى يېقىنقى تۆت يىلدىن بۇيان ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەركىن - ئازادە خالتا كۆتۈرۈپ يۈرگىنىنىڭ ئۆتكەنكى 40 يىللىق «شەرەپلىك ئەمگەك» تىن مىڭ ھەسسە ھۇزۇرلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالغانلىقىدا ئىدى. گەرچە ئۇ كەتمەن چاپقان 40 يىلدا زاغرا يەپ، خالتا كۆتۈرگەن 4 يىلدا كاۋاپ يېگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى تېخىچە ئويلاپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كېيىنكىسىنى تاللىغانىدى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئالىم ھاشىم

# ئىلتىجا

(نەسر)

سەن كېتىپ قالدىڭ، كەتكەندىمۇ پۈتكۈل خاتىرجەملىكىمنى چۇل - چۇل قىلىپ كەتتىڭ... بىلمىدىم، خاتاغا يول قويغان ئۇ زادى قايسى ئىشكەن؟...

ئازاب - ئېغىر گەۋدىسى بىلەن نورماللىقىمنى مىجىپ تاشلىدى: ئەسەبىيلىرىم قوزغىلىپ كەتتى!... مېنى ھەر - نە كويلارغا سالغان بۇ ھاياتنى چاينىۋەتكۈم، مېنى ئازابلىغان ئۇ مۇھەببەتنى بوغۇپ تاشلىغۇم، كىشىلەرنىڭ بارچە رەڭۋازلىقلىرىنى تەرك قىلىپ، سەيياھ كەبى جىمىققۇم كەلدى!... ۋۇجۇدۇمنى لەختە قىلغان ئۇ زادى نېمە؟...

زەردەم قاينىغان شۇ مىنۇتتا، كۆزلىرىڭدىن بىرەر ئۆكۈنۈشنى بايقاشنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلغانىدىم، ئەمما، مېنىڭ ئېرىشكىنىم ئۇنىڭدىن ادەھشەت - بىزارلىق بولدى ...

باھار ئەمدى مەن ئۈچۈن يېگانىلىق ئەمەس، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن زېمىننى بېزەۋاتقان كۆكلەم مېنى زېرىكتۈرۈپ قويدى. باھار ئاپتىپى كۆزۈمنى چېقىپ ئارامىمنى بۇزدى... قۇشلارنىڭ چاڭگىلداشلىرى خۇددى ماتەم قەسىدىسىدەك قۇلىقىمنى پاك قىلدى. ئادەملەرنىڭ شادىمان كۈلكىسى غەزىپىمنى قوزغىدى... سېنىڭ رەنجىشىڭ تۇپەيلى جىسمىم تەلتۆكۈس مۇزلىدى. پېشكىنى قېقىپ كېتىشىڭ بىلەن خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم قالدىم. كۈن بويى ئېغىر گەۋدەمنى سۆرەپ، يېگانىلىق سەھراسىدا خازاندەك لەيلەپ يۈرىمەن... ۋەھىملىك چۈشكە ئوخشاش دەھشەت خىياللاردىن تۈنلىرىم ئۇيقۇسىز. غەمناك چېھرىمدە قىش ھاۋاسىدەك سوغۇق ئەلەم قېتىپ قالغان... ياق!!! بۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ ھەم بولماسلىقى كېرەك! باھار ئەمدى كەلدى. گۈللەرنىڭ تۇزۇشغا تېخى بالدۇر...

كۆكلەم ئاپتىپىدا تىرىلگەن چېچەكلەرنىڭ گىژىلداشلىرى خىيالىمنى بۆلدى. تىنىقىمغا ئۇرۇلغان باھار ھىدى دىققىتىمنى تارتتى. كېسەل تارتقان ئادەمدەك ھارغىن گەۋدەمنى سۆرەپ كۆكلەم پەيزىگە چۆمگەن بېغىمغا چىقتىم.

باھار كەپتۇ. ئەتراپتىكى تېرەك ۋە سۆگەت شاخلىرى ئۇششاق يېشىل يوپۇرماقلاردىن يېشىللىققا پۈركىنىپتۇ... باغدىكى غۇچچىدە ئېچىلغان مېۋە چېچەكلىرى ئارىسىدا «گىگراپ» ئۇچۇشۇۋاتقان رەڭدار ھەرىلەر ۋە ھەر خىل ھاشاراتلارنىڭ خوشلۇقىغا نېمە تەڭ؟! يېڭىلا بارالىغا ئېلىنغان تال ئۇچلىرىدىن يەرگە ساقىغان مەرۋايىتتەك بىر تامچە سۇيۇقلۇق يۈزۈمگە تېمىپ سەزگۈلىرىمنى غىدىقلىدى. يۈز - كۆزلىرىمنى سىپاپ ئۆتكەن باھار شامىلىدىن تىنىم يېنىك تەۋرەندى. ھايال ئۆتمەي چېچەكلەر ئارىسىغا بىر نەچچە ئاق قۇشقاچ «پۇر» رىدە كېلىپ قوندى ۋە بولۇشىغا مەغرۇر «ۋىچىر» لاشقا باشلىدى. قاياقتىندۇ پاختەكنىڭ ئۇزۇپ گۇكۇلدىشى ۋە پېشىنگە تولغان سوزۇق ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى... چۈش مەزگىلىدىكى بىردەملىك شېرىن مۈگدەكتىن كېيىن كۆكلەمنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدا ئاستا ئۇيقۇغا كەتتىم...

ئويغانسام، يېنىمدا خىيالغا چۆمگەنچە كۆزلىرىڭنى يۇمۇپ غەمكىن ئولتۇرۇپسەن. ئويغانغىنىمنى سەزمىدىڭ. چۆچۈتۈۋەتمەي، دەپ يېنىڭدىن بىردەمگە كېتىپ قالدىم. (ئاھ تەڭرىم!...) قايتىپ كەلسەم، سەن ئاللىقاچان ...

دىققىتىڭنى چېچىشتىن قورققىنىمنى جىنايەت بىلىپ كېتىپ قاپسەن... تاقىتىڭنىڭ چېكى شۇنچىلىكمىدى؟ جېنىم؟!... كەتكىنىڭگە ئۆكۈنۈپ باتۇرلۇق بىلەن قايتىپ كەپسەنۇ بىردەملىك كۈتۈش سېنى مەغلۇپ قىپتۇ...يەنە كېتىپ توغرا قىلدىڭ، ئارىمىزدىكى چۈشىنىش ۋە ئەپۇ پەقەت شۇنچىلىكلا...

ئەمدى بىلسەم، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ۋەسلىڭگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزۈمگە ئوخشىماي قاپتىمەن. ئاقىۋەت نىقاپ ئىچىدىكى ئەسلىمنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچىدىڭ. ئۇپۇشلىرىمدىن بەزدىڭ، چېھرىڭدە ئالەمچە شۈبھە. ئەمما، مېنى، نىقاپ ئىچىدىكى مېنى سۆيىدىغىنىڭنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقتۇڭ. سېنى قىينىغىنى دەل كۈنۈپ قالغان نىقاپتىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى!...

نەزەرىڭدىكىدەك مۇكەممەل بولۇش ئۈچۈن زورۇقۇپ ئاقىۋەت مەنمۇ چارچىدىم. نەتىجىدە ھارغىن نەپەسلىرىمدىن ئۈمىدسىزلەندىڭ. ئەمدى بىلدىمكى، سەن مېنى ئەمەس، مېنىڭ ساڭا بولغان شەيدالىقىمنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن. ياز ئاپتىپىدەك توختاۋسىز كۆيۈپ تۇرۇشـــغا تەشنا ئىكەنسەن... بىلىپ قال، سەن قۇياش ئەمەس. ئۆزەڭنىڭ ھەرقاچان ئادەملىكىڭنى ئۇنتۇماسلىقىڭ كېرەك. تەقدىر قىسمەت ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، خۇددى بەر شارى توختاۋسىز ئايلىنىپ تۇرغاندەك. ناۋادا مەن ئىشقىڭدا كۆيۈپ چۈچۈلە بولسام، بۇ ئۆتنە جاھاندا تەڭشىلىپ، ھەقتائالا مەندىكى ئوتنى ئېلىپ ساڭا سالغاندا بەرداشلىق بېرەلمەسسەن. بىلسەڭ، ئاتەشلىك يالقۇندا مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس گۈلى پەيدا بولىدۇ. چۈچۈلە پەقەت تۇزۇپلا تۆكەيدۇ. سەن بۇنى خالىمايدىغانسەن؟!

تەھرىرى: **دىلنۇر ئابلىز**

**مۇتەللىپ ماخسۇر (ئۇۋچى)**

# ئىككى نەسىر

## جۇدالىق يادنامىسى

كۆز يېشىڭنىڭ ئاچچىق جۇلاسىدا ئەي قىز، تۇزىۋاتقان يۈرىكىمنى ئۇنتۇما!

مۇقەددەس يورۇقلۇق شام بىلەن تەڭ ئۆچۈپ قالدى. ئەمدى سەن ئۆيۈڭنىڭ ئىچىدىن بۇياقتا كېلىۋاتقان ئاشۇ تاۋۇشقا قۇلاق سالغىن، سوغۇق تىترەۋاتقان باغرىڭدا كۆز مېۋىلىرى بەرىكەتلىك خۇشپۇرىقىنى ئاشكارىلىسۇن.

كۆيۈۋاتقـان ياپراقلارنىـڭ نۇتۇنسـز يالقۇنىدا، ئـەزىزىـم، ئىككىمىزنىـڭ ئەبىدىلىـك ئىزتىراپلىـرى مىسكىـن ئۆپۈشمەكتە ... ھالبۇكى سېنىڭ بەخت پويىزىڭ يەنە بىر دوقمۇشتىكى باشقا بىر ۋوگزالدا سېنى ئېلىپ كەتتى.

## يىگىرمە تۆتىنچى چۈش خاتىرىسى

(1)

چۈش يەنىلا شۇ گۈزەل ۋە غېرىب شولىسىنى چاچقانچە كېتىپ قالدى. بۇ قاراڭغۇ يولدا ئۇنىڭ سۈزۈك ۋە ئاپئاق سايىسىلا قالدى. مەن ئەمدى ئاشۇ قاتقان سايىگە قاراپ تۇزغاقتەك تۇزۇيمەن، قاردەك چېچىلىمەن، ئوتتەك يېلىنجاپ، مۇزدەك قاتىمەن ... يامغۇرلۇق كېچىلەردىكى غېرىبلىقىمنىڭ ھەممىسىنى بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇردۇم، نەملەشكەن ئالقانلىرىمغا چاپلىشىپ قالغان بىر تال چاچنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ يېتىپ، يىلانلار ئۇسۇلىنى چۈشەپ چىقتىم ...

چوغ ۋە ئۇنىڭ تۇزۇندىلىرى ... پۇل ۋە ئىشىك، ئادەم ۋە ھايۋان ... ھەممە نەرسە بىرىككەن، چىڭ چاپلاشقان. جاراھەتلەردىن گۈللەرنىڭ خۇشپۇرىقىنى، ئەسەبىي كۈلكىلەردىن كۆز شامىلىدەك سۆرۈنلۈكنى، قەدەھلەردىن دۇغلاشقان يۈرەكلەرنى كۆرۈش ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

(2)

داتلاشقان بويتاقلىقنىڭ غېرىب جىلۋىلىرىدە بۇ ئىشىك ئەنە شۇنداق ئېچىلىدۇ.

كۈلگۈنچەك بۈژغۇنلار چېچەكلەۋاتقان ياز ئاسمىنىدىكى ھېسسىياتچان بۇلۇتلارغا قاراپ قېلىشقان. ئاداققى پەسلىنىڭ ئالقانلىرىدا قېتىپ قالغان ياۋا ئەتىر گۈللەردىن ئاققىۋاتقان دىئالوگلار، بۇ ئىشىكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەر بىر مۇساپىرنى ئۆز تەقدىرىنىڭ قاراڭغۇ ئازگاللىرىغا سىنچىلاپ قاراشقا، بىر دەم يالىڭاچلىنىپ، موخۇركا چېكىپ ئۆزىگە قايتىشقا مەجبۇرلايدۇ.

مەستلىك يەنە قاراڭغۇ سايىلەرنىڭ ھېسسىيات ئىشكىنى چەكمەكتە. « — سۆزلىگۈم يوق» دەيدۇ جىگدىلەر.

مەن جىگدە چېچەكلىرىنىڭ ئۈنسىز نالەشلىرى ئىچىدە قاراڭغۇ ئاسمانغا قاراپ، مۇھەببەتنىڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك، پارلاق نۇرلار ئىچىدە قاپقاراڭغۇ جىلغىلارغا سىرغىپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

باللىق دەۋرىمدىكى قەبرىستاندا كۆرگەن چۈشلىرىم ئەمدى رېئاللىققا ئايلانغانلىقىغا ئىشەندىم.

مەن قايتىپ كېلىپ بۇ قاراڭغۇ ئىشىكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھاياتىمنىڭ يەنە بىر قېتىم مۇڭلۇق غىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

تەھرىرى: **مەتسېلىم مەتقاسىم**



دىلنۇر ئابلىز

# ئۇنىڭ كۆز يېشى

(ھېكايە)

دەشتى چۆلدىكى يېگانە قامغاقتەك ياش تۇرۇپلا تۇل قالغان رەناخان تۆت ياشلىق شور پىشانە ئوغلى يۇسۇپكە ئانا ھەم دادا ئىدى. ئايال خەق يارالمىشتىنلا ئاجىز كېلىدۇ. بىر ئۆينىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇن چىقىرىش ئۇنىڭ ئۇچۇن گويا تاشنى ئىزىپ ياغ چىقارغان بىلەن تەڭ.

مەرھۇم ئېرىنىڭ ئىدارىسىدىن بەرگەن ئازغىنە نەپىقە پۇلى ئۇلارنىڭ يوقسۇل تۇرمۇشىدا ھۇنىنگە سۇنىنە بولالمايتتى. كۈنىگە ئۈچ ۋاق ئېچىپ تۇرىدىغان قورساقنىڭ قولنىڭ قىسقىلىقى بىلەن ئىشى يوق. ئائىلىدە تۇز، گۆگۈتتىن تارتىپ ئەتنى ياپقىدەك كىيىم - كېچەككە ئېرىشىش، خۇدا بەرگەن جاننى ئەزرائىلغا بەرمەي مىدىرلاپ يۈرگىدەك ئەھۋالدا تۇرۇش ئۇچۇن بىرەر ئامال قىلىش كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ سىنە ساق ئانا تۇرۇپ ئاشۇ نارسىدە يۇسۇپنى تويغىدەك تاماق بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشالمىسا ئانا قەرزىنى قانداق ئادا قىلىدۇ؟

رەناخانمۇ ئەسلىدە بالىغ، نەسلى ساپ ئائىلىنىڭ قىزى. بۇ باقى دۇنيادا ئۇنىڭمۇ موھتاجلىق كۆرمەي، باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلمەي باي بالىلىرىدەك ياشىغۇسى بار. بولۇپمۇ ئاشۇ يۈرەك پارىسىنى، ھاياتقا بولغان بىردىنبىر ئۈمىدى — يۇسۇپنى تەندۇرۇس، ئەقىل ھۇشلۇق ئادەم قىلىپ، ئۆز كۈننى ئالالىغۇدەك قىلىش رەناخاننىڭ بىردىنبىر ھايات ئارزۇسى. ئەپسۇس ئارزۇ بىلەن رېئاللىق ئارىسىدىكى مۇساپە تولىمۇ ئۇزۇن بولىدىكەن. رەھمەتلىك ئېرى بولغان بولسىمۇ بۇنداق بىھۇدە غەملەرنى قىلىپ ئولتۇرمايتتى. بالىنىڭ، ئۆينىڭ ھەممە ئىش - كۈشلىرىنى ئۇ زىممىسىگە ئالاتتى. ئۆيدە ئەر كىشى بولمىسا ھېچنەرسىنىڭ بەرىكىتى بولمايدىكەن. ئايال كىشىنىڭ ئەل - يۇرت ئىچىدە ئىناۋىتىمۇ بولمايدىكەن. «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسا، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسا» دېگەن گەپ راست ئىكەن. مانا ئەمدى ھەممە غەم - غۇسسە، ئېغىرچىلىق رەناخاننىڭ ئۈستىگە چۈشتى. موھتاجلىق يۈكى ئۇنى غۇرۇرىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. باشقىلارنىڭ بالىسىنى باقتى، كىر - قاتلىرىنى يۇدى، يەكشەنبە كۈنلىرى پىت بازىرىدا كونا كىيىملەرنى ساتتى، قوشنىلارنىڭ نېننىنى ياقتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۇچۇن خورلۇق تۇيۇلسىمۇ بالىسى يۇسۇپ ئۇچۇن ئىدى.

ئۇ تۇغقانلىرى، يېقىنلىرىنىڭ ياتلىق بولۇش تەكلىپىنى «بالام ئۆگەيلىك دەردىنى تارتمىسۇن، ئانىنىڭ ئۆگىيىمۇ، دادىنىڭ ئۆگىيىمۇ ئوخشاش» دەپ قاراپ رەت قىلدى. بولمىسا ئۇنىڭ كېلىشكەن غۇنچە بويى، تېخى ياشلىقىنىڭ لىۋەنلىكى يوقالمىغان ھۆسنى - جامالى خېلى - خېلى ئەركەكلەرنى جەلپ قىلالىغۇدەك ئەھۋالدا ئىدى.

ئۇ يۇسۇپنى ناھايىتى ئەستە بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۇنىڭ يۇمران بەستى زورۇيۇپ، ھايات گۈلى غۇنچىلاشقا باشلىغانسېرى رەناخاننىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى، گۈلدەك ھۆسنى ئاستا - ئاستا خۇددى سۇسىز، پەرۋىشسىز قالغان گۈلدەك ۋاقىتسىز سولۇشقا باشلىدى. ئۇ يېمەي يېگۈزۈپ كىيمەي كىيگۈزۈپ، يۇسۇپنى

تولۇقسىزغىچە ئوقۇتتى. بالىنىڭ ئۆگىنىشىمۇ ياخشى ئىدى. ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆيۈنۈشى شۇنداقلا رەناخاننىڭ جاپالىق ئەجرى ۋە تاڭ كېچىدە قوپۇپ جەينامازدا ئولتۇرۇپ، ئوغلى ئۈچۈن قىلغان نەچچە يىللىق دۇئاسىنى خۇدا قوبۇل قىلدى. يۇسۇپ ئىمتىھان بېرىپ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ شوپۇرلۇق سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ ئوقۇش راسخوتى ئۈچۈن رەناخان ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنىڭ تويلۇق زىبۇ-زىننەتلىرىنى ساتتى.

رەناخان بالىسىنىڭ ئۆزى ئارزۇلىغىنىدەك ئىستىقبالىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن كۆپ خۇرسەن بولدى. 2 يىللىق ئوقۇشنىڭ سىلىقى، چەككەن جاپالىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلمىدى، ۋاقىتمۇ بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى.

يۇسۇپ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك تەمىنلەش كوپىراتىپىغا ئورۇنلاشتى. رەناخان ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلدى. ئۇ ئوغلىدىن پەخىرلىنەتتى، ئوغلى تۇنجى مائاش ئەكىرگەندە ئۇ بىر ھازا ياش تۆكتى. يۇسۇپمۇ ئانىسىغا ياخشى قارايدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئىش قىلغىلى بارماسلىقىنى ۋە كونا كىيىم-كېچەكلەرنى ساتىمەن دەپ يۈرمەسلىكىنى ئۆتۈندى. رەناخان ئوغلىدىن چەكسىز سۆيۈندى ...

جاپا بىلەن ھايات كەچۈرۈپ، پۇلنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئانا ئوغلىنىڭ تېخى يەنە بىر چوڭ ئىشى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئويلاپ، پۇلنى ناھايىتى تېجەپ ئىشلىتەتتى. بىرەر سومغا چاغلىق پۇلنىمۇ بۇزۇشنى خالىمايتتى. ئوغلى نەچچە قېتىم ئانىسىغا يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىشنى ئېيتىسىمۇ يەنە پۇل بۇزۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئاددىي كىيىنەتتى، ئېرىدىن تۇل قالغاندىن بېرى ھېلىغىچە پاللىدە ئېچىلغىدەك كىيىم كىيىپ باقمىدى. ئوغلۇمنىڭ توينى قىلىۋالسام ئارمىنىم تۈگەيتتى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ.

يۇسۇپ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاغىنىسىمۇ، ئادىمىگەرچىلىك ئىشلىرىمۇ بارغانچە كۆپەيگىلى تۇردى. رەناخانمۇ «بالام چوڭىيىپ قالدى، ئەمدى ئىشلىرىمۇ چوڭىيىدۇ، ئۇنىڭ مائاشى ھەممىگە يېتىشىپ بولالمايدۇ، مەنمۇ جىم ئولتۇرماي» دەپ ئويلاپ ئوغلىغا بىلىندۇرمەي يەنە بۇرۇنقى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

بىر كۈنى يۇسۇپ ئانىسىنىڭ يەنە باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ قاتتىق خاپا بولدى:

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ ئانا، مەن ساڭا نەچچە قېتىم ئەمدى بۇ ئىشنى قىلما دېدىمغۇ، ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ ... رەناخان ئولتۇرغان يېرىدىن ئۇزۇنغىچە قىمىر قىلمىدى. ئوغلىنىڭ گېپى بولۇپمۇ ئاخىرقى گېپى بىر ئاز ھار كەلگەنىدى. ئۇ يۇسۇپنىڭ كىچىك چاغلىرىنى ئەسلىدى. شۇنداق ئۇماق، سەبىي، خۇددى چىرايلىق ئېچىلغان بىر تال قىزىل گۈلگە ئوخشايتتى. ئىشقىلىپ ھارغاندا، تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھېس قىلغاندا بالىسى ئۇنىڭغا تەسەللىي ئىدى. بىراق ھازىرچۇ، ئۇ ئوغلىنى دەپ شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتسا-ھە، كىمنىڭ جاپا چەككۈسى بار ... رەناخان يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە ئوغلىغا شۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، ھەر نېمە دېگىنىڭ بىلەن مېنىڭ قىلغان ئىشىم ھالال ئىش، ھېلىغىچە مېنى ھېچكىم ئەيىبلىگىنى يوق. قولۇم-قوشنىلارمۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ. سەنمۇ ھازىر خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتىڭ، بىراق يەنە ئالدىڭدا توي ئىشىڭ بار. شۇنى ئويلىسام يەنە مېنى غەم باسىدۇ، شۇڭا ئاز بولسىمۇ ...

يۇسۇپ ئانىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— سېنىڭ ئاشۇ ئىككى تال پۇلۇڭغا توي قىلغىلى بولاتتىمۇ ...، — بۇ يۇسۇپنىڭ چوڭ بولۇپ ئانىسىغا تۇنجى قېتىم قاتتىق تېگىشى ئىدى. رەناخانمۇ ئوغلىدىن تۇنجى قېتىم رەنجىۋاتاتتى ...

ئاخىر پەرەزدىكى ئىشلار يۈز بەردى. يۇسۇپ خىزمەتكە چىقىپ تېخى ئىككى يىل توشمايلا بىر كۈنى ئۆيگە چىرايلىق بىر قىزنى باشلاپ كەلدى.

رەناخاننىڭ يۈرىكى بىر خىل هاياجان بىلەن سۇسقىنە تىترىگەندەك بولدى. ئاخىر كېلىن كۆرىدىغان بوپتىمەن، دەپ ئويلىدى.

رەناخان ياپراقتەك بولۇپ مېزىلىك تاماقلارنى تەييارلاپ قىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇ قىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن بىر ئىدارىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگىلى بىر يىل بولغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇ بۇ قىزنى مۇشۇ تەرىقىدە بىر نەچچە قېتىم كۈتۈۋالدى.

بىر كۈنى ئوغلى ئانىسىغا قىزنىڭ ئۆيىگە چاي ئىچۈرۈپ قويۇش تەلىپىنى قورۇنۇپقىنە ئېيتتى. رەناخان دەررۇ ماقۇل بولدى ۋە بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ بارىدىغان بولدى. لېكىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قانداقراق ئادەملەردۇر، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مۇشۇ تۇرسا، ناۋادا ئوقۇرى بەك ئېگىز ئادەملەر بولۇپ قالسا بىز تەڭلىشىپ بولالماي قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ئوغلىدىن سورىدى:

— ئوغلۇم، سەن ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە باردىڭمۇ؟ ئائىلە ئەھۋالىنى ئۇقتۇڭمۇ؟

— باردىم، دادىسى ئىلگىرى بىر ئىدارىدا باشلىق بولۇپ ئىشلەپتىكەن، هازىر دەم ئېلىشقا چىقىپتۇ. ئانىسى بىر شىركەتتە ئىشلەيدىكەن، — رەناخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل هودۇقۇپ قالدى ۋە يەنە سورىدى:

— قانچە بالىكەن؟

— بىر بالىكەن.

— هە؟ — رەناخان ئۆز - ئۆزىگە دېگەندەك ئاستا غودۇڭشىدى: — سەنمۇ بىر بالا، ئۇمۇ بىر بالىكەن-دە، باشلىقنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ...

يۇسۇپ دەررۇ ئانىسىغا چۈشەنچە بەردى:

— باشلىق بولسا نېمە بوپتۇ، بەرىبىر قىزنى بىرىگە ياتلىق قىلىدىغۇ. ئۇلار مېنى كۆرگەن، ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئائىلە ئەھۋالىمىزنى ئۇقتى. بىزنى ياراتمىغان بولسا ئاينۇر مېنىڭ ئۆيگە چاي ئىچۈرۈشكە بېرىش تەلىپىمگە قوشۇلماستى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاينۇر ياخشى قىز، ئۇنىڭغا كۆز تىكىدىغانلار ئاز ئەمەس، بەك كەينىگە سۆرىسەك ياخشى بولماسمىكىن ...

ئوغلىنىڭ ئىپادىسىدىن رەناخان ئۇنىڭ ئۇ قىزغا خېلىلا كۆيىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى-دە، ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى چېگىشنى خالىمىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ تەييارلىققا چۈشتى. چاي ئىچۈرۈشكە بېرىش ئۈچۈنمۇ خېلىلا تەرلىدى. توي تەييارلىقىدا قانچىلىك قىيىنچىلىق تارتىدىغانلىقىنى ئۇ هازىر تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. چاي ئىچۈرۈلۈپ بولدى، توي ۋاقتىمۇ بېكىتىلدى. تويلۇققا كەلگەندە رەناخاننىڭ تازا بېشى قاتتى. ئوغلى خىزمەتكە چىققىلى تېخى ئۇزاق بولمىغاچقا، هاجەتكە يەتكىدەك پۇل يىغالمىغانىدى. ئوغلى شۇ چاغدىلا ئاندىن ئانىسىنىڭ ئىلگىرىكى غەم - ئەندىشىسىنى چۈشەندى. بىراق، هازىر كېچىككەنىدى. رەناخان ئوغلىنىڭ غەمگە پېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چىدىمىدى. چۈنكى ئوغلى ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر يۈرەك پارىسى. رەناخان ئۆي ئىچىگە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى، ئۆي ئىچى ئادەتتىكىدەكلا بولۇپ، ئوغلىنىڭ تويىغا ئاتاپ كۆز قارچۇقىدەك ئاسراپ كەلگەن ئوتتاشتەك بىر پارچە گىلەمدىن ئۆزگە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدىغاندەك، كۆپرەك پۇلغا يارىغىدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا كۆزى پاللىدە يورۇپ كەتتى. توغرا، ماۋۇ قورۇ جايچۇ! بۇغۇ پۇلغا يارايدىغاندۇ.

رەناخانغا ئاتا - ئانىسىدىن ئانچە يېگى بولمىسىمۇ 4 ئېغىز ئۆي بىلەن خېلى ئازادە هويلا - ئاراملىق قورۇ مىراس قالغانىدى. ئۇ ئىككى ئېغىز ئۆي بىلەن كىچىككىنە هويلىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپلا قالغىنىنى ساتماقچى بولدى. بۇ پىلاننى ئاڭلىغاندا يۇسۇپنىڭ دەسلەپتە چىرايى تاتاردى ۋە ئىچ ئاغرىتقان هالدا ئانىسىغا قارىدى. باشقىچە ئامال ئىزدەشنى، قورۇ جاينى ساتماسلىقنى ئۆتۈندى.

رەناخان ئوغلىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغان هالدا:

— ئوغلۇم، بىزدە بۇنىڭدىن بۆلەك نېمە

ئامال بولسۇن، قىز ساڭا يارىغان بولسىلا بولدى، كېرەك يوق، قالغان ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمدى سەن توي قىلىپ ئايرىم ئۆي تۇتساڭ ماڭا بۇنداق چوڭ قورۇ جاي كەتمەيدۇ، يەنە خۇدايىم بىرە. بۇ بەربىر ساڭا تەئەللۇق بولىدىغان نەرسە، — دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل قىيالماسلىقتەك ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. يۇسۇپ ئانىسىغا قەرز ئېلىپ تۇرۇپ تويدىن كېيىن ئاستا - ئاستا تۆلەشنى ئېيتقان بولسىمۇ رەناخان قەتئىي قوشۇلمىدى.

— ھازىر توي دېگەنگە ئاز پۇل كەتمەيدۇ، بىر مۇنچە پۇلنى قەرز ئالغىنىڭ بىلەن يېڭى ئۆي تۇتقاندا كەم - كۇسۇڭلار كۆپ بولىدۇ. ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. ئۆينى زامانغا لايىق تۇتىدىغان گەپ ئۆزى. قەرزىڭنى ئاڭلىسا كېلىنىم رەنجىپ قېلىپ، مۇناسىۋىتىڭلارغا تەسىر يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. مېنىڭدىن قالسا ساڭا بالام، بولدى، كۆپ باش قاتۇرۇپ كەتمە، مەن ھاياتلا بولسام سېنىڭ دىلىڭنى چەكمەيمەن. — يۇسۇپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ خۇددى كىچىك چاغلىرىدىكىدەك ئانىسىغا گىرە سالدى:

— ئانا، مەن سېنىڭ ئەجرىڭنى چوقۇم ياندۇرىمەن، سەن مەن ئۈچۈن ئاز جاپا چەكمىدىڭ ...

رەناخان ئۆينى ساتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى خېلى ۋاقىتقىچە ئاغرىدى. لېكىن توينى كۆڭۈلدىكىدەك ئازادە ئۆزتىۋالدى. قۇدا تەرەپمۇ ئوبدان رازى بولدى.

ئوغلى بىلەن كېلىنى ئۇنى نەچچە كۈندە بىر يوقلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ شادلىق يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرگەندە رەناخاننىڭ قەلبىدە بىر خىل ھاياجان مەۋج ئۇرۇپ مەسلىكى كېلەتتى.

ئوغلى بارا - بارا ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم يالغۇزلا كېلىپ كېتىدىغان بولدى. كېلىنى بولسا بىر - ئىككى ئايدا بىر قېتىم كېلىپ يوقلاپ كېتەتتى. رەناخان كۈنلىرىنى جەينامازدا ئولتۇرۇپ تەسۋى سىرىپ، خۇدادىن بالىسىغا بەخت تىلەپ ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئۇنى بارغانچە غېرىبلىق باسماقتا ئىدى.

ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى رەناخان ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ھويلىسىدا يوتقان تىكىپ ئولتۇراتتى، مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئىزدەشتۈرۈپ تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئوتۇن ئارىسىدا بىر تاۋار مۈشۈكنىڭ ئاجىز مىياڭلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ مۈشۈكنى ئاۋايلاپ ئالدى، ئۇنىڭ بىر پۇتى ئاقساپ قالغانىكەن. مۈشۈك كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يۈكلۈك ئۈستىدە چىرايلىقىنە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭغا قارىغانسېرى رەناخاننىڭ ئامراقلىقى تۇتتى، خۇددى يۇسۇپنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكىدەك بىر خىل تاتلىق سېزىم رەناخاننىڭ ۋۇجۇدىغا تارىدى.

ئۇ مۈشۈكنى كېچىلىرى قوينىغا تىقىپ ئۇخلايتتى. شۇنداق قىلىپ مۈشۈك بۇ ئۆيگە كۆنۈپ قالدى. رەناخان ئۆزىگە بىر ھەمراھ تېپىلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

يۇسۇپ توي قىلىپ بىرەر يىلغىچە ھەر ئايلىق مائاشىدىن ئانىسىغا ئاز - تولا ئەكىلىپ بېرىپ تۇردى. لېكىن بۇ پۇل بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. رەناخان قانچە تېجەپ باقسىمۇ تۇرمۇشىغا يەتكۈزەلمىدى. ئەمما ئوغلىغا قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلىقى توغرىسىدا تىنمىدى، ئوغلىدىن بەك رەنجىمۇ كەتمىدى. كۆڭلىدە: ئۇلار يېڭى ئۆي تۇتتى، ھازىر ياشلار بەس - بەستە ئۆي جابدۇيدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭمۇ باشقىلاردىن قالغۇسى كەلمەيدۇ-دە، بەلكى پۇلنى يەتكۈزەلمىگەندۇ، — دەپ ئويلايتتى ۋە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

رەناخان ئاخىرى يەنە بۇرۇنقى ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. ئوغلى ئۇنىڭ ئىشىنى بۇ قېتىم بىلىپ قالغان بولسىمۇ تاپا - تەنە قىلمىدى.

ئاي يىللارنى قوغلىشىپ يۇسۇپمۇ ئىككى ئوغۇل يۈزى كۆردى. رەناخانمۇ ياشىنىپ بۇرۇنقىدەك باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ بەرگۈدەك مادارىمۇ قالمىدى. موھتاجلىق يەنە ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قىيناشقا باشلىدى. ھايات ئۇپۇقى كۈنسېرى غۇۋالاشتى. يۇسۇپ ئانىسىنىڭ

قىيىن كۈنگە قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئىدارىسىدا ئىشنىڭ جىددىي بولۇپ قالغانلىقىنى، ئادىمگەرچىلىكىنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى ياكى بالىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئانچە يوقلىمايتتى. بىرەر ئايدا بىر - ئىككى كېلىپ، بىرەر - ئىككى جىڭ گۆش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكىلىپلا ۋەزىپىنى ئاداقلاتتى. لېكىن رەناخان ئوغلىدىن رەنجىپ بىر نېمە دېمەيتتى. كۆڭلىدە، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ بىر بالا، قېيىنئاتىسى، قېيىنئانىسىمۇ ياشىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭمۇ ئىش - كۈشلىرىگە قارىشىپ بەرمىسە بولمايدۇ. ئىككى بالىلىق بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېمىسە تېخى بولمايدۇ. دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ بىئارام كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزاتتى.

ئوغلىغا قارىغاندا مۇشۇ كۈنلەردە رەناخانغا ئۇنىڭ ئۆيىنى سېتىۋالغان قوشنىسى مايسىخان كۆيۈنەتتى. كۈندە دېگۇدەك كىرىپ يوقلايتتى، تاماق سۇناتتى.

مايسىخانمۇ رەناخانغا ئوخشاش يالغۇز بولۇپ ئۇنىڭغا بىر نەۋرىسى ھەمراھ بولاتتى. ئۇنىڭ بىر قىز، بىر ئوغلى بولۇپ، ھەر ئىككىسى خىزمەتچى ئىدى. ئۇلار بىرلىشىپ بۇ ئۆينى ئانىسىغا ئېلىپ بېرىشكەنىدى. قىزى پات - پات كېلىپ ئانىسىنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئۆيىنى تۈزەشتۈرۈپ بېرەتتى. 11 — 10 ياشلاردىكى قىزىنى چوڭ ئانىسىغا ھەمراھ بولۇشقا بەرگەنىدى. مايسىخان 55 ياشلاردا بولۇپ تېمەن ئىدى. رەناخاننىڭ مايسىخاننىڭ بالىلىرىغا قاراپ ئىچى سىرىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا رەناخان بىردىنبىر ھەمراھى بولغان ئاسلىنىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئوغلىنى ئويلايتتى. ئۇنىڭغا بەخت ۋە ئىنساپ تىلەيتتى. چاق ئىگىرىپ ئولتۇرۇپ ياش تۆكەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئالدىدىكى ئۇچقا ئوخشاش ۋاقىتسىز ئاقىرىشقا باشلىدى. پەرۋىشسىز تۇرمۇش ئاخىرى بۇ قېرى ئايالنى مادارىدىن كەتكۈزۈپ كېسەل قىلىپ ئورنىدىن تۇرالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئوغلى ئۇنى بىر - ئىككى قېتىم دوختۇرغا كۆرسىتىپ دورا ئېلىپ بەردى. بىراق، بۇ 1 -

2 قېتىملىق ئىلتىپات رەناخاننى مافدۇرىغا كەلتۈرەلمىدى، كېسىلىنى ساقايتالمىدى. ئۇ بارغانچە ئۆزىنىڭ يالغۇز، يىگانە ئىكەنلىكىنى، ئۆمرىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ خېلى ئۇزۇن يىغلىدى. ئاسلىنى ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئىگىسىنىڭ دەردىنى بىلگەندەك سۈكۈتكە چۆمۈپ جىم ئولتۇراتتى.

رامىزان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە رەناخان ئىپتارغا تاماق ئەتكۈدەكمۇ رەۋىتى يوق ئولتۇراتتى. قوشنىسى مايسىخان ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر تەخسە لەڭمەننى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە رەناخاننىڭ ياش تۆكۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى. ئۇلار خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى. رەناخان ئوغلىنى قانداق تەستە بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى بىر - بىرلەپ مايسىخانغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ ھېلىغىچە بۇ ھەقتە بىرسىگە داتلاپ بەرمىگەنىدى.

مايسىخان ئوچۇق پېكىرلىك، گاڭگۈڭ گەپ قىلمىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ رەناخانغا:

— قاراپ تۇرسىلا، مەن ئۇ يۇسۇپ ئاخۇننى سىلىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتەرگۈدەك قىلىۋېتىمەن، كۆڭۈللىرىنى چاچمىسىلا، ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، ھەممە ئىشنىڭ ئامالى بار، — دېدى. رەناخان ئۇنىڭدىن قانداق ئامالى بارلىقىنى قانچە سورىسىمۇ كېيىن دەپ بېرىمەن، دەپ ئېيتقىلى ئۇنىمىدى.

مايسىخان شۇ گەپنى قىلىپ 3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، دېگەندەك ئۇنى ئوغلى، كېلىنى، ئىككى نەۋرىسى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار رەناخانغا بىر مۇنچە قۇۋۋەت دورىسى، گۆش ۋە يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار رەناخاننىڭ داستىخان سېلىشىغىمۇ يول قويماي كېلىنى چاينى ئۆزى دەملەپ، داستىخان سالدى ۋە تېخى سوۋۇمىغان كاۋاپنى رەناخانغا زورلاپ تۇرۇپ يېگۈزدى. ئۇلار ھېلىغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ۋە بالىلىرى بىلەن بولۇپ ياخشى قارىيالمىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى باقىدىغانلىقىنى، ئالدىدا قىلىپ قويغان

بالىلىقنى، نادانلىقنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈندى.
رەناخان بۇ ئىشلاردىن ھەم ھەيران بولدى ھەم خۇشال بولۇپ باغرى سىماپتەك ئېرىدى، بالىسىغا ئىنساپ بەرگەن ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئېيتتى. ئۇلار رەناخاننى ئۆيگە ئاپىرىپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق ئۇ بالىلارغا رەھمەت ئېيتىپ بارغىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار ئانىسىنى قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن، تۇرمۇشىغا لازىملىق ھەممە نەرسىسىنى تەل قىلىپ بەردى. كۆڭلۈكى يوقلاپ تۇردى. كېلىنىمۇ ئۆز قىزىدەكلا بوپ كەتتى. بۇ ئىشلاردىن كۆڭلى سۆيۈنگەن رەناخان مايسىخاندىن ئىشىنىڭ تېگىنى سورىدى. رەناخاننىڭ قايتا ـ قايتا سوراپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئاخىرى مايسىخان ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

— ئەسلىدە دېمىسەم بولاتتى، دېگىنىمۇ يامان بولماس. مەن سىلى بىلەن ئاشۇ كۈنى خوشلاشقاندىن كېيىن كۆپ ئويلاندىم. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈمگە بىر ئىشنى پۈكۈپ، ئىشتىن چۈشەي دېگەندە يۈسۈپ ئاخۇننىڭ ئىدارىسى ئالدىغا قەستەن باردىم. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ دەرۋازىدىن چىقىپلا مېنى كۆردى، سالام سائەت قىلىشتۇق، نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىلە دەپ سورىۋىدى، بىر ئادىمگەرچىلىك ئىشقا بارماقچىدىم، بىرسىگە ساقلاۋاتىمەن دېدىم. ئۇ سىلىنى سورىدى، شۇنىڭ بىلەن گەپنى باشلىدىم. ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ پەس ئاۋازدا:

— ئوغلۇم، سىلىنىڭ تەلەيلىرى بار ئىكەن، كاتتا بېيىپ كېتىدىغان بولدىلا، رەناخانغا خۇدايىم بەردى. ئاخشام رامىزانغا 17 ئەمەسمۇ، ئۇ بىچارە روزىنىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ قالدۇرماي تۇتىدۇ. جەينامازدىن چۈشمەي ئولتۇرىدۇ، ئۇ ئۆيۈمگە شۇۋەقەدىر كىرسە ئەجەب ئەمەس دەپ كېچىدە ئىشىك ـ دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ ئۇخلىماي جەينامازدا ئولتۇرۇپ تۈنەپتۇ. باش ئەزان ۋاقتى بىلەن ئۇ تاھارەت يەڭگۈشلەي دەپ چۈگۈننى ئېلىپ ماڭسا ھويلىسىغا كۈندەك يورۇقلۇق چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ تېنى ئەيمىنىپ «بىسمىللا» دەپ چۈگۈننى چىڭ قاماللاپ تۇرۇپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە يورۇقلۇق يوقاپتۇ، بىردەمدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ قارىسا قولىدىكى چۈگۈن سۇيى بىلەن قوشۇلۇپ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بىچارە شۇ زامان مېنى چاقىرىپ كۆرسەتتى، ئىككىمىز ئۇنى يوشۇرغىنىمىز توۋۇگە كۆمۈۋەتتۇق. ئۇنىڭ سىلىدىن بۆلەك نېمىسى بار دەيلا، ھامان ئۇ سىلىنىڭ بولىدۇ، ئانىلىرىغا ئەمدى دۇنيانىڭ كېرىكى يوق، ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆمرى قالدى دەيلا، بىچارە ھەمىشە ئوغلۇمغا ھېچنەرسە قالدۇرالمايدىغان بولدۇم دەپ ھەسرەت چېكەتتى. مانا ئەمدى خۇدايىم ئۇنىڭ دېگىنىدىنمۇ ئارتۇق بەردى، — دېدىم. ئۇ مېنىڭ دېگەنلىرىمگە دەسلەپتە ئىشەنمىدى بولغاي، بىخىرامان ھالدا كۈلۈپ قويدى ۋە:

— بۇ چۆچەككە ئوخشاش گەپ بولدىغۇ، جاھاندا شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، — دېدى ھەيران بولۇپ، مەن دەرھال ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم:

— ۋاي ئوغلۇم، نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ بۇ دېگەن سىرلىق دۇنيا، سىلى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىلىرىدىن ئۆتمىگەچكە دەرھال ئىشەنگۈلىرى كەلمەيدۇ. مانا مەن بۇ ئۆمرۈمدە بۇنداق ئىشنى بىر نەچچە قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سىلى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۈستۈن مەھەللىدىكى ھېزىم شاڭگاڭنىڭ ئانىسىغا مۇشۇنداق كارامەت يولۇققان. مانا ئەمدى ھېزىم شاڭگاڭ ئانىسىدىن قالغان ئاشۇ ئالتۇنغا تايىنىپ يۇرت ئىچىدىكى ساناقلىق بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ دېگەن غايىب خەزىنە، تالا ـ تۈزدە دەپ يۈرسىلە غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ئانىلىرىغا ئۇبدان قاراپ كۆڭلىنى مايىل قىلسىلا ئالتۇن ئاخىرى سىلىنىڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ، —دېدىم. يۈسۈپ ئاخۇن بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ناۋادا سىلىدىن سوراپ قالسىمۇ مەن دېگەندەك دېسىلە جۇمۇ، — دېدى مايسىخان ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولغان قىياپەتتە. بۇ گەپنى ئاڭلىغان رەناخان ناۋادا بۇ يالغانچىلىق ئاشكارا بولۇپ قالسا ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا سەت بولارمىكىن

دەپ تەشۋىشلەندى. مايسىخان چۈشەندۈرۈپ:

— نېمىدىن ئەنسىرەيلا، سىلىنىڭ كۆزلىرى يىلدىرلاپ تۇرغان يەردە ئوغۇللىرى بوسۇغىلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرەمتى، سىلى ئۇنى باققىچە ئاز ئەجىر سىڭدۈرگەنمۇ؟ بار - يوقلىرىنى شۇنىڭغا ئاتىدىلا، سىلىنىڭ مۇشۇ هالغا كېلىپ قالغانلىقلىرىنى كۆرۈپمۇ تۈزۈك كارى بولمىسا، ئەمىسە قانداق قىلىلا؟ گەپنى مەن قىلدىم، ئاقىۋىتىگە ئۆزۈم ئىگە. هەر نېمە دېگەن بىلەن سىلى ئانىسى-دە. پاش بولۇپ قالسىمۇ ئېغىزدىن چىقىرالمايدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىسىغا كۆيمەيدىغان بالىلارنىڭچۇ مال - دۇنيانىڭ مېهرى ئىگىدۇ. ئېيتىپ باقسىلا باشقا نېمە ئامالىمىز بار؟

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى رەناخانغا بۆلەكچە مېهرىبان قىلىۋەتتى. رەناخان ئويلايتتى: مېنىڭ راستىنلا شۇنداق دونيا - ئاقىتىم بولغان بولسا ئوغلۇم مەندىن هەرگىز يىراقلاپ كەتمەيدىكەن-دە ...

رەناخان ئوغلىنىڭ بىر نەچچە قېتىم بوسۇغا تۈۋىگە زەڭ سېلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ يۈرىكى «چىممىدە» قىلىپ ئاغرىپ كېتەتتى. ئوغلىمۇ رەناخاندىن بۇ ئىشنى سوراشنى بىئەپ كۆرۈپ سورىمىدى.. سورىسا ئانىسىغا يېقىنىنىڭياقى قىلىۋاتقان خەيرىخاهلىقىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئانامنىڭ مېنىڭدىن بۆلەك نېمىسى بار، بەربىر ماڭا بېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئوغلى مۇشۇ كەملەردە ئۆزىگە ياخشى قاراۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن رەناخاننىڭ كۆڭلى يەنىلا يېرىم ئىدى. بىر خىل كۆڭۈلسىز هېسسىيات قەلبىنى چىڭ ئىگەللىۋالغانىدى. ئۇ بارغانچە ئويدانراقمۇ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئىشتىهاسىمۇ ئازلاپ كەتتى. تۇرۇسقا قاراپ ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا جىمجىت ياتاتتى. ئاسلىنى بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ يېنىدىن كەتمەي چاپلىشىپ ئولتۇراتتى.

ۋاقىت شۇ تەرىزدە ئۆتۈۋەردى. رەناخان بارغانچە ئاجىزلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. يۇسۇپ ئانىسىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەيدىغان، ئىشتىن چۈشسىلا ئانىسى ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىدىغان بولدى. ئەمما كېچىكىپ قىلىنغان بۇ كۆيۈنۈشلەر ئانىنى ئورنىدىن تۇرغۇزالمىدى. بىر ئۆمۈر يالغۇز ئوغلىنىڭ پىراقىدا كۆيۈپ، غەم دەرياسىدا ئېقىپ هالىدىن كەتكەن ئانا ئىككى ئايدىن كۆپرەك كېسەل تارتىپ يېتىپ، قەهرىتان سوغۇق باشلانغان، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى ئۇدا ئۈچ كۈن گەپ - سۆز قىلماي، بىر يۇتۇم سۇ، بىر بۇردا نان ئاغزىغا سالماي يېتىپ ئاخىرقى نەپىسىدە ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ، ئوغلى ۋە نەۋرىلىرىگە رازىلىق بېرىپلا جان ئۈزدى. يۇسۇپ قاتتىق ئازابلاندى، خۇددى ئايال كىشىدەك قوشاق قېتىپ هۆڭرەپ يىغلاپ، نامازغا كەلگەنلەرنىڭ باغرىنى ئېزىۋەتتى ...

مايسىخان مەرهۇمنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى ئۆتكەتكەن كۈنى يۇسۇپنى بىر يانغا چاقىرىپ، هېلىقى ئىشنىڭ راستىنى ئېيتتى. يۇسۇپ دەسلەپتە خۇددى بىر نەرسىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك چۆچۈپ كەتتى، لېكىن يەنە دەرهاللا ئوڭشىلىپ:


— مايسىخان ئاچا، مەن سىلىدىن خاپا بولمايمەن، ئەكسىچە خوش بولدۇم. ئانامنى ئازراق بولسىمۇ بېقىۋالدىم، — دېدى.

مەرهۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن بىتاقەت بولۇپ تۇرغان ئايالى ئاينۇر يۇسۇپتىن سورىدى:

— ئانامنىڭ كۆمۈپ قويغان ئالتۇنى بار دېۋىدىلە، هېلى پۇسۇرىنىمۇ چىقارمايلىغۇ؟

يۇسۇپ هامان خوتۇنىنىڭ بۇ گەپنى سورايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا هېچ تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، ئانام مەن ئۈچۈن بىر بايلىق، تۇرغان - پۈتكىنى ساپ ئالتۇن ئىدى، مانا ئەمدى ئۇ ئالتۇن كەلمەسكە كەتتى. مەن شۇنداق دېمىسەم ئانامغا شۇنچىلىك كۆيۈنەرمىدىڭ؟! — ئۇنىڭ ئاۋازى هەسرەتلىك هەم غەزەپلىك ئىدى.



مۇيەسسەرجان قۇربانىياز

# ئۇ، 30 يىلنى شۇنداق ئۆتكۈزدى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

1998 - يىلى 17 - ئاپرېل

— مەن بۇ ئۆيدىن تويدۇم، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئۆي، بالا دېگەن خىيالمۇ يوق، بۇنداق ئادەمگە ئۆي، بالىنىڭ نېمە كېرىكى، - دەپ كايىپ كەتتى تونۇر بېشىدا نان يېقىۋاتقان توختىخان ئەمدىلا تالادىن كىرگەن ئېرىگە قاراپ.

— كايىماڭلار خوتۇن، مەنمۇ بىكار يۈرمىدىمغۇ، تونۇگۈندىن بېرى قومتوغ تۇتتۇق، ئىش ئورنىدا ئۆزۈم تۇرمىسام بولمايدۇ، سومكامغا بىر نەچچە نان سېلىپ قويۇڭلار، - دېگىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە يېپىنچا ئالغىلى كىرىپ كەتتى.

— سىزگە نان يوق، - دېدى نان يېقىۋاتقان چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىدا «توقاچ» ياساپ ئويناۋاتقان ئارزۇلۇق نەۋرىسى مەلىكە. قاسىم جۇمە ئەتىدىن كەچكىچە ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ، چېچىنىڭ تېگىدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ئايالغا قاراپ:

— خاپا بولماڭلار ئانىسى، سىلىمۇ كۆپ جاپا تارتىۋاتىسىلەر، ھاۋاجاھان كۈندىن - كۈنگە ئىسسىۋاتىدۇ، چېچەك سۈيىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. سۇ جىددىيچىلىكى بىر ئاز پەسەيسە، ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆزۈم قىلىمەن - دېدى.

— ئۆي ئىشلىرىنىغۇ چامىمنىڭ يېتىشىچە قىلارمەن، ئۆزلىرىنى كۆپرەك ئاسرىسىلا بولاتتى. مانا، نەچچە كۈن بولدى، ئۆيگە كېلىپ بىرەر پىيالە قىزىق چايمۇ ئىچمىدىلە، رەڭگىلىرىمۇ تاتىرىپ كېتىپتۇ، سالامەتلىكلىرى تېخى ياخشى ئەمەس، ياش بىر يەرگە بارغاندا ھېمىشەم قورۇق نان غاجاپ، دەريا بويىدا تۈنەپ يۈرسىلە ئەنسىرەيدىكەنمەن، ھېچ بولمىسا بالىلار ئۈچۈن بولسىمۇ ساق تۇرۇپ بەرسىلە بولاتتى، - دېدى توختىخان ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— چاڭقىغان يەرلەر ئۇمۇمىيۈزلۈك بىر قېتىمدىن سۇغىرىلىپ تۈگىسە، قولۇم بىر ئاز بوشايدۇ، شۇ چاغدا ياخشىراق ئارام ئالارمەن ئانىسى - دېدى قاسىم جۇمە قۇچىقىدىكى نەۋرىسىنى يەرگە قويۇپ، ئاندىن يېپىنچا چاپىنى بىلەن بىر نەچچە نان سېلىنغان سومكىنى كۆتۈرگەن ھالدا چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيدىن چىققانچە دەريا بويلاپ مېڭىپ قومتوغ ياساۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئارىسىغا پەيدا بولدى. ئۇ بىرسىگە قومتوغنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرسە، بىرسىدىن تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلاتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا نەچچە قېتىم ئۆتكەنلىكىنى، قانچىلىك ئادەملەر بىلەن پاراڭلاشقىنىنى، قانچىلىك ئادەملەرگە كايىغانلىقىنى، قانچىلىك ئادەملەر بىلەن زۇكۇنلاشقانلىقىنى ئۆزىمۇ ساناپ بېرەلمەيتتى. قومتوغنى ئىشلەۋاتقانلار قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كاۋاك يېزىسىدىكى دېھقانلار بولۇپ، ئەتە ئۇلارغا سۇ تۇتۇش نۆۋىتى كېلەتتى. ئەگەر بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قومتوغ ئىشلىنىپ بولمىسا ھازىر سۇ ئىچىۋاتقان خوتەن ناھىيىسىنىڭ سېغىز كۆل يېزىسى ئاللىقانداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، سۇ قويۇپ بېرىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرەتتى - دە، ئۇيلىمىغان يەردىن كۆتۈلمىگەن جېدەلنىڭ چىقىپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. بۇنداق شارائىت قاسىم جۇمەدىن ھوشيارلىقنى، سەگەكلىكنى تەلەپ قىلاتتى. قاسىم جۇمەمۇ ھەر ۋاقىت پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، سۇنى بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە تەقسىملەيتتى. سۇغىرىش تۈزۈمىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىجرا قىلاتتى. مانا، قومتوغ پۈتتى، سۇمۇ كەلدى، قومتوغ ئالدىغا چىڭقالغان سۇنىڭ ئورنى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ

50 يىللىقتا يېغىشلانغان ئەسەر

كاۋاك يېزىسىنىڭ سۇ ئېلىش ئېغىزىغا قاراپ يامرىماقتا ئىدى. قاسىم جۇمە قۇمتۇغ ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ بىخەتەرلىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى. كۆڭلىدە قۇمتۇغنىڭ مۇكەممەل ئىشلەنگەنلىكىگە قارىتا ئىشەنچ تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، يېزا باشلىقىنى يېنىغا چاقىرىپ رازىمەنلىك بىلدۈردى. قۇمتۇغنى ئېچىش ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىشنى، سۇغىرىش تۈزۈمىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قۇمتۇغنى يىقىپ سۇنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئەتىيازلىق سۇغىرىش پىلانى بىلەن ھەر قايسى يېزا، مەيدانلارنىڭ سۇ ئېلىش نىسبىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىن ھېسابلاپ چىقىلغان جەدۋەلنىڭ «قۇمتۇغنى يىقىپ سۇ قويۇپ بېرىش ۋاقتى» دېگەن گىراپىگە قول قويدۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ سومكىسىنى مۈرىسىگە ئاسقىنىچە دەريا ئېقىنىنى بويلاپ ئاياغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ مۇشۇ ماڭغىنىچە 14 كىلومېتىر يولنى پىيادە يۈرۈپ خوتەن ناھىيىسىنىڭ سېسىق ئوت دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ ئېلىش ئېغىزى ئالدىغا قۇمتۇغ پىلانلاپ ئەمگەكچى يۆتكەشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. قۇمتۇغ ئىشلەشكە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. قۇمتۇغ پۈتۈپ سۇ چىڭقىلىپ مەيداننىڭ سۇ ئېلىش ئېغىزىغا باشلانغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ يەنە تۆۋەندىكى سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ قۇمتۇغ ئېتىشىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كېتىدۇ. ئاياغدىكى رايونلارنىڭ ئىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە باشقا يۆتكىلىدۇ. ئۇنىڭ كۈنلىرى قىشمۇ ياز مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ سۇ خىزمىتى ئىشلىگەن 30 يىلى ئەنە شۇنداق دەۋرىلىنىپ ئۆتتى.

× × ×

30 يىل — بۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىگە نىسبەتەن كىچىك سان ئەمەس. ئىنسانلار ئوتتۇرىچە ئۆمرىنىڭ ئاز پەرقلىق يېرىمى. 30 يىلنىڭ ھەر بىر كۈنىنى ئېقىن بويلاپ، قۇمتۇغ تۇتۇپ، قورۇلما ئىشلەپ، سۇ ئۆلچەش - تەڭشەش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق مۇقىم ۋاقتى، قارارى يوق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش ئاسان ئەمەس. ئىككى ئاتوم ھىدروگېن بىلەن بىر ئاتوم ئوكسىگېندىن تۈزۈلگەن بۇ سۇ دېگەن سۇيۇق جىسىمنىڭ يا كېچە - كۈندۈزى، يا بوران - چاپقۇنى، يا قىش - يېزى، يا رۇخسەت - دەم ئېلىش ۋاقتى يوق (ئۇنىڭ كەلمەسلىكىنى ياكى كەم كېلىشىنى ھېچقايسىمىز خالىمايمىز، ئەلۋەتتە)، ئۇ ياخشى باشقۇرۇلسا ئاۋام خەلققە بەخت ئاتا قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بالايى - ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا سۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن بولىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلار ئىللىق ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ سىرتلاردا تۈنەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ دېگەننىڭ يۈزى سۆرۈن، باشقۇرۇشتا سەل بىخەستەلىك قىلىنسا جېدەلنىڭ پىلتىسىگە ئوت تۇتۇشىدۇ.

قاسىم جۇمە 50 ياشلاردىن سەل ئاشقان، ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، چىرايىدىن دىدىللىق چىقىپ تۇرىدىغان خۇش پىچىم ئادەم بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىلى سەل مۈكچەيگەنىدى. ئۇ خوتەن سۇ باشقارمىسىنىڭ قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۈيىنى قاراقاش دەرياسى ئارقىلىق چېگرىلىنىدىغان خوتەن - قاراقاش ناھىيىلىرىنىڭ يېزا - مەيدانلىرىغا تەقسىم قىلىش ئورنىدا يالغۇز ئىشلەيتتى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 35 يىلدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەپ كەلگەن دېھقانچىلىق، سۇ باشقۇرۇش، سۇ تەقسىملەش ئىشلىرىغا پىششىق، باشقىلارنى يېتەكلەشكە ماھىر، قايىل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا ئۇ مەسئۇل بولغان ئىش ئورۇنلىرىدىن ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى. باشقارما رەھبەرلىرىمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولغاچقا، ئۇنى قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېزا - مەيدانلارنىڭ سۇ تەقسىملەش ئىشلىرىغا مەسئۇل تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى.

قاسىم جۇمە 1946 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ يېڭىيەر يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە كۆپلەپ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا ناھىيە مەركىزىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تاللاش ئىمتىھانىسىغا قاتنىشىپ، يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ ئوقۇشقا تاللىنىدۇ. شۇ يىللىرى قاراقاش ناھىيىسىدە ئومۇميۈزلۈك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەچكە سۇت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ

ياتقان نۇرغۇن بىنالار ئېچىلىپ مول ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرلەرگە ناھىيە تەۋەلىكىدىكى ھەر قايسى يېزىلاردىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئادەم كۆچۈرۈپ چوڭ - كىچىك ئەتىرەتلەرگە ئايرىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلىدۇ. يېزىلاردىن ساۋاتلىقلار كەمدىن - كەم تېپىلغاچقا كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەر ئىچىدە بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق قاتارلىق پۇتۇك ھېسابات ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كىشىلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. ناھىيىلىك «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش قوماندانلىق شتابى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن ئايرىلىپ بوز يەرگە «كادىر» لىققا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن قاسىم جۇمە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ماكانىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كاۋاك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەڭ چەتتىكى بىر ئەترىتىگە ئىشقا چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئەترەتكە ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بوغالتىر، كاسسىر، ئەترەت باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەترەتتە خىزمەت قىلغان 7 يىل ئىچىدىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا «كاۋاك مەيدان» «كاۋاك يېزا» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. 1967 - يىلى كاۋاك يېزىسىدا سۇ پونكىتى قۇرۇلغاندا سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دەريا ئېقىن بويلىرىغا ئۇنىڭ ئىزى چۈشۈشكە باشلايدۇ.

كاۋاك يېزىسى سۇ ئىچىش شارائىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ يېزا بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 40 مىڭ موغا يەتمەيدىغان بۇ يېزىنىڭ زېمىنىنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئوتتۇرىچە كەڭلىكى بىر كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان قاراقاش دەرياسىنى ئۈچ يەردىن نۆۋەت بىلەن ئېلىشلاپ باغلاپ، قۇمتۇغ ئېتىپ سۇ ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. قارشى قىرغاقتىكى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزا، مەيدانلىرى ۋە ئۆز ناھىيىسىگە قاراشلىق قوشنا يېزا، مەيدانلار بىلەن سۇ تالىشىپ كۈنىگە نەچچە قېتىم يۈز بېرىدىغان جېدەل - ماجىرالار بۇ يېزىنىڭ سۇ ئىچىش شارائىتىنىڭ نەقەدەر ناچارلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرىلغۇ يەرلىرى تارقاق، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى يۈرۈشلەشمىگەن، سۇ پونكىتىغا سەپلەپ بېرىلگەن خادىملارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولغاچقا، دەريادىن مىكىبىر مۇشەققەتتە باشلىغان سۇنى جايىدا تۇتۇپ ئىچەلمەيدىغان ئەھۋاللار دائىم دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇنداق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، تەبىئىي شارائىت قاسىم جۇمەدىن ئىبارەت يېڭى قۇرۇلغان پونكىتنىڭ باشلىقىنى كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئۇ، ئىزدەندى. ئىزدەنگەندىمۇ ئەتراپلىق ئىزدەندى. قەدەمنى قارشى قىرغاقتىكى يېزا، مەيدانلار ۋە قوشنا يېزا - مەيدانلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن باشلاپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى تەقسىملەش، باشقۇرۇش توغرىسىدا تۈزۈپ تارقاتقان 64 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ناھىيە، يېزىلار ئارا سۇ تالىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان جېدەل - ماجىرالارنىڭ قېتىم سانىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى. نەتىجىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يۈز قېتىمدىن ئارتۇق جېدەل چىقىدىغان ئېقىن بويىدا تەدرىجى تىنچ، ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، سۇ ئايرىشتىكى قىيىن ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىلدى. بۇ ھال خوتەن دەريا باشقارمىسىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق سۇ تەقسىملەش خادىملىرىنىمۇ ئۇڭايلىق تۇغدۇردى. ئۇ ئىككىنچى قەدەمدە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رەتلەشنى، تەرتىپكە سېلىشنى ئويلىدى. لېكىن ئۇنىڭ يېزىسىدا ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى پىلانلىغۇدەك، سۇ ئايرىش قۇرۇلمىلىرىنى لايىھەلىگۈدەك ئادەم يوق ئىدى. بۇنداق ئادەم ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدىمۇ ناھايىتى كەم تېپىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك قۇرۇلۇش قىلىشقا يېزىنىڭ ئەمگەك كۈچى، مالىيە جەھەتتىكى ئەھۋالى يار بەرمەيتتى. ئۇ بۇ پىلانىدىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچتى. لېكىن، ئېلىشبېشىدىن ئېتىزغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رەتلىمەي، سىڭمەسلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللانماي تۇرۇپ، يېزا خەلقىنىڭ سۇغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇ بوش ۋاقىت تاپسىلا ناھىيىگە قاتراپدىغان بولىۋالدى. ئاخشاملىرى تېخنىك خادىملارنىڭ ئۆيىدىن چىقمىغانچىلىك قىلاتتى. بەزىدە تېخنىك خادىملار ئۆلچەش قىلىۋاتقان،

قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلىنىۋاتقان يەرلەرگە پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇلاردىن ئېرىنمەي سوئال سوراپ خاتىرە قالدۇراتتى. قولىغا تېخنىك خادىملارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىتىكى كونسپېكلىرى چىقىپ قالسا گۆھەر تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كېتەتتى - دە، قارا چىراغ يورۇقىدا كېچە - كېچىلەپ مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ كۆچۈرىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدى، تىرىشچانلىق، ئىزدىنىش ئۇنىڭغا بىلىم ئاتا قىلدى. ئۇ ئۆز بىلىمىنى ھۇپۇپتەك ئىچىدە سېستىۋېتىشنى خالىمايتتى. شۇڭا بىر ياقتىن سۇ پونكىتىدىكى خادىملارغا ئۆگەتسە، بىر تەرەپتىن يېزىنىڭ يەر، تۇپراق قاتارلىق تەبىئىي شارائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەتراپلىق قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزەتتى. يېزىمىزنىڭ پۇلات چىۋىق، سېمونت سېتىۋالغىدەك قۇدرىتى يوق، ئۇدۇلىمىزدىكى دەريادىن، قۇمدىن باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىيالى تېپىلمايدۇ. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈنمۇ شاخ - شۇمبا ئىشلىتىمىز. تاش، شېغىللارنى 315 - نومۇرلۇق دۆلەتلىك تاشيولغا سېلىنغان كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرى قىسمىدىن يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ. يېزىمىزدىن تراكتور تۆگۈل ئېشەك ھارۋىسىمۇ كەمدىن - كەم تېپىلسا، 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىن تاش، شېغىل يۆتكەش ... ئۇ خىيالنى داۋاملاشتۇرالمىدى. داۋاملاشتۇرالمىدى ئەمەس، داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىر كۈنى ئۇ يېڭى قۇرۇلغان لەمپە سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىنى كۆتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقاندا ھال سوراش ئۈچۈن كەلگەن يېزا باشلىقى، مەملىكەتلىك ئەمگەك قەھرىمانى قۇربانىنىياز ئاخۇنىياز ئامبار سۈيىنىڭ داۋالغۇپ دامبىنى چېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دامبا ئالدىغا ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. بۇ يېزىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا باب مۇداپىئە چارىسى ئىدى. ئىش ئورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى يېزا باشلىقىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. قاسىم جۇمە بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى. ئەمدى ئۇ خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايتتى. خىيالىنىڭ يەكۈنى چىقتى. ئۇ پىلانلىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىنى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئىشلەش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئامبار قېشىنىڭ ئالدىغا قوللانغان ئۇسۇلنى ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە قوللىنىشقا تامامەن بولاتتى. بىر قانچە ئاي جاپالىق ئىزدىنىپ ئېلىشىپ يۈرۈپ، ئىشلىتىشتىن شاخ ئېرىقچە بولغان ھەر قايسى سۇ يوللىرىنى مۇقىمدالغان سۇغىرىش كۆلىمىگە ئاساسەن دەرىجىسى بويىچە ئىشلەپ قىنىغا چىم ياتقۇزۇپ يۈزلەش، سۇ بۆلۈش قۇرۇلمىلىرىنى ياغاچتىن مۇكەممەل، نەپىس، ئىشلىتىشكە قولايلىق قىلىپ لايىھىلەپ ئىشلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، يېزا رەھبەرلىرىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇندى. ئۆستەڭ قىنىغا چىم ياتقۇزۇلسا ھەم قاش چېقىپ كەتمەسلىكىنىڭ، ھەم سۇ سىڭىشىنىڭ ئالدى مەلۇم دەرىجىدە ئېلىناتتى. ئۇنىڭ پىلان لايىھىسى ئالدىن كۆرەر يېزا رەھبەرلىرىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن يېزا بويىچە ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، 3 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىنشائاتلار ئىشلىنىپ پۈرۈشلەشتى.

ئۇ، ئۈچىنچى قەدەمنى سۇ باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈشتىن باشلىدى. يېزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باب، دېھقانلار ئاممىسىمۇ قوبۇل قىلالايدىغان سۇغىرىش تۈزۈمى تۈزۈپ، ھەر قايسى سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ سۇ تەمىنات نورمىسىنى بەلگىلىدى. تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئاساس قىلىپ سۇ ئىشلىتىش پىلانىنى تۈزدى. يەر تۈزلەش، تاختىلاش، قىرلاش قاتارلىق نازۇك تەرەپلەرگىمۇ ئۆلچەم، چەك قويۇپ سۇ ئىسراپ بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالدى. سۇ باشقۇرۇشتا مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى قوللىنىپ سۇنى تېجىگەن ئورۇنلارنى مۇكاپاتلىدى. سۇنى سۇ ئىشلىتىش پىلانىدىكىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەتكەنلەرنى جازالىدى. جازا، مۇكاپاتمۇ سۇغا باغلانغانىدى. سۇنى تېجەپ ئىشلەتكەنلەر سۇ بىلەن مۇكاپاتلىناتتى، ئىسراپ قىلغانلار سۇ بىلەن جازالىناتتى. بەلگىلەنگەن تەمىنات نورمىسىدىن ئاز سۇ ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئىقتىساد قىلغان سۈيى كېيىنكى قېتىملىق سۇغىرىشتا قوشۇپ بېرىلەتتى، كۆپ ئىشلەتكەنلەرنىڭ تۇتۇپ قېلىناتتى. ئىقتىسادچانلىق بىلەن سۇغىرىش قىلغانلار زىرائەتلىرىنى تۆت قېتىمدىن ئاشۇرۇپ سۇغارسا، سۇنى باشقۇرۇشقا سەل قاراپ ئىسراپ قىلغانلار ئۈچ قېتىمغىمۇ يەتكۈزەلمەيتتى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتە - ئۆتمەي دېھقانلار ئاممىسى سۇغىرىش

قېتىم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن چىقىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۇغا بولغان تونۇشى بىرلىككە كېلىپ، سۇ ئىشلىتىش ئېڭى ئۆستى. بۇ جەھەتتە ئۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇقراق يەتكەنىدى. دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تونۇشى ئۆسۈپ پىلانلىق سۇ ئىشلىتىشنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ نۇرغۇن زىددىيەتلەرگە ئۇچرىدى. تىل ـ ھاقارەت ئاڭلىدى. ئۇ بۇنداق ئىشلارغا پىسەنت قىلماي ئۆز ئىشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋەردى. ئۇ پونكىتتىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن سۇغىرىش تۈزۈمىنى تەۋرەنمەي قاتتىق ئىجرا قىلىشنى، دېھقانلار بىلەن بولغان دەتالاشتا سوغۇققان بولۇپ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئېرىنمەي چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار بىلەن قۇرۇلۇش ئىشلىگۈچىلەر، سۇ بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن سۇ ئىشلەتكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا پات ـ پات سۈركىلىش يۈز بېرەتتى.

بىرىنچى ھېكايە

1971 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى. يېزا بويىچە قوزغالغان ئەمگەكچىلەر لەمپە سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ چىقىرىش ئۆستىڭىنى قايتا ئىشلەۋاتاتتى. روزى مەمەت، ھاشىم قاراساي قاتارلىق كىشىلەر ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئىشلەش ئۈياقتا تۇرسۇن، بەلكى «ئۆستەڭگە چىم ياتقۇزۇش ئەخمەقانىلىق، بۇ قەستەن ئىنقىلاۋىي ئاممىنى قىينىغانلىق …» دەپ جار سېلىپ، بەس ـ بەس بىلەن ئىشلەۋاتقان دېھقانلار ئاممىسىنى قاسىم جۇمەنىڭ «چېكىدىن ئاشقان خۇسۇسىيلىقىنى» پىپەن قىلىشقا چاقىردى. ئىسپىي كۆرۈش ئېڭى يۇقىرى بۇ چاكىنىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى، مۇشتۇملىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شوئار توۋلاشلىرى ئاممىنى كۈرەش مەيدانىغا تارتىپ كېلەلمىدى. ماۋجۇشىنىڭ «سۇ ئىنشائاتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى» دېگەن سۆزى كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغان، ئۆستەڭ چاپقان، كۆل كولىغان، قۇدۇق قازغان، كۆۋرۈك سالغاننىڭ ساۋابلىق دەرىجىسىنى ئەلمىساقتىن تارتىپ بىلىدىغان ئاما پاتقاق لاي، چالمىلار بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ، توپا لاي دەستىدىن چىرايىنى تونۇغۇسىز قىلىۋەتتى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەن «خۇسۇسىيلىقنى پىپەن قىلىشنىڭ باشلامچىلىرى» بەدەر تىكىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان قاسىم جۇمە ھاياجان ئىلكىدە كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

ئىككىنچى ھېكايە

1972 ـ يىلى ئەتىيازدا، لەمپە سۇ ئامبىرىدىن سۇ چىقىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۇ بۆلۈش ئورۇنلىرىغا ياغاچتىن ياسالغان توما ـ تاقاقلار بېكىتىلىۋاتاتتى. يېڭىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاتا كەسپى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئەترەتكە قايتقان مەتنىياز ئىسمىلىك ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭ يىگىت:

— جاھان كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆستەڭلەرگە ياغاچتىن قۇرۇلما ياساپ نېمە قىلىمىز، بۇ كونىلىقنى تەرغىپ قىلغانلىق ئەمەسمۇ. فىزىكا مۇئەللىمى بىزگە ياغاچنىڭ سۇدا چىرىيدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگەن، ياغاچ چىرىپ كەتسە مىڭ بىر مۇشەققەتتە قىلغان ئىشىمىز بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەخمەقانىلىق قىلغاندىن كۆرە مەلۇم مەزگىل كۈتسەك ھۆكۈمەت سېمونتتىن سېلىپ بېرەتتى ئەمەسمۇ، ـ دەپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق سۇ سەپتى.

— دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق ئۇكا، ھۆكۈمەتتە-مىز سېمونتقا چىقىنىپ بىزگە توما سېلىپ بېرىپ بولغىچە يەرلىرىمىزنى سۇغارمامدۇق؟ ھەممە ئىشتا ھۆكۈمەتكە ئېسىلىۋالساق قانداق بولىدۇ؟ ئۆز كۈچىگە تايىنىش دېگەن مانا مۇشۇ. ياغاچ قۇرۇلمىلار چىرىپ بولغىچە دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىپ نۇرغۇن سېمونت، پولات زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياجىمىزنى قامدايدۇ. خەلقىمىزنىڭمۇ تۇرمۇش

سەۋيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. قالغان ئىشنى شۇ چاغدا قىلمامدۇق؟! ئۈمىدۋار بول ئۇكا، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قۇرۇلمىلىرىمىز ھازىرقىدەك قالاق ھالەتتىن زامانىۋى ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممىمىزدە ئىشەنچ بولۇشى لازىم. بۇ ئىش ئىدىيىگىدىن ئۆتسۇن - ئۆتمىسۇن ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنۇپ ئىشلىشىڭ كېرەك. چۈنكى بۇنداق ئىشلەشنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئورۇنلاشتۇرغان، - دېدى قاسىم جۇمە. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ۋە ئىش ئورنىدىكى مۇيسىپىتلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن مەتنىياز ۋە ئۇنىڭدەك قاراشتىكىلەر ئۆز قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىجاندىل بويسۇنىدىغان بولدى، ئىلگىرى ئالدىراقسانلىق قىلىپ دېگەن گەپلىرى ئۈچۈن قاسىم جۇمەدىن كەچۈرۈم سوراشتى.

ئۈچىنچى ھېكايە

— سۇنى خۇدايىم بەرگەن، يېرىمنى قانداق سۇغارسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى، ھەر قايسىڭ ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە ئىشىك بېكىتىپ، قۇلۇپ سېلىپ، بەندىلەرنىڭ رىسقىغا چاڭگال سېلىۋاتىسەن، سەنلەرنىڭ دەردىدە ئالقانچىلىك يېرىمنىمۇ ھۆل قىلالمىدىمەن ئەمدى، ھۇ قاغىش تەككۈرلەر…

— ئادەمگە ئۇنداق ھاقارەت قىلمىسىلا، مەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىۋاتىمەن…

بۇ 1972 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا كاۋاك ئۆستىڭىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بويىدىكى «چىنەگۈل» دېگەن يەردە بىر تول ئايال بىلەن سۇ پونكىتىنىڭ سۇ ئۆچۈرۈشكە مەسئۇل خادىمى دۆلەت ماخمۇت ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرا ئىدى. بۇ يەردە بۇغدايغا بېرىلىدىغان بىرىنچى قېتىملىق سۇ باشلىنىۋاتاتتى. تول ئايال ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قورۇسىدىكى قوناق تېرىش ئۈچۈن تەييارلىغان ئاق يېرىگە سۇ باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن دۆلەت ماخمۇت ئۇنىڭ قورۇسىغا سۇ كىرىدىغان ئېغىزىنى ئېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا بۇنداق شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ، نۆۋەتتىكى سۇنىڭ بۇغدايغا بېرىلىدىغان مەخسۇس سۇ ئىكەنلىكىنى، قوناق يېرى بۇ قېتىمقى سۇغىرىشنىڭ ئوبيېكتى ئەمەسلىكىنى، قوناق يېرىگە سۇغىرىش نۆۋىتى كەلگەندە سۇ بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تەرسا ئايال ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سالماي ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سۇ باشقۇرغۇچىلارنى قاباھەتلىك گەپ - سۆزلەر بىلەن تىللايدۇ، قاغايدۇ. قاسىم جۇمە ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىدۇ - دە، خۇدانىڭ سۇنى مۇشۇ ئېقىن بويىدا ياشاۋاتقان بارلىق بەندىلەرنىڭ ئورتاق ياشىرىشى ئۈچۈن بەرگەنلىكىنى، بەندىلەرنىڭ رىسقىنى خالىغانچە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئىلمي ئىدىيىسىگە خىلاپ ھالدا «موللامچىلاپ» چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تول ئايالنىڭ ھەيۋىسى پەسكارىغا چۈشىدۇ.

كاۋاك يېزىسىدا سۇ پونكىتى قۇرۇلغاندا پونكىت ئىشخانىسى ئۈچۈن يېزا ئورگىنىدىن بىر ئېغىز ئۆي بېرىلگەنىدى، ئىشخانا پونكىتتىكى يىگىرمە نەچچە خادىم ئۈچۈن تولىمۇ تارچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن زۆرۈر كېرەك بولىدىغان ياغاچ، شاخ قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى قويۇش ئۈچۈنمۇ مۇقىم يېرى يوق ئىدى. ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە بەل باغلىدى. قىش كۈنلىرىدىكى سۇغىرىشنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، سۇ پونكىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ئاچچىق ھىد چىقىپ تۇرىدىغان تاقىر دۆڭلەرنى تۈزلەپ يۈز مودىن كۆپرەك يەر ئېچىپ، سۇ پونكىت ئورگىنى سالدى، باغ - ۋاران يەتكۈزدى، ئۆستەڭلەرنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلىرىنى تاللاپ ئالتە يەردە تۈگمەن ماڭغۇزدى. تۈگمەن ۋە باغ - ئورمانلاردىن كىرگەن كىرىملەرنى توپلاپ ئىشەكتىن بەشنى سېتىۋېلىپ، قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، پونكىتنىڭ ئىگىلىكى يىلدىن - يىلغا زورايدى. سۇغىرىش تۈزۈمى يىلدىن - يىلغا مۇكەممەللەشتى.

بىزدە «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. كاۋاك

خەلقى قاسىم جۇمەدىن ئىبارەت سەركەردىسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ھەممىلا يەردە ئۇنىڭ نام - تۆھپىسىنى قىلدى، ئۇنىڭغا ئىلاھقا چوقۇنغاندەك چوقۇندى. دېمىسىمۇ ئايدا ئىككى جىڭدىن ئاق ئۇن بىلەن تەمىنلىنىدىغان بۇ مۆمىنلەر نورمىسىنىڭ قىرىق پىرسەنتىگە ئاق ئاش يېيەلەيدىغان ھالغا يەتكەن ئىدى. ئۇلار بۇنى سۇنىڭ ياخشى باشقۇرۇلغانلىقىدىن دەپ قارايتتى. شۇڭا 1984 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۇنىڭ خىزمىتىنى بىۋاسىتە خوتەن دەرياسىدىن سۇغىرىشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىغا يۆتكىگەندە قىيمىغان ھالدا كۆز يېشى قىلىشقانىدى.

قاسىم جۇمە خوتەن دەرياسىدىن سۇغىرىشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن تەشكىلدىن ئۆزىگە ھەممە ئەھۋالى تونۇشلۇق بولغان قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇ تەقسىملەش ئورنىغا بەلگىلەشنى قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلدى. تەشكىل ئاخىرى ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى. ئۇ يېڭى ئىش ئورنىغا — باشقارما ئورگىنى جايلاشقان خوتەن شەھىرىدىن يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەشۇ تونۇش سەھراغا ئىشقا چۈشتى. ئۇ كاۋاك يېزىسىدىكى قورۇ جايىغا تارتىشىپ شۇنداق قىلدىمۇ؟ ياق. ئۇنىڭ بۇ يەردە دېھقانلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئۈچ ئېغىزلا ئۆيى بار. خوتەن شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى بولغان جەنۇبىي بوستان يولىدىكى باشقارما ئورگىنىنىڭ ئىشخانا، ئولتۇراق ئۆيلىرىگە كۆنەلمىدىمۇ - يا؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئۇلۇغۋار نىشان پۈكۈلگەنىدى. ئۇ كاۋاك يېزىلىق سۇ پونكىتىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە قوشنا يېزا، مەيدانلار ئارا يۈز بېرىدىغان جېدەل - ماجىرانىڭ ئالدىنى ئالغان بولسىمۇ، بىراق چەت يېزا، مەيدانلاردا يەنە دائىم دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدىغان جېدەل - ماجىرالارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئامالسىز ئىدى. قاسىم جۇمە بۇنداق جېدەل - ماجىرالارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىچىلا جىلە بولۇپ تىتىلداپ كېتەتتى. دېمىسىمۇ بىر يېزا سۇ پونكىتى باشلىقىنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان يېزا - مەيدانلارنىڭ جېدەل - ماجىرا ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا نەدىمۇ ھوقۇقى بولسۇن؟ مانا ئەمدى تەشكىل ئۇنىڭغا ھوقۇق بەردى. قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بويىدىكى قاراقاش دەريا سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان 100 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ سۈيىنى بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە ئادىل تەقسىم قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. ئەمدى ئۇ ھەممىگە ئارىلىشالايتتى. پۈتۈن ئېقىن بويىدا تېنچلىق، ئىتتىپاقلىق مارشى ياڭرىتىش ئۇنىڭ نىشانى ئىدى.

تارىختىن بۇيان، ۋۇجۇدىدىن چىققان ئابى زەمزەملىرى بىلەن خوتەن بوستانلىقىنى ياشناتقان خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلغۇچى غوللۇق ئېقىننىڭ بىرى بولغان قاراقاش دەرياسى ئىككى قىرغاقتىكى خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرىنىڭ 800 مىڭ مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ كۆلىمىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. يۇقىرى ئېقىن قىسمىغا قۇرۇلغان ئېلىشبېشى تومىسى ئارقىلىق ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ سەككىزدىن يەتتە قىسمى سۇغىرىلىدۇ. قالغان بىر قىسىم كۆلەم — خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن سۇ ئىچىدىغان قىسمى ئېلىشبېشى تومىسىدىن ئاياغ ئېقىنىدىكى ۋاقىتلىق ئېلىشبېشى قىلىنىدىغان قۇمتۇغلارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەريا قىنىدىن سىزىپ چىققان سىزما سۇلار بىلەن سۇغىرىلىدۇ. مۇشۇ سەككىزدىن بىر قىسىم كۆلەمنى سۇغىرىش ئۈچۈن سېغىز كۆل، مىياڭغۇجا، ئەلەم بۇلۇڭ، سېسىغ ئوت، كۇيەك ئېغىل، يېڭى يەر، لەمپە، دىڭكۆل، كاۋاك، تۇزلۇق ئۇتاغ قاتارلىق يېزا، مەيدانلار ئۆز ئۇدۇلىغا خۇددى دۇتارغا پەدە باغلىغاندەك قۇمتۇغ ئېتىپ ئېلىشبېشى ھاسىل قىلىدۇ. يىراقتىن توپا يۆتكەش ئەپسىز بولغاچقا، ئېلىشبېشى قۇمتۇغى دەريا ئىچىدىن يىغىۋېلىنغان قۇملار بىلەن ئىشلىنىدۇ. تۇغ يۈزىنىڭ سۈيۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدى - كەينى تەرىپىگە شاخ

-شۇمبا بېسىلىدۇ. بەلكىم «قۇمتۇغ» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك. ئەگەر دەرياغا كەلكۈن كەلمىسە ئىدى، بۇ بىچارىلەر يىلىغا نەچچە قېتىمدىن قۇمتۇغ ئېتىپ يۈرمەي مەڭگۈلۈك دامبىلارنى ياسىغان بولاتتى. سۇغىرىش شارائىتى شۇنچىلىك قىيىن بولغان بۇ سۇغىرىش رايونلىرىغا سۇ تەڭشەپ، ھەممە تەرەپنى رازى قىلىش ئاسانغا توختىمايتتى. يېڭى يەردىن تۇزلۇق ئۇتاغىقىچە بولغان 85 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى 11 ئېغىزنىڭ خوتەن ناھىيىسى تەرەپتىكىلىرىگە دەرياغا كەلگەن سۇنىڭ 40 پىرسەنتى، قاراقاش تەرەپتىكىلىرىگە 60 پىرسەنتى تەقسىم قىلىنىدىغان بەلگىلىمە بولغاچقا، سۇنى كېچە - كۈندۈز ئۆلچەپ تەقسىمات قىلىشقا توغرا كېلەتتى. تەقسىمات جەريانىدا سۇ تەقسىملىگۈچى ئازراق بىپەرۋالىق قىلىپ قويسا جېدەل - ماجىراغا ئاساس سېلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريا بويىدا راۋان يول بولمىغاچقا ئات، ئېشەكتىن باشقا قاتناش قورالى بۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ماس كەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باشقارمىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە بۇ يەردە خىزمەت قىلىش ئەڭ جاپالىق دەپ قارىلاتتى. مانا مۇشۇ جاپالىق خىزمەت ئورنىغا قاسىم جۇمە كېلىپ ئىشقا چۈشتى.

ئۇ، كاۋاك يېزىسىدا ئىشلىگەن مەزگىلىدە سۇ ئېلىش جەھەتتىكى بىر قاتار پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش ئاساسىدا قوشنا يېزا، مەيدانلار بىلەن چىقىشىپ، كېلىشىپ ئىشلىگەچكە ئېلىش بېشىدىكى جېدەل - ماجىرالار تەدرىجى ئازايغانىدى، يېڭى ئىش ئورنىدىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئىزدەندى. سوھبەتلىشىش، كېلىشتۈرۈش ئارقىلىق غول ئۆستەڭ لىنىيىسىنى بىرلەشتۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆستەڭلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلىدىكى 11 سۇ ئېلىش ئېغىزىنى 9 غا قالدۇردى. ئېلىشبېشىدىكى بۇ ئىسلاھات خەلقنى ئىككى ئورۇندىكى قۇمتۇغنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلدى. ئۇ يەنە سۇ ئۆلچەش ۋاقتى، سۇ ئۆلچەش ئۇسۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سۇ تەقسىمات ئىشلىرىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى سۇ ئېلىش ئېغىزلىرىدا سۇ تەقسىماتىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىق سەۋەبىدىن يۈز بېرىدىغان جېدەللەرنىڭ قېتىم سانى كۆرۈنەرلىك ئازلىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا تارىختا بىرەر كۈن جېدەلسىز ئۆتمىگەن ئېقىن بويى قايناپ تۇرغان قازانغا تۇز قۇيغاندەكلا جىمىپ جېدەلدىن خالىي بولۇپ قالدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىدى. قۇمتۇغ ئېتىشكە رىياسەتچىلىك قىلىشتىن، سۇ ئۆلچەپ تەقسىم قىلىشقىچە بولغان نازۇك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىدى. مەيلى كېچە، مەيلى دەم ئېلىش كۈنلىرى بولمىسۇن ئېقىم بويىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ئۇنتۇغان ئىدى.

تۆتىنچى ھېكايە

1987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كويىكئېغىل دېگەن يەرگە ئەتكەن قۇمتۇغ ئۇشتۇمتۇت تېشىلىپ، ئەندەپ يار ئېلىپ كېتىدۇ. قاسىم جۇمە باشقىلارنى شاخ، توپا تاشلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى يارغا سەكرەپ چۈشۈپ كۆكسى بىلەن شاخ شۇمبىلارنى توسۇپ تۇرىدۇ.

زىمىستان قىشتىكى جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق سۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزلاتسا، مۇز پارچىلىرى ئېچىرقىغان چىلبۆرە تۇپىدەك ئەت - يېنىنى غاجىلايتتى. ئارىدىن بەش مىنۇت، ئون مىنۇت ... بىر سائەت، ياق ئىككى سائەت ئۆتتى. جىددى جەڭ نەتىجىسىدە قاش يېرىپ چۈشۈۋاتقان بەڭۋاش سۇ تىزگىنلەندى. بىراق قاسىم جۇمە ياردىن ھوشسىز ھالەتتە تارتىپ ئېلىندى. ئاممە ئۇنى چاقماق تېزلىكىدە دوختۇرخانىغا يۆتكىدى. ئۇ تۆت سائەتلىك جىددى قۇتقۇزۇش نەتىجىسىدە ھوشىغا كەلدى.

قاسىم جۇمە خىزمەت جەريانىدا پەقەت ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمىدى. يۇرتۋازلىق قىلمىدى. بىر قېتىم قاراقاش ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇسۇپ ناسىر: «قاسىم

ئاخۇن، سىز تۇغۇلما قاراقاشلىق، قاراقاش سىزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بىرەر قىيىنچىلىقىڭىز بولسا بىز ھەل قىلايلى، سۇ تەقسىماتىدا ناھىيىمىز تەۋەلىكىدىكى يېزا، مەيدانلارغا ئوخشاش كۆزىڭىز بىلەن قارىسىڭىز» دېگەندە قاسىم جۇمە: «مەن مەيلى نەلىك بولماي، مۇشۇ ئېقىندىن سۇ ئىچىدىغان بارلىق خەلققە ئورتاق چاكار، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلىگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھەق ئىش قىلىش مېنىڭ قېنىمغا سىڭگەن ئادەت، ۋۇجۇدۇم ئادىل تارازا» دەپ كەسكىن رەددىيە بېرىدۇ. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن ھاكىمى، كاۋاك يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى يولداش ئەسقەر نەمتۇللا قاتارلىق يېزا رەھبەرلىرى بىر نەچچە قېتىم قاسىم جۇمەدىن ئۆز يېزىسىغا بەلگىلەنگەن نىسبەتتىن سىرت يەنە مەلۇم مىقداردا سۇ بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورۇنسىز تەلەپلىرى قاسىم جۇمەنىڭ قايتا - رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن غەزەپلىنىپ: «زېمىنىمىزدا ئولتۇرۇپ يېزىمىزغا كۆڭۈل بۆلمىگەندىكىن ئۆي - ماكانىنى كۆچۈرۈپ كەتسۇن» دەپ تەھدىت سالىدۇ. قاسىم جۇمە بۇنىڭغا قىلچىلىكمۇ ئېرەن قىلمايدۇ، ئۆي - ماكانىنىمۇ كۆچۈرۈپ كەتمەيدۇ. بەلكى ئۇلارنى ئالايتەن ئېلىشىشقا چاقىرىتىپ ئەكىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ ئورنىڭلاردا بولغان بولسام مەنمۇ شۇنداق دېگەن، شۇنداق قىلغان بولاتتىم. ھېچقايسىمىزدا شەخسىي غەرەز يوق، سىلەر يېزاڭلاردىكى خەلقنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر، مەن ئېقىن بويىدىكى بارلىق خەلقنىڭ غېمىنى يەيمەن. سىلەرگە سۇنى كۆپ بېرىش بەدىلىگە باشقىلارنى قاقشاتسام مېنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى نەپسانىيەتچى مىراپ - بەگلەردىن نېمە پەرقىم بولىدۇ؟ سىلەر ھەر ئىشتا ئومۇمىي خەلق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىشىڭلار كېرەك» دەيدۇ. ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىجالەتچىلىك ئىچىدە قاسىم جۇمەگە ناماقۇل بولۇپ كەچۈرۈم سورايدۇ.

قاسىم جۇمە خىزمەت شارائىتى شۇنچە ناچار ئورۇندا ئىشلەپمۇ قىلچە ۋايساپ باقمىدى. ئىشلىگەنلىرىنى پەش قىلىپ تەشكىلگە ئورۇنسىز تەلەپ قويمىدى. باشقارمىدىكى كەسپىي خادىملارنىڭ يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۆزى قانچە جاپا تارتسىمۇ ياردەمگە ئادەم تەلەپ قىلمىدى. ئېقىن بويىدىن تېپىۋالغان ئاشقازان ياللۇغى، رېماتىزىم قاتارلىق كېسەللەر ئۇنى ھەر قانچە قىينىسىمۇ شەھەرگە بارغاندا دورا دۇكانلىرىدىن سېتىۋالغان دورىلارنى يەپ خىزمىتىنى چاندۇرماي قىلىۋەردى. باشقىلار ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرسە ئۇ رەت قىلاتتى. شۇنچە چىداملىق، شۇنچە غەيرەتلىك بولغاچقىمىكىن كىشىلەر ئۇنى «پولات ئادەم» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئۇ يېزىدا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا خىزمەت نەمۇنىچىسى بولۇپ ھەر يىلى 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن بولسا، باشقارمىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، خىزمەت ئىلغارى بولۇپ باھالىنىپ كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى.

مەن ئۇنى ئىزدەپ كىرگەندە تاملاردىكى ئېسىلىشىپ، قارىداپ كەتكەن تەقدىرنامىلارغا كۆزۈم چۈشكەندى. بىردىنلا مەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن قاتناشقان 93-، 94-، 95-، 96-، 97- يىللىرى يىل ئاخىرىدىكى خىزمەت خۇلاسە يىغىنلىرىدا ئۇ ئالغان مۇكاپات، شەرەپ گۇۋاھنامىلىرى ئۇچۇن چالغان چاۋاكلىرىم ئېسىمگە كەلدى.

× × ×

ئۇ سېسىغ ئوت دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ ئېلىش ئېغىزىغا كېلىپ توختاپ، يىراقتىن ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان چېكىت - چېكىت ئەمگەكچىلەرگە بويۇنداپ قارىدى. ئاندىن كۆك قۇم ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سومكىسىدىن يۇزىگە پىياز بىلەن كۇنجۇت سېپىپ يېقىلغان ناندىن بىرنى ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# ئەپچىل چارە

**خېربېرت راننىڭ (گېرمانىيە)**

ئىزابېل ئايالىغا سوۋغا ئالىدىغان بىر ئەپەندىنى كۈتۈۋالدى. بۇ ئەپەندىم كىتابخانىغا تولۇق سەپسالغاندىن كېيىن:

— كىتابلار كۆپ ئىكەن، — دەۋەتتى.

— يارىغۇدەك كىتاب تېپىپ بېرەلەيمىز، - دېدى ئىزابېل، — ئايالىڭىز قانداق كىتابلارغا قىزىقىدىكىن؟

— ھىم ... بۇ مۇھىم ئەمەس، ئۇنىڭ قانداق كىتابقا ئېھتىياجى چۈشكەنلىكىنى ئۆزۈم بىلمەن. تاماق ئېتىشكە ئائىت كىتابلار قەيەردىكىن؟

ئىزابېل بۇ ئەپەندىم بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. كىتابخانا خوجايىنى پالمېرى ئەپەندىم كەلدى ۋە:

— تېلېفون، شۇمان خانىم، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئېزابىل خېرىدارنى كۈتۈشنى خىزمەتدېشىغا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، خوجايىنىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

— كىمدىن كەپتۇ؟ - سورىدى ئېزابىل.

— بۇرۇنقى ئېرىڭىزدىن كەلدىمىكىن.

— ھە ... — دەپلا توختاپ قالدى ئېزابىل ھەيران بولۇپ.

— ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىڭىز يوقمۇ نېمە؟، — سورىدى خوجايىن ئېزابىلدىن.

— نېمە ئىشلىكىنى ئۇ دېمىدىمۇ؟

— ياق، ئۇ ئايالىم بىلەن سۆزلەشسەم بولامدۇ، دېگەن گەپنىلا قىلدى.

ئېزابىل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

—ۋەي، - ئۇ بۇرۇنقى ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئېتىك ئىكەنلىكىنى سىزىۋالغىلى بولاتتى.

— سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويمىسامكەن دەيمەن، - تېلېفوندىن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، — قورققاندىكى ھالىتىڭىزنى كۆرگەندەك بولىۋاتىمەن. ھازىرمۇ قورققاندا قاپقىڭىزنى تۇرەمسىز؟

— قورققاندا قاپقىمىنىڭ تۈرىلىدىغان ياكى تۈرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ھازىر قورقمىدىم، بەلكى ھەيران قېلىۋاتىمەن، - دېدى ئېزابىل زەردە بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ.

تېلېفوندىن يەنە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەيران قالغان چاغدىكى قىياپىتىڭىز ھېلىمۇ ئېسىمدە، ھاياجانلانغانلىقىڭىز كۆزىڭىزدىن بىلىنىپلا تۇرىدۇ، سىزنىڭ.

ئېزابىل رەنجىدى.

— ئېيتىڭە، سىز زادى نېمە قىلماقچى؟

لېكىن، ئالبېرتنىڭ ئاۋازىدىن سەممىيلىك ۋە جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— ئەركىنلىكىمنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا چەكلاۋاتىسىز، - ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بىر ئاز قەتئىيلەشتى، — سىز بىلەن سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ، ئېزابېل، ئىنتايىن مۇھىم ئىش بار ئىدى، چۈشلۈك تاماقتا مەن بىلەن بىرگە بولالامسىز؟ - ئۇ كۈلۈۋېرىپ ئېزابېلنى سۆزلەتمىدى، — ھازىر غەزەپلىنىۋاتقانسىز، - دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — بۇ سىزگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ، مەنمۇ شۇنداق بولۇشقا بەكمۇ خۇشتارمەن. قانداق، بارامسىز؟، - ئۇ ئېزابېلنى ئۆزلىرى دائىم بارىدىغان رېستورانغا تەكلىپ قىلدى.

ئېزابىل بىر قارارغا كېلەلمىدى.

— زادى قانداق مۇھىم ئىش ئۇ؟ — گۇمان بىلەن سورىدى، تېلېفوندىن يېنىك كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىدى ئېزابىل.

— بۇنىڭ سەۋەبىنى تېلېفوندا سىزگە دېيەلمەيمەن، بەزى ئىشلارنى ئۇمىقىم، بىرەر رومكا ئاق هاراق ئىچىپ بولۇپ ئاندىن دېيىشسەك تېخىمۇ ئوبدان بولىدىغۇ دەيمەن.

چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ئۇنىڭ تەلەپپۇزى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئۇ يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا:

— ماڭا يېرىم سائەت ۋاقتىڭىزنى بەرسىڭىزچۇ، — دېدى ـ دە يەنە كۈلدى، — شۇندىن كېيىنلا مەن سىزنى كىتابخانىڭىزغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن.

ئېزابېل قوشۇلدى، چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئۇ دېيىشكەن رېستورانغا باردى، ئۇلار بۇرۇن دائىم مۇشۇ رېستورانغا كېلىپ غىزالىناتتى.

ئالبېرت بالدۇرلا كېلىپ بىر شىرەنى زاكاز قىلىپ ئولتۇرغانىدى. ئېزابېل كەلگەندە ئۇ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېزابېلغا قىزغىنلىق بىلەن قولىنى ئۇزاتتى ۋە قولىنى خېلى ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمىدى.

— قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، ـ دېدى ئالبېرت كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھېس قىلغانلىرىمنى سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز، قارىغاندا ياخشى ئۆتتۈۋاتقاندەك قىلىسىز؟.

— شۇنداق، ـ جاۋاب بەردى ئېزابېل تەددى بىلەن. ئالبېرت يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتى.

— سىز يەنىلا رەت قىلماقچى بولۇۋاتىسىز، لېكىن، ناھايىتى ياخشى ئۆتتۈۋېتىپسىز دېگىنىم تەكەللۇپ ئەمەس، بۇ ئۆزۈمنىڭ تۇيغۇسى، قارىغاندا ھەقىقەتەن ياخشى ئۆتتۈۋېتىپسىز.

ئېزابېل ئولتۇردى. ئالبېرت ئېزابېلدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

— كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى ئۇزۇن بولدىغۇ دەيمەن؟

— ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن كۆرۈشمىدۇق، ـ دېدى ئېزابېل ئاددىيلا جاۋاب بېرىپ، ـ زادى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى سىزمۇ بىلىسىزغۇ؟

— ئىككى يىل، ـ ئالبېرت بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى، — خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا تۇيۇلىدۇ، يەنىلا بىر نەرسە كەلتۈرەيلى، ھازىرمۇ تاماقتىن بۇرۇن بىر رومكا كانشور هارىقى ئىچەمسىز؟

— ھەئە، — دېدى ئۇ ئالبېرت بىلەن بولغان مۇۋازىنەتنى ساقلاپ سوغۇققانلىق بىلەن.

— نېمە دېگەن ياخشى، ـ دېدى ئالبېرت كۈلگەچ، — سىز ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتمىگەن بىلەن، مېنىڭ دائىم ئادىتىمنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغانلىقىم ئېسىڭىزدە باردۇ، مۇشۇمۇ سىزنىڭ مەندىن ئاجرىشىپ كېتىشىڭىزدىكى بىر سەۋەب.

ئېزابېل رەنجىدى:

— سىز مېنى مۇشۇنى دېيىشكە چاقىرتقانمىدىڭىز؟

ئالبېرت ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:

— يوغسۇ، يوغسۇ، ئۆتكەن ئىشلارغا سالىۋات، ـ دېدى كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن، سىزنىڭ بۇلارنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ ئۇ كۆكرىكىگە بوشقىنا مۇشتلاپ قويۇپ، — بۇ سەكراۋاتىدۇ، سىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرگەندە سىزدىن گۇمان، نارازىلىق، رەنجىش ئالامەتلىرىنى سەزدىم ھەمدە كۈچلۈك ھەيرانلىقنىمۇ سەزدىم. بۇلار سىزنىڭ ماڭا بولغان قىزىقىشىڭىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇ مۇلازىمغا قول ئىشارىسى قىلدى:

— ئىككى رومكا كانشور هارىقى، ـ دېدى.

ئېزابېل كۆرۈشۈشتىكى مەقسەتنى سورىغانغا قەدەر يەپ ـ ئىچىشتى. ئالبېرت كەسكىن ھالدا:

— ئالدىڭىزدا تۇرۇپ سىزگە ئورۇنسىز تەلەپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم، ـ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — لېكىن تۇساتتىنلا ئېيتىشقا تىلىم بارمايۋاتىدۇ، ـ ئۇ تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — بىلەمسىز، ئېسىمدە قېلىشىچە بەزى قىلىقلىرىڭىز تېخىمۇ روشەنلىشىۋېتىپتۇ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن دېسەممۇ بولىدۇ، سىز باشقىلارغا باھا بېرەلەيسىز، ھۆكۈمىڭىز توغرا چىقىدۇ، مەيدانىڭىز بار، ئاسانلىقچە ئالدىنىپ قالمايسىز، لېكىن مەن ئوڭايلا ئالدىنىپ كېتىمەن، باشقىلارغا ئوڭايلا ئىشىنىپ كېتىمەن.

— شۇنداق، ـ دېدى ئېزابېل دۇدۇقلاپ.

ئالبېرت چوڭقۇر نەپەسلىنىپ، — ئېزابېل،

مەن توي قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، مېنىڭ، - دېدى ئىگىلىپ تۇرۇپ، ئېزابېلغا قىزغىنلىق بىلەن قاراپ، — ئۆزۈمنىڭ قايتا خاتالاشماسلىقى ئۈچۈن سىزنى ئۇ قىزنى كۆرۈپ باقسۇنمىكىن دېمەكچى ئىدىم ...

ئېزابېل ئېرىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى.

— مېنى نېمە قىل دېمەكچى؟

— بىر قىز بىلەن تونۇشقىلى يېرىم يىل بولغانىدى، مەن سىزنى شۇ قىز بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقسىكەن دەۋاتىمەن، مەن ئۇ قىز بىلەن توي قىلسام توغرا بولامدۇ - بولمامدۇ، شۇنى بىلمەكچىمەن.

— سىز قىلغىنىڭىزنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟

— سىز مېنى چۈشىنىسىز، - دېدى ئالبېرت جىددىيلىشىپ، — سىز مېنىڭ ئاجىزلىقىمنى ئوبدان بىلىسىز، مەن سەزگۈر ھەم گۇمانخور ئادەممەن، بۇ تەرەپنى دېمىسەم بولمايدۇ، سىزنىڭ كۆزىڭىز ھەقىقەتەن ئۆتكۈر، مېنىڭ تەۋەككۈل قىلغان - قىلمىغانلىقىمنى بىلەلەيسىز، ھازىر مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن ھەم قورقىۋاتىمەن. كېچىلىرى دائىم قورقۇپ ئويغىنىمەن، بەدەنلىرىم قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىدۇ.

ئېزابېل كۈلۈپ كەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ھەم قىزىق ھەم كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئالبېرت ئۇنىڭغا خېلى يالۋۇرغاندىن كېيىن ئۇ ھېلىقى قىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇنىدى.

چۈشتىن كېيىن ئېزابېلنىڭ كۆڭلى بىئارامىلىقتا ئۆتتى. كەچ بولغاندا ئۆيدە ھېلىقى قىزنى ساقلىدى. ساقلىغانسېرى ئاچچىقى تېخىمۇ كېلىشكە باشلىدى.

ئىشىك ئاخىرى چېكىلدى. ئېزابېل ئىشىكنى ئېچىۋىدى سۈرەتتەك چىرايلىق بىر قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئېزابېل ئۇ قىزغا تەپسىلىي قاراشقا باشلىۋىدى، ئۇ قىزمۇ ئېزابېلغا قىزىقىش بىلەن نەزەر سالدى.

— ھىم، ھەقىقەتەن چىرايلىقنى قولغا كەلتۈرۈۋاپتۇ - دە، - دەپ ئويلىدى ئېزابېل.

قىز چىرايلىق بولۇپ، تۇرقىدىن ئۆزىگە بەكمۇ ئىشىنىدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى.

— كىرسەم بولامدۇ، - دېدى قىزچاق كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئېزابېلغا قولىنى تەڭلەپ، — ئىسمىم ۋېكتورىيە، ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۆزۈمگە بەش قولدەك ئايان.

— توغرا، - دېدى ئېزابېل، — ئىككىنچى رەپىقە بىرىنچى رەپىقىگە تونۇشلۇق بېرىۋاتىدۇ.

— پۈتۈنلەي توغرا ئەمەس، - دېدى قىزچاق كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن تېخى ئۇنىڭ رەپىقىسى بولغىنىم يوق.

— شۇنىڭ غېمىدىغۇ، كىرىڭ، - دېدى ئېزابېل ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

— ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، - دېدى قىزچاق گەپنى بۇراپ، — مەن ئالبېرتنىڭ ئىككىنچى ئايالى بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. ئالدىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرى، بەزى ئەھۋاللارنى سىزدىن بىلىۋالماقچى بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

— ئالدىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرى؟ - دېدى ئېزابېل تەكرارلاپ ھەيران بولۇپ.

— ئۇ ئەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىدىن باشقا كىممۇ ئوبدان بىلەلەيدۇ دەيسىز، نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزى چوقۇم بىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ - سورىدى ۋېكتورىيە.

— توغرا، توغرا، - دېدى ئېزابېل.

قىز ئېزابېلغا ھەم سەمىمىي ھەم قىزىقىش بىلەن قارايتتى.

—ياش، چىرايلىق، كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئەكسىچە بۇ خىل ھالەت ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئەگەر بىرەرسى مۇشۇ ياشتا خاتالاشسا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ.

— ھەي، - دېدى ئېزابېل، — ئايال كىشىنىڭ ياشانغىنى — قىممىتىنى يوقاتقىنى. سىزمۇ مۇشۇنداق قارامسىز؟

— قىممىتىنى يوقاتامدۇ؟، — دېدى

قىزچاق بىخىرامان ھالدا.

ئېزابىل ئۆزىنى ئاقلاشقا ئورۇندى.

— ھە ... ھە، - دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

— پۈتۈنلەي قىممىتىنى يوقىتىدۇ، - دېدى قىز قايتىلاپ.

— سىزنىڭچە ئاياللار ياشانغاندا قىممىتى قالامدۇ؟

— بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ئېرىڭىزگە تەگسەم خاتالاشمىدىمەن - يوق دېگەننى سىزدىن سورىماقچىمەن.

ئېزابىل چوڭقۇر بىر تىنىدى. قىزچاق ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىغا يول قويمىغاندەك ئارقىمۇ - ئارقا سوئال سوراۋەردى، — نېمە سەۋەبتىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئىدىڭىز؟ ئېرىڭىز ساداقەتسىز، شۇنداقمۇ؟

ئېزابىل بىر رومكا ئاق ھاراق ئىچتى، — سىز ئىچەمسىز؟، — سورىدى قىزچاقتىن.

— ياق، رەھمەت، - دېدى قىزچاق جاۋابەن، — كاللامنى سەگەك تۇتمىسام بولمايدۇ. ئېرىڭىز سىزنى ئالدىغان، شۇنداقمۇ؟

— ئى ... - ئېزابىل دۇدۇقلاپ قالدى، — قانداقتۇر ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس ئىكەن، - دېدى مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئۇلار خۇددى لەپىلدەپ كېلىپ كېتىۋاتقان ...، — ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، — ھەر قانداق ئىزغىرىن شامال كېپىنەكنى ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك ئۇلارمۇ ئۇچۇپ كېتىشكە ئارانلا تۇرىدىكەن. مەيلى قانداق بولۇڭ - پۇچقاقلاردىن چىقىشىدىن قەتئىينەزەر خۇشپۇراقلا بولىدىكەن ئۇلار مەھلىيا بولۇپ قالىدىكەن.

— ئالبېرتنى دەۋاتامسىز؟ - سورىدى قىزچاق.

— ئەلۋەتتە شۇنى دەيمەن - دە، - دېدى ئېزابىل. ئۇ گەپنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەيۋاتاتتى، — ئالبېرتنىڭ ھەۋىسى كۆپ، بۇمۇ ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك. ھەۋەسسىز ئادەم ئۆلگەن بىلەن ئوخشاش دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇنداق ئادەم بىلەن بىرگە ياشاش نەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئالبېرتنىڭ قىزىقىشى كۆپ بولغاچقىمىكىن، ئۇ دائىم كىشىنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان ئىشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. ھەر قانداق ئايال ئۇنىڭ ئۈچۈن تەۋەككۇلچىلىكتىن، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى خىرىستىن ئىبارەت خالاس.

قىزچاق ئېزابىلغا تىكىلىپ تۇرۇپ، قەتئىيلىك بىلەن.

— لېكىن ئۇ سىزنى ئالدىدىغۇ؟ - دېدى.

— ھە، - ئېزابىلنىڭ ئاچچىقى كەلدى، - مەن سىزگە ئەر كىشىنىڭ قورچاقتەك ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي، - ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى، — ئۇ دائىم يامان يولغا ماڭىدۇ، - دېدى ئۇ قىرغىنلىق بىلەن، — ئەر كىشى ياپراققا ئوخشاش، ئازراق شامال چىقسىلا مىدىرلاپ قويۇپ توختاپ قالىدۇ.

— ئۇنداقتا، سىز ئاڭلاپ ... - قىزچاق ھاڭۋاقىقىنىچە قاراپ قالدى.

— ھورۇنلۇقىدىن ئۆيدىن سىرتقا چىقماي ياتىدىغان ئەرلەرمۇ بار، - دېدى ئېزابىل رەنجىپ.

— ئالبېرت ئۇنداقلاردىن ئەمەستۇ؟

— ياق، - دېدى ئېزابىل كەسكىن ھالدا، يېنىك تىنىپ، — ئۇنداق ئەمەس.

— ئۇنداقتا، ئۇ شەخسىيەتچىمۇ؟

— توغرا، دەل شۇنداق، - دېدى ئېزابىل، -ئۇ بىر قىزىقنىڭ ئالەم مەركىزى مەسىلىسىگە دەرھاللا جاۋاب بېرەلەيدۇ، مانا بۇ ئالبېرتنىڭ خاراكتېرى بولۇپ، مۇشۇلا ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، گەپ - سۆزلىرى ۋە ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولۇپ چىقىدۇ.

— ئۇ ئالەمنىڭ مەركىزىمۇ؟ - قىزچاق دېمەكچى بولغانلىرىنى ئاۋۋال دەۋالدى.

— ئالەم مەركىزىنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن بۆلۈشۈۋالغان، - دېدى ئېزابىل دۇدۇقلىغان ھالدا مۈرىسىنى چىقىرىپ، — لېكىن، مانا شۇ قاراشلار ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى بولۇپ قالغان. ئۇ مۇشۇلاردىن ئىنتايىن مەمنۇن.

— باشقىلارغىمۇ، سىزگىمۇ زىيان سالىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ماڭىمۇ زىيان سالغۇدەك بولدى، كۆپ رەھمەت.

ئېزابېل بۇ قىزدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئۇ، — شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، مەن ئىش تۈگىگەندىن كېيىن شۇنى ئويلىدىمكى، دۇنيادىكى مەلۇم كىشىلەر مەمنۇن بولىدۇ. بۇ بەكمۇ بەلەن بولدى، مەيلى قانداق سەۋەبتىن بولمىسۇن، بۇ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، بۇ دۇنيادىكى مەمنۇن بولغانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋېلىشقا چوقۇم ياردىمى بولىدۇ، — دېدى. ئېزابېل يەنە بىر رومكا هاراق ئىچتى. قىزچاق ئېزابېلنىڭ جاۋابىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ، «رەھمەت» دېدى ـ دە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

قىزچاق ئويغا پاتقان ھالدا پەلەمپەيدىن چۈشتى. ئۇنىڭ خىيالى چېچىلغانىدى.

ئۇ بىنا ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان پىكاپقا يېقىنلاشتى. ئالبېرت پىكاپ ئىچىدە ئۇنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. قىز پىكاپقا چىقتى.

— قانداقراق؟ — سورىدى ئالبېرت.

— چىقساڭ بولىدىكەن، ئېنىقكى ئۇ هازىرمۇ سېنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرىدىكەن.

ئالبېرت ناھايىتى ھۇزۇرلۇق بىرنى تىندى ـ دە، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

ئۇ پىكاپتىن چۈشۈپ بىناغا قاراپ ماڭدى، پەلەمپەيدىن تېزلىك بىلەن چىقتى ـ دە، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى.

— هەي، ئۇمىقىم، ـ دېدى ئالبېرت ئىشىكنى ئاچقان ئېزابېلغا قاراپ.

— بىلەمسىز، پەستە پىكاپتا ساقلاپ تۇردۇم. ۋېكتورىيە بىنادىن چىققاندا ئۇنىڭ هۆكۈمىنى ئاڭلىماقچى ئىدىم. مەندىمۇ باشقا چارە يوق دەڭا.

ئېزابېل ئويلانغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ هەم تەشنا بولۇۋاتقاندەك ھەمدە رەنجىگەندەك قىلاتتى.

ئالبېرت ئۆيگە كىرىپلا تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى.

— بىر قانچە پارچە يېڭى رەسىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرى شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. هاراق ئىچتىڭىزمۇ؟، مەنمۇ بىر رومكا ئىچسەم بولامدۇ؟ مەنمۇ بۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمىدىم، هاياجانلانغاندا گېلىم قۇرۇپ كېتىدۇ.

ئېزابېل ئالبېرتقا قارىدى. ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ كۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇراتتى، قوللىرى تىترەيتتى.

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئۇ ھېلىقى قىزغا دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، دەرھاللا: — ئۇ قىزنى ھەرگىز ئالمايمەنغۇ دەيمەن، ـ دېدى. ئالبېرت ئوڭايسىزلانغان ھالدا بىرنى يۆتىلىپ قويدى ۋە — ئالغۇم يوقمىكەن؟

— چارىڭىز جايىدىغۇ، دېمەكچىمەنكى، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىڭىز يۇقىرى ئىكەن، ئۇ قىزنى نېمە دەپ ئەۋەتتىڭىز؟

— نېمە دەپ ئەۋەتتىڭىز؟

— مۇھەببەتمىگە ئېرىشمەكچىغۇ؟ ئەگەر باشقا ئۇسۇل قوللانغان بولسىڭىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— قانداق، ئېرىشەلىدىممۇ؟، ـ سورىدى ئالبېرت هاسىراپ تۇرۇپ.

— ئۇ زادى نېمە دېدى؟

— ئۇ سېنى ئاۋۋالقىدەكلا ياخشى كۆرىدىكەن، دېدى.

هە ...! ، توغرا دەپتۇ، — دېدى ئېزابېل هەم رەنجىگەندەك هەم ئەركىلىگەندەك قىلىپ.

ئالبېرت غالىپلارچە كۈلۈمسىرىدى.

— ئۇمىقىم، پىكاپتا چامادانلىرىم قالغانىدى.

( «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى).

**ئەلى روزىمۇھەممەت تەرجىمىسى**

**تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز**

تۇراپ ھېيت (دەۋرانى)

# ئىككى شېئىر

## تەنھا بەخت تىرىلگەن جايغا

چۈشلىرىمدەك ئاپئاق ھېسسىمدىن،
تۇغۇلماقتا يېڭى خىياللار.
چىرماپ كېلەر مەنزىللىرىمنى،
ھىجران گۈلى ئۈپكەن شامالالار.

مەنزىلى يوق كونا مۇقامغا،
ئېچىرقايدۇ يۇمران لەۋلىرىم.
ۋىسال كەبى چاچرىغان ئوتتىن،
تىترىمەكتە كۆيۈك تەنلىرىم.

ماڭماقتىمەن ئۈپۈققا تەنھا،
يۈرۈكۈمدىن تۇغۇلغان يولدا.
كەتكۈم كېلەر پىلانت ھالقىپ،
تەنھا بەخت تىرىلگەن جايغا.

يىراقلاردىن چىللايدۇ ئىزگۈ،
تەنھالىقتىن تۇغۇلغان ھەسرەت.
خوش ئەبەدى ياڭزار كۈيلىرى،
يۈرۈگۈمنى چەكمەكتە تاقەت.

## ئىلتىجا

سىڭىشمەكتە جۈپ - جۈپ گەۋدىلەر،
ئاي يوقالغان قارا كېچىدە.
ئىزگۈلەردىن ياڭرايدۇ ناخشا،
نىگار قالغان كەپە ئىچىدە.

تەنھالىقتىن تۇغۇلغان يولدا،
مۇڭلىنىدۇ سەرسان ئىزلىرىم.

تاش ھەيكەلگە تىڭىنىپ ئۇنسىز،
سۆيگۈ تىلەر تەنھا ھېسلىرىم.

يەم قىلمىغىن خىياللىرىمنى،
قارا تۇلپار مىنگەن زاۋالغا.
كۆللىرىڭنى سۇدىن جۇدا قىپ،
بېلىقىمنى قويما ئۇۋالغا.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ھاۋاخان ئەخمەت

# ئىككى شېئىر

## ئاشىقىمغا خەت

ئايرىلىشنى ئويلاپ باقمىدىم،
ئېرىشىشنى قىلمايمەن نىيەت.
«سەن يېنىمدا بارغۇ» دەپ بېلەي،
كېتىپ قالساڭ «خوش!» دېمەيلا كەت.

چۈشلىرىمگە كىرىۋال مەيلى،
سەھەر سېنى ئۇنتۇشۇم ئېنىق.
يۈرۈكۈمدە پىلىلدار بىر شام،
بىلەمسەنكىن ئۇ مەڭگۈ يېنىق.

سىردىشىمسەن، دىلكەشىمسەن راست،
تەن ئالىمەن مەن ساڭا ئامراق.

قەلبىمدە بار ئەلڭ ئالىي مېھىر،
بىر نەرسە كەم - مۇھەببەت، بىراق.

مۇڭلانمىدىم ئەسلا سەن ئۈچۈن،
بېرىپ يۈرمە تەسەللىي ماڭا.
تۇرالمايمەن يېنىڭدا ئۇزاق،
ئىنتىلگىنىم باشقا بىر دۇنيا.

كۈتمەس مېنى ئۇجايدا ھېچكىم،
بارغۇم كېلىپ تۇرىدۇ لېكىن!
بەلكىم شۇنداق ياشاپ قالارمەن،
شېئىرلىرىمنى كۆتىرىپ غەمكىن.

## ماۋزۇسىز

مېنى ئىزدەپ كەلسەڭ ناۋادا،
هاياتىمدا بولدۇ بوسۇش.
تېگىرقايمەن ئالدىڭدا ئۇزاق،
كۆزلىرىمدە ئاۋغۇستتىكى چۈش.

باشلىغۇدەك يېرىم يوق ئەستا،
بۇ جاي ساڭا كەلمەسمىكىن ماس.
باشلامدىمەن يۈرىكىمگىلا؟
قېنى جېنىم مەغرۇر قەدەم باس.

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

پىدائى

## رۇبائىلار

1

دات باسقان روھىمنى بىلەيمەن ھەر كۈن،
پۈكۈلگەن قەددىمنى يۆلەيمەن ھەر كۈن.
ئەقىدەم ۋىجدانەن قوبۇل بولسۇن دەپ،
تەنھالىق ئىلكىدە تىلەيمەن ھەر كۈن

2

روھىمنى سورىما، دوست، روھىم يوق، ئۆلگەن،
ماتەمدە ياش تۆكمەي، خۇش بولۇپ كۈلگەن.
ئۆزەمنى بىلمەيمەن شۇ كۈندىن بېرى،
چۈنكى مەن شۇ تەقدىر - قىسمەتكە كۆنگەن.

3

ئۆزۈمنى ماختىدىم، كۆككە ھالقىدىم،
بىر مەھەل چولپاندەك ياندىم - بالقىدىم.
يەكۈن شۇ، ئاخىرى بىر موللاق ئېتىپ،
ئىرالار دەۋرىگە قايتتىم، قاڭقىدىم.

4

ئاچ قالسام ھېچگەپ يوق، نان ساتسام مەيلى،
ياكى بىر نان ئۈچۈن قان ساتسام مەيلى.
نومۇسقا قالغاندىن ۋىجداننى سېتىپ،
ھاياتتىن ۋاز كېچىپ جان ساتسام مەيلى.

5

ئەجداتلار روھىدا تاۋلاندىم - ياندىم،
شۆھرىتى - جامىدىن مەي ئىچىپ قاندىم.
ئەۋۋالا شادلاندىم، كېيىن مەستلىكتە،
ھەممىدىن، ھەتتاكى ئۆزۈمدىن تاندىم.

6

مەن ئۈچۈن ياستۇقتۇر «بىلىك» ھەم «دىۋان»،
ئۇيقۇنىڭ دېڭىزى شۇنچە بىپايان.
ئويغاتسا كىم مېنى، قاغايمەن شۇنى،
غاپىللىق ئىلكىدە بىلىنمەس زىيان.

7

سورىدىم بىر كۈنى سەندىن: — سەن نېمە؟،
يىل ئۆتۈپ، سەن دېدىڭ، — ئېيت، مەن نېمە؟
بىر ئەسىر ئويلاندىم، دېدىم، ئاخىرى،
ئەمەسمىز ئىككىمىز ھېچكىم، ھېچنىمە.

8

ئۇخلىدىڭ غەپلەتتە سەندىن نە ھاسىل،
مەي ئىچتىم، مەستلىكتە مەندىن نە ھاسىل.
روھىمىز ئۆلۈپتۇ، بىلمەي ياشاپتۇق،
ئەسلىدە روھى يوق تەندىن نە ھاسىل؟.

9

دوست ئىدۇق جانىمىزنى ئاياشمايدىغان،
مېنىڭ دەپ، سېنىڭ دەپ تالاشمايدىغان.
ناھەتكى، ئات مىندىڭ، مەن ھەم پىيادە،
شۇ سەۋەب بولدۇق بىز قاراشمايدىغان.

10

يارالدىم مۇلايىم، رايىش بىر ئىنسان،
يوق مەندە ئىرادە، يول ياكى نىشان.
شامالدا پىرقىراپ يۈرۈيمەن دائىم،
قاي تەرەپ ئالدىم شۇ، يولۇمىز شۇيان.

11

چاقىرسا ئېتىم يوق، تۇتسا سېپىم يوق،
لەگلەكمەن، لەيلەيمەن، تانام - يىپىم يوق.
تۇرقۇمىز ماڭقۇرتقا ئوخشايدۇ شۇڭا،
ئەيلىسە، چەيلىسە ھەرگىز گېپىم يوق.

12

ئۇخلايمەن، ئىنسانلىق كامالىتىم شۇ،
سۇ بىلەن نان بولسا — سائادىتىم شۇ.
شۈكرىگە تەسەددۇق ئىخلاس - ئەقىدەم،
شۈكرىدىن ئايرىلسام جاھالىتىم شۇ.

13

ئاجرالغان نۇقتىدا روھ بىلەن تېنىم،
شۇ نۇقتا ئىدى بىر گۈزەل ۋەتىنىم.
روھ بىلەن تېنىمنى ئەشۇ ۋەتەنگە،
جەم قىلىش يولىدا تاپمايمەن تىنىم.

14

كۆڭۈل — ئۇ ئىنساننىڭ سۇلتانى - شاھى،
شەيتاننىڭ شەررىدىن كۆپتۇر گۇناھى.
شەيتاننى بىر قىلىپ ياراتسا خۇدا،
ھەر ئىنسان بىر شەيتان بولىدۇ گاھى.

15

مەن بىر توپ، تېپىدۇ پۇتبولچى - تەقدىر،
دۇمىلاپ يۈرۈيمەن ھەر يانغا بىر - بىر.
تەپكەنگە يېرىلماي كەلدىم، ۋە لېكىن،
پۇتبولچى جامۇ ھېچ بىلمىدىم، بۇ — سىر.

16

ھالاللىق بىر سېنىڭ بولسا نېمە غەم،
ئۆزۈڭنى شاھتىنمۇ چاغلا مۆھتەرەم.
ۋىجدانىڭ قىلمىسا ئىنسانلارغا زار،
خۇداغا يارايسەن، خەلقىڭگىمۇ ھەم.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

تۇرسۇنگۈل نىياز

## دوستلارغا سالام

نەغمە - ناۋا مەشرىپى، ناز كەرىشمە تولغىشى،
بار كۆلكىسى - يىغىسى ئولتۇرۇشتا - بەزمىدە.
ھېچ ئۇيالماس، ئويلىماس كىملەر سۆزى، كىم ئۆزى،
ئۆتتى كۈنلەر شاش شۇنداق، ھېيت - بايرامدەك نەزمىدە.

ياشلىق ئۆزى، گۈل يۈزى ئاي - چولپاندەك پارلىغان،
ئۆمۈر دېگەن چەكلىكقۇ، بىز ھەم كېلىپ - كەتكۈچى.
قالسا ئىزلار بىزلەردىن، چوغلۇق بولسا - پارلىسا،
قەلبى ئاتەش بوپ يېنىپ، ئەۋلاد بىزنى ئويلىسا.

ياز غۇبارسىز ساپ بولسا، قىشمۇ بارغۇ بىر يىلدا،
ئەتىيازدا شۇۋرىغان، كۈزدە ياپراق نالىسى.
مەن دېمىدىم ياكى ئۇ تاشلا ئويۇن كۈلكىنى،
قېرىغاندا قالمىسۇن دىلدا ئارمان يارىسى.

مەيلى بولغىن سەن بالا ياكى ئاتا ھەم ئانا،
قىلغان - ئەتكەن ئىشىڭنى كۈندە ئويلا ھەم سانا.
ياخشىلىقنى ئەيلىمەك بىزگە پەرھىز ھەم سۈننەت،
شۇنچە تاتلىق ماكاندا ياشىدىڭغۇ سەن مانا.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئەنۋەر توختى

## دېھقان سۈرىتى

ماڭلىيىدىن ئېقىپ تۆرغان تەر،
ئەسلىتىدۇ سىم - سىم يامغۇرنى.
چىرايىغا ئىز سالغان قورۇق،
سۆزلەپ تۇرار ئۇزاق كەچمىشنى.

كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇرلار،
زېمىن ئۇچۇن ئەبەدىي بىزدەك.

ھەر قەدىمى گۈلۈستانلىق يول،
ئاينىپ تۇرغان كەبى گۈل - چېچەك.

دېمەككى ئۇ، بىر خالىس يۈرەك،
ئانا يەرگە مېھرىنى ياققان.
دېھقان — ئۇ بىر خېزىردۇر، ئەلگە،
بەختىيارلىق تونىنى ياپقان.

تەھرىري: مەتسېلىم مەتقاسىم

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

# ئەھمەتشاھ قاراقاشىنىڭ «پۇل» ناملىق ھەجۋىي ئەسىرى

XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراقاشتا ياشاپ ئىجاد ئېتىپ، ئۆزىنىڭ قويۇق ساتىرىك خۇسۇسىيەتكە، يۇقىرى تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە، شەكلى ئۆزگىچە ئەسەرلىرى بىلەن كىلاسسىك ساتىرا ئەدەبىياتىمىزنىڭ رىۋاجىغا مەزمۇت ئۇل قويغان ھۆرمەتلىك قەلەم ساھىبى ئەھمەتشاھ قاراقاش (1740 — 1828) ئۆزىنىڭ «سالامنامە ‹ئات قىسسىسى›»، «مېۋىلەر ۋەسفى» قاتارلىق داڭلىق ساتىرالىرى بىلەن ھەممىمىزگە تونۇشلۇق.

بىراق، ئۇز ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى ئىلمىي، ئىجادىي مەشغۇلات بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ زاتى مۇبارەكنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى تېخى بىزگە مەلۇم ئەمەس. بۇ خۇسۇستىكى ئىزدىنىش ھېلھەم داۋام قىلماقتا. كەمىنە ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن ئەجداتلارنىڭ ئىزىنى ئىزدەشكە ھەۋەسلىنىپ، شۇ يولدا ئىمىسقلاپ كېلىۋاتقان بىر ھەۋەسكار بولۇش سۈپىتىم بىلەن خېلىدىن بېرى بۇ ھەقتە ئىزدىنىشتە بولۇپ كېلىۋاتىمەن. دەرھەقىقەت، ھەرىكەتنىڭ بەرىكىتى بار ئىكەن، ئىزدىنىش داۋامىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئەھمەتشاھ قاراقاشنىڭ جايلاردىكى كۇتۇپپارايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم ئەسەرلىرى ھەققىدە ئاز بولسىمۇ، مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشتىم (بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەشھۇر ساتىرىك شائىر ئەھمەتشاھ قاراقاش ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى» دېگەن ماقالىدە يېزىلغان).

ھاسىل كالام، بۇ قېتىم يەنە ئەھمەتشاھ قاراقاش ئەسەرلىرى قولىيازمىسىنىڭ ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، ھازىر روسىيىنىڭ لېنىنگراد (ھازىر سان پېتربورگ دەپ ئاتىلىدۇ) ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە شائىرنىڭ بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلغان بىر پارچە ساتىرىك نەزمىنى ئۇچراتتىم.

بۇ، 1997 - يىلى ئەتىياز ئايلىرىدا بۇرادەرلىرىمدىن بىرسى بولمىش ياش مۇئەللىم مۇھەممەتتوختى كۆرۈۋېلىشقا بەرگەن ئۆزىنىڭ ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى مەرھۇم ئاقىل ئاخۇندىن قالغان بىر قىسىم كونا كىتابلار، قولىيازمىلار ئارىسىدا ساقلانغان، خوتەن قەغىزىگە ئارۇز ئىلمىنىڭ غەزەل شەكلىدە يېزىلغان، «پۇلنىڭ نەزمىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان 36 بېيىتلىق بىر پارچە ساتىرىك نەزمىدىن ئىبارەت.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ مەرھۇم ئاقىل ئاخۇن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن، مەلۇم بىر دىنىي كىتابنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈپ قويۇلغانلىقىنى بىلگەن بولسامۇ، بىراق ئاقىل ئاخۇن 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن قايسى مەنبەدىن، قاچان كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بېكىتىش مۇمكىن بولمىدى.

«پۇلنىڭ نەزمىسى» نامىدا ئاتالغان بۇ ئەسەر مىسرالارنى بىرىنىڭ ئاخىرىغا بىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ قارا سىياھ بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، مىسرالار ئارىسى قىزىل قەلەم بىلەن «○» بەلگىسى ئارقىلىق ئايرىلغان. 7 - مىسرا ئاخىرىدىكى «○» بەلگىسى ئىچىگە كۆك سىياھ بىلەن «عاقيل اخون» دېگەن كۆچۈرگۈچى ئىسمى يېزىپ قويۇلغان.

مەلۇمكى، ئەھمەتشاھ قاراقاشنىڭ ھاياتى ھەققىدە بۇرۇن ئىزدىنىشتە بولغانلار شائىرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەرھۇم ئابدۇقادىر ئاخۇننىڭ ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن، مۇئەللىپنىڭ «سالامنامە» دىن باشقا يەنە «پۇل»، «شاھ پولو»، «مېۋىلەر جېدىلى»، «دوگغاق»، «ھەزرەت» قاتارلىق ھەجۋى ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

ئادەملەر ئارىسىدىكى ئاچكۆزلۈك، ئىنساپسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، ئىتتىپاقسىزلىق ... تەك پەسكەش، رەزىل ئىللەتلەر پۇلنى كىنايە قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق كۈچلۈك نەپرەت قامچىسى بىلەن قامچىلانغان، قويۇق، ھەجۋى خۇسۇسىيەتكە، چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئەسەرنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «پۇل» دېگەن ئەسەرنىڭ ئۆزى شۇ دېگەن قاراشتىمەن.

ئەپسۇسكى غەزەلنىڭ بەزى مىسرالاردا ۋەزىن، قاپىيىلەر قىسمەن بۇزۇلغان، ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىدا ئىككى مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان. بۇ بەلكىم كۆچۈرگۈچىنىڭ سەۋەنلىكى بولۇشى مۇمكىن.

تۆۋەندە بۇ ئەسەرنى كىتابخانلارنىڭ نەزىرىگە سۇندۇم. مەزكۇر تېمىغا قىزىققۇچىلارنىڭ پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

**كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن**

# فۇلنىڭ نەزمىسى

يارەب خەزانىڭ ئىچرە باردۇر تولا فۇل،
بەرگەنگە بولماغاي كەم ئەسلىدە كىميا فول.
دۇنيانى خەلق ئېتىبسەن مەخلۇق ئۈچۈن ۋەگەرنە،
سەن بارچەدىن مۇنەززەھ هاجەت ئىمەس ساڭا فۇل.
هەم كائىناتلاردە هەم دەشتى تاغلاردە،
دەريايى باغلاردا مەجنۇندۇر ساڭا فۇل.
گاهى كېلۇر مۇشەققەت، گاهى كېلۇر فەراغەت،
قىلماي كىشىگە خىزمەت هېچيەردە يوق ساڭا بىكا فۇل.
قۇرئان بەردى خەبەرنى «كۇلۇ ۋەشرىبۇ ①» دەپ،
«لاتەسەرفۇ ②» نى كۆرمەي قىلدى مېنى گەدا فۇل.
موللا ئالىم ئوقۇپ يەر، قاغۇ - قۇزغۇن چوقۇپ يەر،
ۋائىز - شائىر گەپ - سۆز قىلىپ ئالا فۇل.
كىفىشىمدە يوقتۇر دەرەفشە تەگمەگەن يەر،
مەسھەمنى چىرمەلايالماي هەر كۇنلۇكى ياما فۇل.
دۇنيا ئۈچۈن غەم يېمە، تەۋەككەلنى قىل خۇداغە،
ۋاهىد خۇدا خەزىنەسىدە باردۇر ئەجەپ تولا فۇل.
ئەي سائىلكىم هەمىشە خورجۇندە نە تىلەرسەن،
ئىشەك، تاغار ئېلىپ كەل يۈكلەپ بېرەي ساڭا فۇل.
ئاتا - ئانالىغ ئەرنىڭ كۆڭلىدە فۇل - غەمى يوق،
ئۆلۇم - يېتىم يەتسەلەر لازىم بولۇر ساڭا فۇل.
ئاتا - ئاناڭ ۋاقتىدا دۇئاسىنى كۆپ ئالساڭ،
دۆلەت قاچىپ قۇتۇلماس بارىپ شۇندا تۇرا فۇل.
ئاتا - ئانا رەھمىتى كۆپ بەركەتدۇر بالاغە،
قارغىش قافى سەن بولساڭ قاچىپ كېتەر نېرى فۇل.
ياخشى ئادەم بالىسى بۇزۇلۇپ دوزر بولسە،
قانچە قوغلاپ باقسەلار كۆرمەسكە سېلىپ تۇرا فۇل.
بەد ئەسلىدۇر بەتنىزىسى دۇنيا بىلەن هەمىشە،
كىم ئىگەسى ئۇنۇتسە شۇڭا تۇققان بۇلا فۇل.
«ئاللاھ» دېگەن بەندەنىڭ يانچۇقىدا بىر فول يوق،
يۈزنى يۇماس فاسىقنىڭ يانچۇقىدا تولا فۇل.
يېقىن بولسە دۇشمەننى، كۆرمەس بولسە تۇققاننى،
يات بىرو ئادەمنى يېقىن تۇققان قىلا فۇل.
بىر - ئىككى فۇل بولماسە قەراڭغۇدۇر مەسچىدلەر،
مەكروھ بولۇر شام - خۇفتەن دەركار ئىكەن رەسا فۇل.
ئۆتنە - بېرىم بەرمىسە بىر كۇن لازىم بولۇر دەپ،
ئۆيدە يىغىپ ساقلاسە دوستنى دۇشمەن قىلا فۇل.

يامولدىكى لويىلەر فۇل دەپ ئامبال بۇلادۇر،
نىچە قىسمى ئات قويۇپ، ئەلنى ئۇرۇپ ئالا فۇل.
خۇدانى سېلىپ ئاراغە بىر فۇل تىلەسە قەلەندەر،
بىر فۇل ئەگەر بەرمەسە تىللاتقان يۈزى قارافۇل.
خەلايىق بارسە بازارغە، تەۋافغە بارسە مەزارغە،
شەيخ - جارۇپكەشلەر داشقە قوي دەپ ئالا فۇل.
كىشى بىر ئۆي تۇتاي دەپ بىر خاتوننى ئالسەلەر،
خۇدايىم خوش بەردى دەپ سەر - چىراققە ئالا فۇل.
فۇلى بولماسە شۇل ئەرنىڭ كۆزىگە ئۇز كۆرۈنمەس،
جىگدە قېقىپ يېگىل دەپ يالڭاچلاپ قويا فۇل.
ئاغا - ئىنىگە هەم فۇل بولسە، تۇققانغە هەم فۇل بولسە،
ئەمەلدارغا هەم فۇل بولسە شۇنداغ ئوبدان قىلا فۇل.
قىنغ بولماسە يەر ئەسكى، فۇل يوقىدىن ئەر ئەسكى،
جەلاپ خوتۇنغە ئوخشاش مېھرى ئىسسىغ كوچەن فۇل.
③..........................................
دېھقان بولسەمۇ فۇل لازىم، توججارغىمۇ فۇل لازىم،
مۇللاغىمۇ فۇل لازىم غەفلەت ئىچرە قويا فۇل.
ئاغرىق بولسە بىر ئادەم تېبىب قاشىغە بارسە،
دارۇ قىلماسەڭ ئۆلەرسەن دەپ قورقۇتۇپ ئالا فۇل.
دارۇ كېلىشمەي كېسەلگە ئاخىر ئۆلۈپ كەتسەلەر،
ئون بەش - يىگىرمە موللا ئىسقات كىرىپ ئالا فۇل.
ئىسقات فۇلى تالاشىپ، نىچە موللا سوقاشىپ،
بالا - بارقە هەممەنى بىر تەڭ قويا شورلۇق فۇل.
قۇرئان ئوقۇر بىر كىشى مۇردە بىلەن ئىشى يوق،
مىراسخورلەر بارچەسى دۇنيا بىلەن قالا فۇل.
قازان، چۆگۈن، بۇقۇرسى هەممەسىنى ساناغاي،
كىگىز، بىسات، زىلچە گىلەم قالغۇسى بورىيا فۇل.
بىر - بىرىگە قېنىشماي مىراسخورلەر ئىچىندە،
ئاتا - ئوغۇل، ئانا - قىز يامان قىلىپ قويا فۇل.
ئارادىن قوفۇپ بىرسى دورغە ئەكەلگەلى بارۇرلەر،
باشلاپ دورغە كەلسەلەر تۈشكۈن بەر دەپ ئالا فۇل.
دۇنياسىنى هېسابلاپ، يەرلەرىنى تىزىملاپ،
شۇنداق تەگشەپ بەردىم دەپ خىزمىتىگە ئالا فۇل.
بارنى - يوقنى ئۆلەشكەي ئۇرۇغ - تۇققاندىن دەپ،
بۆلەك كىشىنىڭ قولىغە ئۆتۈپ ئارام ئالا فۇل.

تەھرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

---

ئىزاهات: ①كۇلۇۋەشرىبۇ — يېيىش، ئىچىش
②لاتەسەرفۇ — ئىسراپ قىلماڭلار
③بۇ يەردىكى مىسرا كۆچۈرۈلمىگەن.

# مۇنەۋۋەر كارخانىچى، مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى مۇھەببەت مەتتۇرسۇن يېزا - بازار كارخانا ئىسلاھاتىدا تۆھپە ياراتماقتا

ياش كارخانىچى مۇھەببەت مەتتۇرسۇن 1982 - يىلى چىرا ناھىيە دامكۇ يېزىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ مەسئۇللىقىغا بىراقلا ئۆستۈرۈلدۇ.


بۇ ۋەزىپە ئەمدىلا ئىشچىلىقتىن ئۆستۈرۈلگەن بۇ كارخانىچىدا «ئىككىلىنىش ۋە ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن» دېگەن غەم - ئەندىشىنى پەيدا قىلدۇ. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، يېزىلىق پارتكوم رەھبەرلىرى ۋە ئۇنىڭ دوست - يارانلىرى ئۇنىڭغا ئۆزىگە ئىشىنىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ مەدەت بېرىدۇ.

پارتىيىنىڭ يېزا - بازار كارخانا ئىسلاھاتى ھەققىدىكى سىياسەتلەر ۋە باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر قانداق ئىشقا ئەستايىدىل بولۇپ ئادەتلەنگەن مۇھەببەت مەتتۇرسۇندا ئىككىلىنىش، قورقۇش ئورنىغا ئىشەنچ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىزدىنىش روھى پەيدا بولىدۇ.

ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى كارخانىچىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، دادىل ئىش باشلايدۇ. نەتىجىدە خېلىلا قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان كارخانىنى 1990 - يىلدىن باشلاپ پايدا كۆرىدىغان كارخانىغا ئايلاندۇرىدۇ، يېزىغا پايدىنى ۋاقتىدا تاپشۇرىدۇ. 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كونا قەرزنى تۆلەپ قايتۇرىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ بېرىلمەي قالغان 5 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇلىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالماي، ساناتونىيىگە، نامرات ئائىلىلەرگە 15 مىڭ 600 يۈەن ئىئانە بېرىپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزىدۇ، ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. قىرىلار ساناتورىيىسىنىڭ 600 پىڭپاڭ يېرىگە سېمونت ياتقۇزۇپ بېرىدۇ.


ئۇ يەنە مائارىپنىڭ زامانىۋىلىشىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك رولىنى تونۇپ يېتىپ، يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىگە 36 پىڭپاڭ ھەجىمدىكى ئىشخانا (12 مىڭ 300 يۈەن قىممىتىدە)، ئوتتۇرا مەكتەپكە 90 پىڭپاڭ ھەجىمدە بىر قىرائەتخانا (36 مىڭ يۈەن قىممىتىدە) نى ھەقسىز سېلىپ بېرىدۇ. 10 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەدبىرچانلىقى، جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە 1998 - يىلى كارخانىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 450 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، دۆلەتكە 12 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرىدۇ. بۇ نەتىجىلەر كىچىككىنە بىر يېزىغا نىسبەتەن سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بۇ كارخانا مۇھەببەت مەتتۇرسۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە 245 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئايلانما مەبلىغى بار، تېخنىك خادىملىرى، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، تەشكىلىي ئاپپاراتى مۇكەممەل بولغان، كۆنسىرى روناق تېپىۋاتقان كارخانا بولۇپ قالماقتا.



◀ مۇھەببەت مەتتۇرسۇن ئىشلەپ-
چىقارغان ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتىنى
تەكشۈرمەكتە




◀ مۇھەببەت مەتتۇرسۇن نامرات دېھ-
قان خالىم ئاخۇن تەلپەككە ھەقسىز سې-
لىپ بەرگەن ئۆي




◀ مۇھەببەت مەتتۇرسۇن دامكو
يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە ھەقسىز
سېلىپ بەرگەن قىرائەتخانا

# دامىكودىكى مۇنەۋۋەر كارخانىچى، مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى مۇھەببەت مەتتۇرسۇن



◄ مۇھەببەت مەتتۇرسۇن
كارخانا باشقۇرۇشتا ئۇچۇرغا،
يېڭىلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ



► مۇھەببەت مەتتۇرسۇن
قۇرۇلۇش مەيدانىدا مەشغۇلاتقا
يېتەكچىلىك قىلماقتا



◄ كارخانا مەسئۇللىرى
دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇپ
كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر-
لىكتە مۇزاكىرە قىلىدۇ